مەتتىمىن يۇسۇپ

# ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن پارچە

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔学研究拾零:维吾尔文/买买提明编著. -北京:民族出版社,2000.7

ISBN 7-105-04047-5

Ⅰ.维… Ⅱ.买… Ⅲ.维吾尔族-民族学-文集-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K281.5-53

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第39976号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号 邮编100013)
民族出版社微机照排 迪鑫印刷厂印刷
各地新华书店经销
2000年7月第1版 2000年7月北京第1次印刷
开本:850×1168毫米 1/32 印张:11.125
印数:0001-2000册 定价:20.00元



مەتمن یۆسۆپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



1994-يىل 8-ئايدا، ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن يىغىن ئېچىپ، ش ئۇ ئا ر قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا ئاتاپ 30 كىتاب چىقىرىشنى ۋە راسخوت مەسىلىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى.



مەمتىمىن يۇسۇپ 1994-يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنى ئۈرۈمچىدە مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەنتەنىلىك ئېچىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.



1989-يىلى قەشقەردە ئېچىلغان 2-قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پەيلاسوپ شىڭ بېنسى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى تەسىرى توغرىسىدا سۆزلىگەن.



مەمتىمىن يۈسۈپ 1993-يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق «قۇدتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پروفېسسورى گور ئوغلى قاتارلىق چەت ئەل ئالىملىرى بىلەن بىللە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەتمىن يۈسۈپ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى نەشرگە تەييارلاش يىغىنىدا ئەخمەت زىيائى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ليۇجىشاۋ، ئابدۇشۈكۈر تۇردى قاتارلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئەسەرنىڭ نەزمىي يەشمىسىنى پىكىتمەكتە.



1986_يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مەتمىن يۈسۈپ ‹‹ قۇتادغۇ بىلىك› نىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇدى.



1998-يىل 10-ئاينىڭ 29-
كۈنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن-
لەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو ئاز
سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە-
سى، تارىخى تەتقىقات ئىلمىي
جەمئىيىتى ھەر مىللەت ئا-
لىم مۇتەخەسسىسلىرىنى يە-
ﻏﯩﭗ قەشقەردە يىغىن ئېچىپ،
«قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنى
21-ئەسىرگە يۈزلەندۈرۈش مە-
سىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى.



1998-يىل 10-ئايدا،
مەمتىمىن يۇسۇپ ئالاقىدار
ساھەلەردىكى ئالىملارنى يى-
ﻏﯩﭗ، نەشرگە تەييارلىنىدىغان
«قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا
دائىر ئون پارچە كىتابنىڭ تې-
ما ۋە مەزمۇنلىرىنى مۇزاكى-
رىلەشتى.



1986-يىل 8-ئايدا تۇنجى
قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىل-
مىي موھاكىمە يىغىنىدا ئابدۇرې-
ھىم ئۆتكۈر، مەمتىمىن يۇسۇپ
قاتارلىق ئالىملار «قوتادغۇ بى-
لىك» ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالى-
سىنى ئوقۇدى.

www.uyghurkitap.com



تەتقىقاتچى مەمتىمىن يۈسۈپ 1986-يىل 10-ئاينىڭ 21-كۈنى بېيجىڭدا مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى دېڭ لىچۈنگە 1986-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 7-كۈنىگىچە ئىلىدا ئېچىلغان لىن زېشۈي ھەققىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ۋە 1986-يىل 8-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 31-كۈنىگىچە قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئەھۋاللىرىنى دوكلات قىلدى. يولداش دېڭ لىچۈن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، بۇ ئىككى يىغىندىن تولۇق رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى.



1998-يىل 10-ئايدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 980 يىللىقىنى، «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغانلىقىنىڭ 928 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى رۇشىن، ش ئۇ ئا رنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى بولۇپ 400 كىشى قاتناشتى.



مەمتىمىن يۈسۈپ ئۇون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر 30 كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ماددىي جەھەتتىن زور ياردەم بەرگەن ئاقسۇ ۋىلايىتى-نىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، 30 كىتابنى تەقدىم قىلدى.



مەمتىمىن يۈسۈپ 1991-يىل 3-ئايدا ماركوپولو ھەققىدە بېيجىڭدا ئېچىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئىتالىيە، فرانسىيە، شۋېتسىيەلىك بىر قىسىم ئالىملار بىلەن بىللە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەتقىقاتچى مەتتىمىن يۇ-
سۇپ 1984-يىلى مەركىزىي كو-
مىتېت شۇجىچۇسىنىڭ سابىق
شۇجىسى، قوشۇمچە مەركىزىي
كومىتېت تەشۇىقات بۆلۈمىنىڭ
باشلىقى يولداش دېڭ لىچۈننىڭ
ئۆيىدە.




مەتتىمىن يۇ-
سۇپ 1991-يىل 10-
ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈ-
زۈلگەن ماركوپولو
خەلقئارا ئىلمىي مۇھا-
كىمە يىغىنىدا ئىلمىي
ماقالىسىنى ئوقۇدى.

مەتتىمىن يۇسۇپ 1986-يىل 8-ئاي-
دا، لىن زېشۈينىڭ شىنجاڭغا پالانغانلىقى-
نىڭ 145 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇھاكىمە
يىغىنىدا، لىن زېشۈينىڭ: ”جەنۇبىي شىن-
جاڭدىن قايتىشىمدا تۇرپان خەلقىنىڭ كا-
رىزىنى كۆرۈپ سۇ ئىشلىرىدىكى بۇ يېڭى
مۆجىزىگە خۇشال بولدۇم“ دېگەنلىكى، ئى-
لى جياڭجۈنىنىڭ لىن زېشۈيگە ئىلى ئاق
ئۆستىڭىنىڭ قاش دەريا بويىدىكى ئۇچ كى-
لومېتىر يېرىنى رېمونت قىلىش ۋەزىپى-
سىنى تاپشۇرغانلىقى، قاش دەريا بويىدىكى
ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ خالىس ياردەم بەر-
گەنلىكىگە دائىر تارىخىي مەسىلىلەر ھەققى-
دىكى ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇدى.



# نەشرىياتتىن

مەمتىمىن يۈسۈپ 1927-يىلى قەشقەر شەھىرىدە دۇنياغا
كەلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى دارىلئېتامدا ئوقۇغان. 1943-يى-
لى قەشقەر پېداگوگىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئو-
قۇتقۇچىلىق قىلغان. 1956-، 1957-، 1958-ۋە 1981-يىللى-
رى بېيجىڭدا مەركىزىي ئالىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ماركسىزم-
لىق پەلسەپە، سىياسىي-ئىقتىساد سىنىپىدا ئوقۇغان. 1946-
يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان. ئىلگىرى-ئاخىر ئەخ-
مەتجان قاسىمى نامىدىكى ئىلى تېخنىكوم مەكتىپىدە ئوقۇتقۇ-
چى، «ئويغان» گېزىتىدە مۇھەررىر بولغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىن-
قىلابى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ بىخەتەرلىك بۆلۈمى-
دە ئۇيغۇرلارنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئىدېئولوگى-
يە تارىخىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1950-يىل
1-ئايدىن 1992-يىل 1-ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت
خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۈرۈمچى شە-
ھەرلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي
پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق
پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە، ئىجتىما-
ئىي ئىدېئولوگىيە تارىخى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدە-بىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتو-نوم رايونلۇق ئون ئىككى مۇقام تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ، ئۇي-غۇر كلاسسىك ئەدەبىيات فوندى جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلار-غا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

مەمتىمىن يۈسۈپ ئىنقىلابقا قاتناشقان چېغىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقا-تى ھاياتىنى باشلىغان. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈن»، «تارىخىي ساۋاق»، «بىلىم ۋە زىيارەت»، «قەشقەر ساكا»، «〈قۇتادغۇ بىلىك〉نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدى-كى نەزمىي يەشمىسى»، «بەھرام گور»، «دىۋانى مەشھۇ-رى»، «دىۋانى قىدىر»، «باياز» (1)، «باياز» (2)، «ئۇي-غۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» قاتارلىقلار بار.

يۇقىرىقى كىتابلار ئىلگىرى-كېيىن مىللەتلەر نەشرىياتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق گې-زىت-ژۇرناللاردا 68 پارچە ئىلمىي ماقالىسى، 76 پارچە شېئى-رى «بۇلاق»، «تارىم»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبى-رى»، «غەربىي رايون تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتار-لىق مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى.

مەمتىمىن يۈسۈپ 1986-يىلدىن 1993-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكا، گېرمانىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، لىت-ۋا قاتارلىق ئالتە دۆلەتتە ئىلمىي زىيارەتلەردە بولۇپ، خەلقئارا-لىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتناش-

تى ھەمدە بۇ خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنلاردا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە بايان»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ شەرق ۋە غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا»، «‹قۇتادغۇ بىلىك›، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇغان.

1996-يىلدىن بۇيان 60 نەچچە نەپەر ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسنى تەشكىللەپ، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» (13 توم) ناملىق زور ھەجىملىك كىتابنى تۆت يىلدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، لاتىنچە نەشر قىلدۇرغان. 1992-يىلدىن بۇيان ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرىنى تەشكىللەپ ئون ئىككى مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن 60 نەچچە خىل، جەمئىي 77 مىڭ 800 دانە كىتاب نەشر قىلدۇرغان. ئۇ بۇ كىتابلارنىڭ مۇھەررىرلىكىنى، تەھرىر ھەيئەت مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالغان.

كۆپ يىللاردىن بۇيان مەتتىمىن يۈسۈپ جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى، ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپىسى قاتارلىق تەتقىقات ساھەلىرىدە قان-تەر ئاقۇزۇپ، جاپالىق ئىشلەپ، ئىلىم ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى ۋە يىغىنلىرىنى تەشكىللەپ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ نەشرگە تەييارلاپ، كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان، زور نەتىجە ياراتقان. ئۇ تەشكىللىگەن ھەرخىل ئىلمىي يىغىنلار ۋە ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلار، نەشر قىلدۇرغان كىتابلار يۇقىرى

www.uyghurkitap.com

ئىلمىي قىممەتكە، ئىجابىي، تارىخىي، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، ئىجتىمائىي تەسىرى ياخشى بولۇپ، ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

مەتتىمىن يۈسۈپ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ، جاپالىق تەر ئاققۇزغان ھۆرمەتكە سازاۋەر تەتقىقاتچىدۇر. ئۇ «دۇنيا مەدەنىيىتىدە نەتىجە ياراتقان مەشھۇر كىشىلەر مۇكاپاتى»غا كىرگۈزۈلگەن، «دۇنيا مەدەنىيىتى مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى»نىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مەسلىھەتچى تەھرىر ھەيئەتلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان ۋە «دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر كىشىلەر» ناملىق قامۇستا تونۇشتۇرۇلغان.

# مۇندەرىجە

1. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئون چوڭ مۇتەپەككۇرنىڭ بىرى ......................................................... ( 1 )
2. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان ......................................................... ( 14 )
3. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ غەرب ۋە شەرق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ................................ ( 35 )
4. «دىۋان مەشھۇرى» توغرىسىدا ...................... ( 61 )
5. تۇنجى قېتىملىق كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى .......... ( 104 )
6. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش توغرىسىدا ........................................ ( 130 )
7. ئۇيغۇر 12 مۇقامى توغرىسىدا تەتقىقات ۋە مۇلاھىزە ......................................................... ( 141 )
8. «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا ......................................................... ( 192 )
9. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ يېڭى باھارى ......................................................... ( 208 )
10. فاشىزمغا قارشى جۇڭگو ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق ئۇتۇقلىرى ................ ( 217 )
11. 12 مۇقام تەتقىقاتىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەسىرىگە دائىر بىرنەچچە مەسىلە .............. ( 234 )

www.uyghurkitap.com



12. 460 يىل ۋە تارىخىي بۇرچىمىز ............... ( 247 )
13. شانلىق مىراس، ئۇلۇغ سوۋغا ................. ( 257 )
14. 16-ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى قىدىرخان ياركەندى توغرىسىدا ..................... ( 262 )
15. تۇرپان تەتقىقاتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە...................... ( 298 )
16. شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئەلچى — ماركوپولو ...... ( 315 )
17. شەرەپلىك تەتقىقات، شانلىق ۋەزىپە ............ ( 327 )
18. «بەھرام گور» داستانى توغرىسىدا............... ( 336 )



# يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئون چوڭ مۇتەپەككۇرنىڭ بىرى

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۈچ خىل قولىيازما نۇسخىسى تېپىلىپ، 1823-يىلى 1-قېتىم شەرقشۇناس ژائوبېرتنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى تونۇشتۇرۇپ «ھۆكۈمەت مەلۇماتلىرى» ناملىق توپلامدا ۋە «ئوتتۇرا ئاسىيا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسىدىن باشلاپ ھازىرغىچە ۋەتىنىمىز جۇڭگودىكى ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ، خەلقئارادىكى 17 دۆلەتنىڭ 32 تەتقىقات ئورنىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ داۋاملىق تەتقىق قىلىپ 13 خىل تىلدا ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالە، كىتاب، تونۇشتۇرۇش تەتقىقاتى، جىلت، فوتو نۇسخا، ھەر خىل بوروشۇرلىرى 1000 پارچىغا يېتىدۇ. مۇشۇ 175 يىل ئىچىدە «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى ئۇلۇغ جۇڭگو ئۇيغۇر ئالىمى، مۇتەپەككۇر، شائىر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا تارىخىدا، ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ 5000 يىللىق تارىخىدا، شەرق مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆتكەن، دۇنياغا مەشھۇر ئاتاقلىق ئون چوڭ مۇتەپپەككۇرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئون چوڭ مۇتەپەككۇرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەشتە، بۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇنيا قارىشىدىكى ئۇقتىئىنەزىرى بىلەن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلىم، قانۇن، دۇنيانى بىلىش ئۇقتىئىنەزىرىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىش نەزەرىيە ئاساسى — ئۇنىڭ ساددا ماتېرىيالىستىك، ساددا دىئالېكتىك ئۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن مۇجەسسەملەشكەن بولۇپ، تەبىئەتنى بىلىش، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئىدىيىسىنى، غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش لايىھىسىنى مەزمۇن قىلغان، دۇنيانى بىلىشنىڭ مەقسىتى نىمە؟ دېگەن بىر قاتار مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭا "تۆت تادۇ"[①] يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت قارىشىنىڭ، شۇنداقلا تارىخ قارىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان.

60. بۇ تۆت يار ماڭا تۆت تادۇ دەك ئېرۇر،
تۇزۇلسە تادۇ چىن تىرىكلىك بولۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ "تۆت تادۇ"دىن ئىبارەت بۇ ماددا كۆز قارىشى بويىچە "ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى بىر جەريان" دەپ قاراپ، تارىخ قارىشىدا، دۇنيا قارىشىدا ئىلىم-بىلىمنى ئاساس قىلىدىغان كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنى ئالىم 5587-، 5589-بېيىتلاردا ئېنىق كۆرسەتكەن. شۇڭا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىدىن ئالتە ئەسىر كېيىن ياشىغان كوپېرنىككە ئوخشاش "قۇياش مەركەز" قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئارىستوتېلنىڭ "يەر مەركەز" قارىشىنى دادىللىق بىلەن رەت قىلغان.

---

① تادۇ — ماددا، تۆت تادۇ: تۇپراق، سۇ، ئوت، ھاۋا.

ئېنىق جاكارلاشقا بولىدىغان بىر مەسىلە شۇكى، 17-ئەسىر غەرب دۇنياسىدا "بىلىم كۈچ" تەلىماتىنىڭ ئىجادچىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ فرانسىس بېكوندىن 500 نەچچە يىل بۇرۇن يۈسۈپ خاس ھاجىپ "بىلىم كىشىنىڭ ئىقتىدارى" يەنى قابىلىيەت ۋە كۈچ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئېنىق كۆرسەتكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئادەم بىلەن بىلىمنىڭ، بىلىم بىلەن دۆلەتنىڭ، قانۇن بىلەن دۆلەتنىڭ، خەلق بىلەن قانۇننىڭ، خان بىلەن پۇقرانىڭ، قانۇن بىلەن خان، ئەمەلدارلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى سادىدا دىئالېكتىكا ئۇسۇلى بويىچە يېشىپ بېرىش بىلەن بىرگە، «قۇتادغۇبىلىك» تە بۇ ئالتە مۇناسىۋەتنىڭ بىر-بىرىگە بولغان باغلىنىشى بىر گەۋدە قىلىنىپ، ئۇنىڭ زور ھەل قىلغۇچ ئىجتىمائىي ئادالەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى دۆلەتشۇناسلىق ئىلمىي سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنى 809-، 817-، 818-بېيىتلارنى ئوقۇساق بىلىۋالالايمىز. لېكىن، بۇ ئالتە مۇناسىۋەتنى تارىختا ئۆتكەن بۈيۈك پەيلاسوپلاردىن پلاتون، ئارىستوتېل قاتارلىق ئالىملارمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش دۆلەتشۇناسلىق ئىلمىي سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ قويالمىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ھەممىدىن مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان ئامىل — ئىجتىمائىي ئادالەتنى ۋە ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى ئادىل قانۇن بويىچە ئۆزگەرتىش نۇقتىئىنەزىرىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئېيتقاندا: "ھۆكۈمدار ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغى قانۇندۇر. ھەممىدىن ئۇلۇغى قانۇننىڭ ئادىل تەتبىق قىلىنىشىدۇر". لېكىن، تارىختا ئۆتكەن ئاتاقلىق پەيلاسوپلاردىن پىلاتون، ئارىستوتېل قاتارلىقلارنىڭ مۇشۇ مەسىلىدىكى بەزى كۆز قاراشلىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆز قاراشلىرىغا زىتتۇر. پىلاتون مۇنداق دەيدۇ: "تەڭ بولمىغانلارغا تەڭ مۇئامىلە قىلىش تەڭسىزلىكتۇر... ئادالەتسىزلىك قىلىش ھۆر (ئــازاد) ئادەمگە تېخىمۇ كۆپرەك يارىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ كۈچلۈك خوجايىن بولالايدۇ، ئادالەتسىزلىكنى ئاخىرقى چېــكــىگە يەتكۈزەلىگەنلەر جەمئىيەتنى قولغا ئالالايدۇ ۋە ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ" (پىلاتون: «دۆلەت» تۈركچە تــەرجــىــمىسى، 1-توم، 31-بەت) ئارىستوتېل مۇنداق دەيدۇ: "قــۇلــلار ئــەھــلــى ھــايۋانغا ئوخشايدۇكى، ئىككىلىسىنىڭمۇ جىسمانىي كۈچىدىنلا پايدىلىنىلىدۇ. قۇللار مال-مۈلۈكنىڭ بىر قــىــســمــى بولۇپ، خوجايىننىڭ مۈلۈكى ھېسابىغا كىرىدۇ... كىشىلەر ئارىسىدا تەڭسىزلىك بولۇش تەبىئىي ئەھۋال. بەزىلىرى ھــۆكــۈم قــىــلــىــش، بــەزىــلىرى ھۆكۈمگە بويسۇنۇش ئۈچۈن يــارىــتــىــلــغــان" (ئــاشــىــنــىــل: «قەدىمكى يۇناندا سىياسىي چــۈشــەنــچــىــلــەر» تــۈركــچە تەرجىمىسى، ئىستانبۇل نەشرى، 163-بــەت) "ھــالــبــۇكــى، پىلاتون «دۆلەت» ناملىق كىتابىدا قــۇلــلــۇقنىڭ زۆرۈرىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئۇيغۇن ھالەت ئــىــكــەنلىكىنى ياقلايدۇ" (كافىسوغلۇ: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى»، 1980-يىل نەشرى، 25-بەت) دەپ كۆرسىتىدۇ.

م. روزىنتال. پ. يۇدىن: ”پلاتون (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 347-427) سوقراتنىڭ شاگىرتى، ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ئافىنا ئارىستوكراتىيىسىنىڭ مۇتەپەككۇرى، ئۇنىڭچە ئەبەدىي ئۆزگەرمەس غايىۋى دۇنيا ھەقىقىي مەۋجۇت بولۇپ، ”ئۆزگىرىشچان، ۋاقىتلىق، سېزىنۋېلىشقا بولىدىغان دۇنيا — غايىۋى دۇنيانىڭ سايىسىدۇر“ (م. روزىنتال. پ. يۇدىن: «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى» 1973-يىل نەشرى، 33-بەت) دەيدۇ. بۇ سېلىشتۇرما مىساللاردىن يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن، ئادالەت، ھەقىقەت مەسىلىلىرىدە قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئەينەن قوبۇل قىلىش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش، ئۆز دەۋرى ئەمەلىيىتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىلىم جۇغلانمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يېڭىچە كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە قانۇن، دۇنيانى بىلىش ئىدىيىسى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىر پەيلاسوپلىرىنىڭ، دانىشمەنلىرىنىڭ، خان-پادىشاھلارنىڭ، نوپۇزلۇق مۆتىۋەرلەرنىڭ سۆزىنى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋېلىشتەك ئىلاھىيلاشتۇرۇش پەلسەپىسىنى رەت قىلغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى 1680-، 2698-، 4019-، 1681-نەزمىلىرى ئارقىلىق كۆڭزى، مېڭزىلارنىڭ ”تۇغما بىلىملىك“، ”تۇغما تالانت“ نەزىرىيىلىرىگە نىسبەتەن ”تۇغما بىلىملىك“، ”تۇغما تالانت“ ئەمەلىيەتتە بىلىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەمەلىيەت، ئۆگىنىش، تەربىيە ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى ۋە يېتىلدۈرگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

تېخىمۇ ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 1678-، 1681-بېيىتلىرىدا: "ئادەم ئانىسىدىن بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلمايدۇ، بىلىملىك بالا تۇغىدىغان ئانىمۇ يوق؛ بالا ئانىدىن بىلىمسىز تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆگىنىپ ئاندىن بىلىملىك بولالايدۇ" دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن.

پەلسەپە پادىشاھى دەپ ئاتالغان گېگىل بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، گېگىل زىددىيەتلەرنى سۇبيېكتىپ مەنىدە ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ گېگىلدىن پەرقلەنگەن ھالدا قانۇن ۋە زىددىيەتنى ئوبيېكتىپ نەرسە دەپ قاراپ، شەيئىلەر باغلىنىشىنىڭ زىددىيەت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. مەسىلەن: گېگىلنىڭ 1821-يىلى نەشر قىلغان «قانۇن پەلسەپىسى» دېگەن كىتابى ئۇنىڭ «روھ پەلسەپىسى» نىڭ 2-قىسمى يەنى «ئوبيېكتىپ روھ» دېگەن قىسمىنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇپ، بۇ كىتابىنىڭ ئاخىرىدا گېگىل ئۆز پەلسەپىسىنىڭ ئالىي پرىنسىپىنى يەنى "مۇتلەق ئىدىيە"-پروسىيە پادىشاھى فرىدرىخ ۋىلگېلىم Ⅲ ۋەدە قىلغان دەرىجە تۈزۈمىدىكى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈرغۇزۇش تۈزۈمىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەك، دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئوتتۇرا ئەسىر دەرىجە تۈزۈمىنىڭ تونىنى كىيگۈزگەن. پادىشاھلىق ھاكىمىيەتكە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، خۇشامەت قىلىپ پادىشاھنى "ھەقىقىي ئەۋلىيا، پادىشاھلىق تۈزۈمى دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئالىي شەكلى"

دەۋالغان. دېمەك، گېگېلمۇ "ھەقىقىي ئەۋلىيا" پادىشاھلارنىڭ سۆزىنى ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئالىي پرىنسىپى قىلىۋالغان، لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ: ھۆكۈمدارلار ھەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، قانۇن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقى بىلەن ھۆكۈمداردىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك، دېگەننى ئۆلچەم قىلغان. قىسقىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىملىك ئادەملەرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشى بىلەن بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، پەرقلەرنى ئەمەلىي ھادىسىلەر بىلەن باغلاپ تەپسىلىي چۈشەندۈرگىنىگە قارىغاندا ئادالەت، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسىنى قاراخانىيلار دەۋرى ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ تەلىپىگە يارىشا توغرا ھەل قىلالىغان. بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر، دەپ جاكارلىغان نۇقتىئىنەزىرىنىڭ 1821-يىلىدىكى گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى مۇقەررەر.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋرلىرىدىمۇ دۇنيانىڭ مەنبەسى نېمە؟ روھمۇ ياكى ماددىمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە پەيلاسوپلاردا ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇت بولغانىدى. مەسىلەن، پېيىر ئابېيار (1079—1142) نومىنالىزم بىلەن رېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە نومىنالىزم تەرىپىدە تۇرغان. نومىنالىزم-مەۋجۇدىيەت بىرلەمچى، تەپەككۇر ئىككىلەمچى دېگەن پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە. دەل مۇشۇ كۈرەشنىڭ ئىككىنچى تەرىپى بولغان رېئالىزم بولسا، تەپەككۇر بىرلەمچى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەۋجۇدىيەت ئىككىلەمچى دەپ ھېسابلايتتى. دېمەك، 10-، 11-ئەسىرلەردە روھ بىلەن ماددىنىڭ قايسىسى دۇنيانىڭ مەنبەسى دېگەن مۇنازىرىمۇ داۋام قىلغان. شۇ دەۋردىكى نام ئەلاچىلىقنىڭ "چىن ئەلاچىلىقى"غا قارشى كۈرىشى بىرقانچە ئەسىر داۋام قىلغان بولۇپ، بۇ كۈرەش نەتىجىسىدە مەدرىسە پەلسەپىسىنىڭ پارچىلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يېقىنقى زامان تەبىئىي پەن ۋە ماتېرىيالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈلگەنىدى. لېنىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى "نام ئەلاچىلىقى" بىلەن چىنلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ماتېرىيالىزمچىلار بىلەن ئىدېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى بار دەپ كۆرسەتكەن. مۇشۇ توپ مەسىلە مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان شۇ تارىخىي شارائىتتا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ مەنبەسى ماددا ئىكەنلىكىنى «قۇتادغۇبىلىك»تە ناھايىتى ئېنىق بايان قىلغان. مەسىلەن:

143. (ئۇچى سۇ، ئۇچى يەل، ئۇچى بولدى ئوت، ئۇچى

تۇپراق بۇلاردىن دۇنيادۇر مەۋجۇت)

دېگەن بېيىتلىرىدىمۇ، ھاۋا، ئوت، تۇپراق گەرچە بىر-بىرىگە زىت بولسىمۇ، بىرلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بىر-بىرىگە باغلانغانلىقىنى، تەقەززالىقىنى، بىر-بىرىگە مۇھتاجلىقىنى مۇشۇ تۆت تادۇ بىلەن دۇنيانىڭ، ھاياتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياشىغان شۇ ئەسىردىكى "نام ئەلاچىلىقى" ئېقىمىدىكىلەرگە ئوخشاشلا خۇداغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت ئىسلام نۇقتىئىنەزىرىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ساددا

ماتېرىيالىزملىق خاھىشقا ئىگە ئىدى. شۇنداقلا ئۇ خۇدا ھەممىگە قادىر دېگەن ئېتىقادتا بولسىمۇ، ئۇ يەنە ئۆز ئەسىرىدە ھاياتنىڭ ماددىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، ماددىي دۇنيا بولمىغان بولسا ھاياتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتنىڭ ماددىغا باغلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تۆپكى دۇنيا قارىشىنى ئۇنىڭدىن ئالتە ئەسىر كېيىن ياشىغان بەزى ئالىملارمۇ پەلسەپە نۇقتىسىدىن تەكىتلەپ ئۆتكەن. مەسىلەن، كلودئادريان گېلۋېتسى (1715— 1771) پەقەت ماددىي نەرسىلەرلا ھەقىقىي مەۋجۇتتۇر، دەپ ئوچۇق ئېتىراپ قىلغان («ماتېرىيالىزم دېگەن نېمە؟» 1955-يىل نەشرى، 24-بەت). بۇ ئىككى ئالىمنىڭ بەزى نۇقتىئىنەزەرلىرىدە ئوخشىمىغان پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن ماددىنىڭ بىرلەمچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى جەھەتتىكى كۆز قاراشلىرىدا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاشلىق بار.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ”ماددا مەنبە“ قارىشىنى دۆلەت، قانۇن توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3500-يىللاردىن باشلاپ مىلادىدىن كېيىنكى 1778-يىللارغىچە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ 18 پارچە ئەسىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇ ئىككى تۈرلۈك ئىلمىي كۆز قاراش تېخىمۇ كەڭ سېلىشتۇرما بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىكى ئالاھىدىلىككە بولغان كۆز قارىشىمىز تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. گېرمانىيىلىك ئوتتو ئولبېرت، ۋېنگرىيىلىك ۋامبېرى، ئىتالىيىلىك بومباچى، دانىيىلىك تومسېن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



روســـــيىلىك مالوۋ، تۈركىيىلىك سەدرى مەھۋى، دىل ئاچار قــاتــارلىق ئالىملار «قۇتادغۇبىلىك»كە، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئــىلمىي جەھەتتىن يۈكسەك باھالارنى بەرگەن. (بۇ 18 پارچە ئەسەرنى ماقالەمنىڭ ئەسلىي ئورگىنالىدا تەپسىلىي كۆرسەتتىم)

قـــىـــســقـــىـــسى، بۇ 18 پارچە ئەسەر ئىچىدىكى پلاتوننىڭ «دۆلەت» ، «جۇمھۇرىيەت» ، جون ۋالىنتىنىنىڭ «خرىستىئان شەھىرى» ، كامپانىللانىڭ «قۇياش شەھىرى» ، تودۇر ھىرزلىنىڭ «ئــەسكــى يــېڭى يۇرت» ، جى ئان بودىننىڭ «ئالتە كىتابتا جــۇمــھــۇرىيەت» ، ق ئى ۋلىيامنىڭ «تەڭرىنىڭ سىياستى» ، ۋىــلــيــام بــادوۋنــىنىڭ «ئىدارە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئەينەك» ، «پــەزىلەتلىك شەھەر ھەققىدە» ، «پازىل شەھەر ئىمپېرىيىسى» قــاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەردە ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان مەۋجۇت جەمئىيەتتىكى شەھەر، دۆلەت توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئارزۇ قــىــلــغــان "غــايىۋى دۆلەت" توغرىسىدا يۈكسەك تەپەككۇرلار يۈرگۈزۈلگەن.

مـــىلادىدىن بۇرۇنقى 5-، 6-ئەسىرلەردە ياشىغان قەدىمكى جۇڭگو پەيلاسوپلىرىدىن لاۋزى بىلەن كۇڭزى، قەدىمكى يۇنان پــەيــلاســوپى ئارىستوتېل، «ئوتتۇرا ئەسىر ئارىستوتېلى» دەپ شۆھرەت قازانغان ئەبۇ نەسىر فارابى ۋە ئىبىن سىنا قاتارلىقلارمۇ بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان ۋە نۇرغۇن ئەسەرلەر يــازغــانــدى. بۇنىڭغا ئارىستوتېلنىڭ «پولىتىكا» ، فارابىنىڭ «ئــەس ســـيــاسىتول مەدىنە» (دۆلەت سىياستى ھەققىدە) ، ئــىـبــىــن ســـىــنانىڭ «كىتابۇس سىياسەت» ناملىق ئەسىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە. لېكىن، مەيلى ئارىستوتېل ۋە مەيلى

فارابى بولسۇن، مەيلى يۇقىرىدا ئېيتىلغان 18 كىتابنىڭ ئاپتورلىرى بولسۇن دۆلەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بىر ”غايىۋى دۆلەت“ سىخېمىسىدا ئەكس ئەتتۈرگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: ”قەلەم تۇتىدىغان“ ۋەزىرلەر بىلەن ”قىلىچ تۇتىدىغان“ ئەسكەر باشلىقلىرى ”خەلق ئارىسىدىن چىققان ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلاردىن تاللاپ ئېلىنىشى لازىم“لىقىنى تەكىتلىسە (2422-بېيىتقا قارالسۇن)، فارابى بۇ مەسىلىدە پلاتون بىلەن ئارىستوتېلنىڭ قاراشلىرىغا ياندىشىپ، «پەزىلەتلىك شەھەر ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا ”پازىل شەھەر رەئىسى“نىڭ يارىتىلىشتىن (تۇغما ھالدا) شۇنىڭغا لايىق شەرتلىرى بولۇشى كېرەكلىكىنى، يەنى تەبىئىتى ۋە يارىتىلىشى ئېتىبارى بىلەن رەئىسلىك ئىدىيىسى بولۇشى لازىم دېگەن، لېكىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسا، توغرىدىن توغرا قاراخانىيلار دۆلىتىنى ياخشىلاش ۋە مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە، مەۋجۇت تۈزۈمنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنى ئادىل قانۇن بىلەن باشقۇرۇش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە سىستېمىسىنى نىزامۇل-مۈلكنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق ئەسىرى، مەۋلانا ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ «ئەخلاقۇل-مۇھسىنىن» ناملىق ئەسىرى، ئەبۇرەيھان بىرۇنىنىڭ «جەۋاھىرنامە» ناملىق ئەسىرى، فارىدىدىن ئەتتارنىڭ «ئىلاھىنامە» ناملىق ئەسىرى ۋە نىزامى گەنجىۋىنىڭ «پەنج گەنج» ناملىق ئەسىرى بىلەنمۇ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ”بىلىم ئەخلاق، ئىنسانپەرۋەرلىك — ئىنساننىڭ قىممەتلىك پەزىلىتىدۇر“ دېگەن كۆز قارىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



«قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت 13 مىڭ 291 مىسرالىق بۈيۈك داستاندا خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە سىستېمىسىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەزى ئەسەر، بەزى مۇتەپەككۇرلەر بىلەن سېلىشتۇرساق بۇ زاتنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ رېئال ھاياتىدىن ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە تۇرغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

بۇ مۇتەپەككۇر ۋە پەيلاسوپ ياشىغان دەۋرنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىسى ئۈچ تەرەپكە مەركەزلىشىدۇ: 1. ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرى كۆنسايىن كۆچەيگەن 2. شامان، مانى، بۇددا دەۋرلىرىدە شەكىللەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىلىرى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلىغان ھەمدە زور سالماقنى ئىگىلىگەن 3. تىل-يېزىق، ئەدەبىيات ۋە باشقا ساھەلەردە ئەرەب ئاسسىمىلاتسىيىسىگە قارشى كەسكىن كۈرەش مەيدانغا كەلگەن دەۋر ئىدى.

ئىنسانلار ئۇزاق زامانلار داۋامىدا ئۆزىنىڭ بارلىق ئەنئەنىلىرىنى، جۈملىدىن تارىخىي، ئىلمىي، مەدەنىي مىراسلىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇشنىڭ يولىنى بىلىمدىن ۋە بىلىم ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇشتىن تاپقان. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت باشقۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ بىلىملىك بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ 2633-، 262-، 263-قاتارلىق شېئىرلىرىدا بىلىملەر ئىچىدە ھەندىسە (گېئومېترىيە)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ماساھە (يەر يۈزىنى ئۆلچەش ئىلمى)، ھېساب، تىل ئىلمى، ئەدەبىيات ۋە

باشقا ھەر خىل ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئەگەر ھۆكۈمرانلار بۇ ئىلىملەرنى ئۆگەنمىسە، بىلىملىك بولمىسا، خەلقنى بەخت-سائادەتكە ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. شۇنداقلا 1214-ۋە 1294-يىللاردا ئۆتكەن ئەنگلىز مۇتەپەككۇرى روجېر بېكونمو "بارلىق ئىلىمنىڭ مەقسىتى — ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت ئۈستىدىن ھۆكۈم سۈرۈش ھوقۇقىنى كېڭەيتىش ۋە ئىنسانلارنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت" دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. («ماتېرىيالىزم دېگەن نېمە؟» 1955-يىل نەشرى، 29-، 26-بەتلەر.)

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەيلاسوپ شائىرلا ئەمەس، بەلكى رېئالىست مۇتەپەككۇردۇر. ئۇ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ساددا ماتېرىيالىزمچە كۆز قاراش بىلەن ساددا دىئالېكتىك تەپەككۇر شەكلىدە تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى، ئۇ ئۆزى ياشىغان شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىپ ھەر خىل ئېقىملارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىپ چىققانلىقتىن، دىنىي كۆز قاراش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان.

دېمەك، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن قەدىمىي ئوتتۇرا ئەسىردىكى تارىخىي ئىلمىي ماتېرىياللار ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇرما بويىچە ئۇلۇغ جۇڭگو ئۇيغۇر ئالىمى، مۇتەپەككۇر، شائىر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنى دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئون چوڭ مۇتەپەككۇرنىڭ بىرى دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز.

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق، بىناكارلىق، ئۇسسۇل، مۇزىكا، ئەدەبىيات، تىبابەتچىلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەردە زور ئىجادكارلىق بىلەن ئېسىل مەدەنىيەت، سەنئەت ئۇنچىلىرىنى يارىتىپ، جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىغا ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنىمۇ بېيىتقان. ھازىرغىچە شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان مىڭئۆيلەردىكى تام سۈرەتلەر، داۋاملىق تېپىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ قامۇسى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان 12 مۇقامدىن ئىبارەت مول مۇزىكا بايلىقى، خەلق ئاغزىدا ۋە كىتابلاردا ساقلىنىپ قالغان سانسىز ھېكايە-چۆچەك؛ ماقال-تەمسىل، شېئىر-قوشاق قاتارلىق خىلمۇخىل ئەدەبىي مىراسلار شۇنىڭدەك ئورخۇن-يېنسەي بويلىرىدىكى مەڭگۈ تاشلار، قوچو ئىدىقۇت دەۋرىگە مەنسۇپ ئۇيغۇر بۇددا يازما ئەدەبىياتى، قاراخانىيلار دەۋرىگە مەنسۇپ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى تىل-ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى قاتارلىقلار ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ

ئۇزۇن تارىختا ۋە ئاجايىپ مول مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

مەزكۇر ماقالىدە، ئۆزۈمنىڭ يۈزەكى چۈشەنچەم بويىچە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتنىڭ باشلىنىش تارىخى

مەملىكىتىمىزدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئوخشاشلا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمۇ مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى — فولكلوردىن بارلىققا كەلگەن ھەمدە شۇ تۇپراقتا راۋاجلانغان. شۇڭا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، سۆزنى تەبىئىي يوسۇندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۇزاق تارىخىي مەنبەگە، مول مەزمۇنغا ئىگە، دەپ يىغىنچاقلاش پۈتۈنلەي مۇمكىن. يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ۋە كېيىنكى خۇيخې، خۇيگۇ دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە، ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان بىرمۇنچە داستان، قوشاق، ھېكايە، چۆچەك، ماقال-تەمسىل، ئەپسانە-رىۋايەتلەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد، دەۋرمۇ دەۋر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. «ئوغۇزنامە»، «ئەرگىنەقۇن داستانى»، «ئالىپ ئەرتۇڭا» قاتارلىقلار سان-ساناقسىز ئۇيغۇر خەلق ئېغىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدۇر. «ئوغۇزنامە» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخىسى XIII ئەسىردە ھازىرقى تۇرپاندا تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەيدانغا كەلگەن كونكرېت يىلىنى ئېنىقلاش مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ داستاننىڭ مەزمۇنى ۋە ئوغۇزخان ھەققىدىكى تەسۋىرلەرگە قاراپ، ئۇنىڭ باشلانغۇچ جامائەنىڭ مەلۇم مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. داستاندا ئوغۇزخان ھەققىدىكى تەسۋىردە: "...ئوغۇزنىڭ پۇتلىرى ئۆكۈز ئايىغىدەك، بېلى بۆرىنىڭ بېلىدەك، كۆكسى بولسا ئېيىقنىڭ كۆكسىدەك ئىدى. بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى تۈكلۈك ئىدى..."، "...ئوغۇزخاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق نۇر چۈشتى، نۇر ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق يوغان بىر ئەركەك بۆرە پەيدا بولدى... " دېيىلگەن ۋە شۇ كۆك بۆرىنىڭ ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە ئۇنىڭغا يول باشلاپ ماڭغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئوغۇزخان ھەر قېتىمقى يۈرۈشلىرىدە غەلىبە قىلغانلىقى ئېيتىلغان. بۇنىڭدىن «ئوغۇزنامە» نىڭ ئۇيغۇرلار تېخى توتېم دەۋرىدە ياشاۋاتقان چاغلاردا مەيدانغا كەلگەن ئېغىز ئەدەبىياتى ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق دەۋرلەردىكى تارىخىي مەنزىرىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «ئالىپ ئەرتۇڭا» داستانىدىن مەلۇم پارچىلار كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا، «ئالىپ ئەرتۇڭا» دېگەن قەھرىماننىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھازىرقى قەشقەرنى ئۆزىگە ئوردا قىلغانلىقى، شۇنىڭ

ئۇچۇن قەشقەرنىڭ قەدىمكى زاماندا «ئوردۇكەنت» دەپ ئاتالغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن. بۇنىڭدىن «ئالىپ ئەرتۇڭا» داستانىنىڭ XI ئەسىردىن بۇرۇنلا تارقىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يۇقىرىقى ئىككى مىسال ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىدىن بولغان «ئوغۇزنامە» ۋە «ئالىپ ئەرتۇڭا» داستانلىرى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ سەرخىللىرى بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى كېيىنكى چاغلاردا مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىغىمۇ مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن. «ئوغۇزنامە» يىراق قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مول مەزمۇنغا، مۇرەككەپ سۇژىتقا ئىگە بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۇسلۇبىي جەھەتتىمۇ گۈزەل، تىلى ئىخچام بولۇشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىگە كېيىنكى يازما ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدىمۇ ۋارىسلىق قىلىنغان، مەسىلەن، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا كۆپىنچە نەسرىي بايان ئۇسۇلى قوللىنىلىش بىلەن بىرگە نەزمىي قىستۇرمىلارمۇ ئۇچرايدۇ. «ئوغۇزنامە» دىمۇ شۇنداق. بۇ، «ئوغۇزنامە» ئۇسلۇبىنىڭ كېيىنكى شائىرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «ئوغۇزنامە» نىڭ تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشايدىغان جايلىرى بار. «ئالىپ ئەرتۇڭا» داستانىنىڭ كېيىنكى يازما ئەدەبىياتلارغا بولغان تەسىرىمۇ ئوخشاش. ئالىپ ئەرتۇڭا ئۇرۇشتا قۇربان بولغاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كېيىن، خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ ئوقۇغان مەرسىيىلىرىدىن بىر قىسمى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» كە كىرگۈزۈلگەن. مەسىلەن:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئېسىز ئاژۇن قالدىمۇ.
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

بۇ مەرسىيىلەر ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشى، تىل ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا شۇنچىلىك يېقىنلىكى، ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئايرىم سۆزلەر (مەسىلەن: ئېسىز، ئاژۇن، ئۆزلەك) نىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان قىسمىنى ھازىر ئاددىي ئۇيغۇر دېھقانلىرىمۇ چۈشىنەلەيدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن «ئوغۇزنامە»، «ئالىپ ئەرتۇڭا»، «ئەرگىنە قۇن داستانى» قاتارلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنىڭ كېيىنكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىياتقا ھەمدە ئۇيغۇر تىلىغا نەقەدەر روشەن تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، بولۇپمۇ «ئوغۇزنامە»، «ئالىپ ئەرتۇڭا»، «ئەرگىنە قۇن داستانى»غا ئوخشاش ئېسىل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقىنى ئېچىشتىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر يازما

ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ داستان ئىجادىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىي تىلىنى تەتقىق قىلىش ھەمدە ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى باشقا مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تارىخى، ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. مانا شۇ سەۋەبلىك، «ئوغۇزنامە» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخىسى تېپىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىسى ئەبۇ غازى باھادىرخان 1606- يىلى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن كىتابىدا ئۇنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلغان. 1915-يىلى غەرب ئالىملىرى «ئوغۇزنامە» نىڭ نېمىسچە قىسقارتىلغان تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئەسەر ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپ، بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالە ۋە كىتابلار يېزىلغان.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئەنە شۇ مول ۋە رەڭگارەڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىمۇ مەيدانغا كەلدى. VIII ئەسىردىكى «تۇنيۇقۇق» ۋە «كۆل تېكىن» ئابىدىسى قاتارلىق مەڭگۇ تاشلاردىكى خاتىرىلەر ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان يازما ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى نەمۇنىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «تۇنيۇقۇق» ئابىدىسىنى ئالساق، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك نەزمىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان ماقال-تەمسىللەر ئۇچرايدۇ. بۇ پاكىتلار بىر تەرەپتىن، يازما ئەدەبىياتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مەنبە جەھەتتىكى مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر

www.uyghurkitap.com



تەرەپتىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كەم دېگەندە VIII ئەسىردىلا يازما ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ هازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشاپ كەلمەكتە. تارىخىي سەۋەبلەر ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلار شىنجاڭدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغان تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى قەدىمكى مىللەتلەر ياكى قەبىلىلەر بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۇزاققىچە ئۆزئارا قويۇق ئالاقىدا بولۇپ كەلگەنلىكى ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بىرمۇنچە داستان، قوشاق، ھېكايە، چۆچەك، ماقال-تەمسىل قاتارلىق تۈرلەر مۇئەييەن شەكىل، ئۇسلۇل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان مىللەتلەر ياكى قەبىلىلەرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان ھەتتا پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان جايلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. مەسىلەن «ئوغۇزنامە»، «ئەرگىنە قۇن داستانى» ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي مىراسى بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىمۇ بىر قەدەر چوڭ تەسىرگە ئىگە. شۇنىڭدەك «ئالىپ ئەرتوڭا» داستانىدىكى قەھرىمان شەخس ئالىپ ئەرتوڭا، قەدىمكى پارس ئەدەبىياتىدا "ئافراسىياپ" دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. بۈيۈك پارس شائىرى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» دېگەن ئەسىرىدە ئافراسىياپ بىر قەھرىمان شەخس سۈپىتىدە پۈتۈن داستانىنىڭ مۇھىم قىسمىنى تەشكىل قىلغان. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ۋە يازما ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا، ئۇلارنىڭ

ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىلەن بولغان ئۆزئارا تەسىرىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. كېيىنكىسىگە سەل قاراش مۇۋاپىق ئەمەس، ئەلۋەتتە. لېكىن ئالدىنقىسىغا سەل قاراش—غولىنى تاشلاپ، شاخقا ئېسىلىش بولۇپ، ئۇ مىللىي ئىنكارچىلىق يولىغا ئېلىپ بارىدۇ، بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

## يازما ئەدەبىياتنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان دەۋرى

IX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە، يەنى ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ يىللىرىدىن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيادىڭ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، شىنجاڭ، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى رايونلىرىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى يەرلىك ھاكىمىيەت مەيدانغا كەلگەن ۋە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدى. 360 يىل داۋام قىلغان بۇ ئۇزۇن دەۋر جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، بىر تۈركۈم نامايەندىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە يازما ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر مەيدانغا چىققانىدى.

قاراخانىيلار خانلىقىدىن ئىلگىرى قۇرۇلغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي مۇۋەپپەقىيەتلەر تەرجىمە ئەسەرلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ دەۋردە، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر تىل ئالىملىرى ۋە ئەدىبلەر خەنزۇچە، سانسكرىتچە يېزىلغان بىرمۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ھەمدە بۇددا ئىلمى، پەلسەپە، تىبابەت، ئاسترونومىيىگە دائىر ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان؛ يەنە سانسكرىتچە، تۇخارچە بەزى ئەسەرلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى بەشبالىق (ھازىرقى جىمسار) لىق سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق ئەسەرلەردۇر. «ئالتۇن يارۇق» بۇددا رىۋايەتلىرى ۋە بۇددا ئەقىدىلىرى بايان قىلىنغان يىرىك ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرغا قەدەر تېپىلغان خەنزۇچە، سانسكرىتچە، تۇخارچە نۇسخىلىرىغا قارىغاندا بىر قەدەر تولۇقراق بولغىنى ئەنە شۇ سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن ناھايىتى زور ئەدەبىي ماھارەت ۋە يۈكسەك تىل سەنئىتى بىلەن تەرجىمە قىلىنغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە تەرجىمە ئۇستىلىرى يەنە «چاستانى ئىلىگبەگ»، «مائىترى سىمىت» نى تۇخار تىلىدىن خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىغا تەرجىمە قىلغان. ئالدىنقىسىدا چاستانى ئىلىگ بەگنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى مەدھىيىلەنگەن بولۇپ، پۈتۈن ئەسەردە رىۋايەتتىكى بۇ قەھرىماننىڭ ياۋۇز جىن-شەيتانلار بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئەلنى ئازاب-ئوقۇبەت ۋە بالايى-ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى، يىغىپ ئېيتقاندا، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن ياۋۇزلۇق ئوتتۇرىسىدا قاتتىق كۆرەش ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ئاخىرىدا يورۇقلۇق ۋە ياخشىلىقنىڭ

قاراڭغۇلۇق ۋە ياۋۇزلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. «مائىترى سىمىت» بۇددا دىنىي ھېكايىلىرى مەزمۇن قىلىنغان سەھنە ئەسىرىدۇر، ھازىر مەملىكىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان «مائىترى سىمىت» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەڭ مۇكەممەل تەرجىمە نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەرجىمە ئەسەرلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئۆرنەكلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. شۇنداقلا، شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۇرگەن. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بىر خىل بايلىق ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئەسەرلەر ئۆزىنىڭ تىل ئۇسلۇبى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرىكى ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەرجىمە جەھەتتە زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن شۇنداقلا نۇرغۇن شائىرلار يېتىشىپ چىققان. مەسىلەن: ئاپرىنچۇرتېكىن، كۈلتارقان، ئاسىغ توتۇڭ، قالىم كەيشى، سىلىغ تېكىن (ئايال) قاتارلىقلار شۇلار ئىچىدىكى كۆرۈنەرلىك نامايەندىلەردۇر. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سىڭقۇسەلى توتۇڭ ئاتاقلىق تەرجىمان بولۇش بىلەنلا قالماستىن، ھەم شائىر، ھەم تىلشۇناس ئىدى، ھەتتا شۇ دەۋر خانلىقىنىڭ خانى كۆن چىت ئىدىقۇدمۇ داڭلىق شائىر ئىدى. مانا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇلاردىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يازما ئەدەبىياتنىڭ گۈللەنگەن مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

قاراخانىيلار خانلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە بۇددا دىنىنىڭ تۈسى بارغانسېرى سۇسلىشىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۈسى كۈندىن-كۈنگە قويۇقلاشتى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئىشلىرى مىسلىسىز دەرىجىدە راۋاجلىنىش بىلەنلا قالماستىن، ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتىمۇ ئالاھىدە گۈللىنىش بولدى. «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق يۈيۈك ئەسەرلەر قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى كۆرسىتىدىغان نامايەندىلەردۇر. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر سىياسىيون، مۇتەپەككۇر، ئالىم، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1069-يىلى قەشقەردە يېزىپ پۈتتۈرگەن «قۇتادغۇبىلىك» شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىش بىلەنلا قالماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل ئەدەبىي ئىجادىيىتىدىكى بىر پارلاق نامايەندە ئىدى. بۇ داستان 85 باب، 13 مىڭ 290 مىسرا شېئىر، ئۈچ قەسىدىدىن تۈزۈلگەن. شائىر داستاندا شۇ زاماندىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن ئۆزىنىڭ غايىسى ۋە ئىستىكىنى ئىپادىلىگەن. بىز بۇ ئەسەردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە، تارىخ، دىن، دۆلەت، جەمئىيەت، قانۇن، مائارىپ، ئائىلە، ئەخلاق، تىبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە،

دىپلوماتىيە، تىل، ئەدەبىيات، فولكلور، دراماتورگىيە، ھەربىي ۋە ئىقتىساد جەھەتلەردە كەڭ بىلىمگە ئىگە ئالىم ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا، بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىم زاماندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن ۋە پەلسەپە جەھەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ھۆججەت — ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان ئەدىب ئەخمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ناملىق دىداكتىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن نامايەندىلىك قىممەتكە ئىگە يەنە بىر مەشھۇر ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي تېمىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا بىلىم، ئەخلاق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ھەق-ئادالەت، ئەقىل-پاراسەت، مەرتلىك-قەھرىمانلىق، ھەققىي سۆيگۈ-مۇھەببەت تەرغىپ قىلىنغان، زۇلۇم-زورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك، پەسلىك، رەزىللىك، ۋاپاسىزلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەر رەھىمسىز پاش قىلىنغان. تىل ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇب جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك، لېكىن ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار. بۇ ئىككى ئەسەر ئەنە شۇنداق تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان، بۇ ھەقتە بىرمۇنچە تەتقىقاتلارمۇ ئېلىپ بېرىلدى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. 1979-يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ خەنزۇچە قىسقارتىلغان تەرجىمىسى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي شەرھىسى نەشردىن چىقتى، خەنزۇچە تەرجىمىسىمۇ نەشر قىلىندى. «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ ترانسكرىپسىيىسى ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەسرىي ئۇسخىسىمۇ نەشر قىلىندى.

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئۈچ يىل كېيىنرەك يېزىپ چىقىلغان چوڭ تىپتىكى لۇغەت بولۇپ، ئۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى يۈكسەك مۇۋەپپەقىيىتى هېسابلىنىدۇ. مەھمۇت قەشقەرى بۇ گىگانت ئەسەرنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ياكى قەبىلىلەر ياشايدىغان كەڭ زېمىندا تىل تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە كىرىشىپ، تۈركىي تىل دىئالېكتلىرىنى، ماقال-تەمسىل، قوشاقلارنى ۋە قەدىمكى زامانغا مەنسۇپ بىرمۇنچە داستان پارچىلىرىنى توپلىغان ھەمدە ئۆزىنىڭ بۇ ئەسەرنى باغداد شەھرىدە يېزىشتەك پايدىلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، تۈركىي تىل بىلەن ئەرەب تىلىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان. مۇشۇ ئاساستا، ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كەڭ ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە، ئۆز دەۋرىنىڭ مۇكەممەل قامۇسى دېيىشكە مۇناسىپ بۇ گىگانت ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن ئەدەبىي پارچىلار (نەزمىي ۋە نەسرىي پارچىلار، ماقال-تەمسىل، قوشاقلار) قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم

ئەھمىيەتكە ئىگە؛ تىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئۈلگىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خانلىق دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغلاردىكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى، تەرجىمە ئەسەر، داستان ئىجادىيىتى جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى پروزا ۋە رومانچىلىقتىمۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئەدەبىيات مۇنبىرىدىن مەلۇم ئورۇن تۇتقان. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇر ئالىمى نەسرىددىن رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. بۇ ئەسەردە شەرق دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان قەدىمكى زامانغا ئائىت ھەر خىل ۋەقەلەر— پەيغەمبەرلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تارىخىي رىۋايەتلەر ئاساسىي مەزمۇن قىلىنىپ، بۇلار تارىخىي غايىۋى شەخسلەرنىڭ پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا تىپىك ئوبرازلارنىڭ ياردىمى بىلەن جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەردىكى ۋەقەلەر كۆپىنچە زەبۇر، تەۋرات، ئىنجىل، قۇرئان قاتارلىق كىتابلاردىن ئېلىنغاچقا، مەزمۇن جەھەتتە قويۇق دىنىي تۈس ۋە ئەپسانە خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ياخشىلىقنى تەرغىب قىلىپ، يامانلىقنى سۆكۈش، كىشىلەرگە غايە ۋە ئۈمىد بەخش ئېتىش جەھەتلەردە يەنىلا تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدىغان تارىخىي قىممەتكە ئىگە، بولۇپمۇ ئۇ ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇلارنى راۋاجلاندۇرغان، شۇڭا، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان. «قىسسەسۇل ئەنبىيا» «قۇتادغۇبىلىك» تىن 250 يىل كېيىن دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي تىلى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنىڭ شۇ چاغدىمۇ يەنىلا ئەدەبىي تىل بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ زور قىممەتكە ئىگە.

## چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىنى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا باشلىغان دەۋرى دېيىلسە، ئۇ ھالدا چاغاتاي دەۋرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىنىڭ تازا گۈللىنىپ راۋاجلانغان دەۋرى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ دەۋر ئادەتتە «چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇنداق دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى چىڭگىزخان ئۆز ئوغۇللىرىغا زېمىن تەقسىم قىلىپ بەرگەندە، ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا غەربىي رايوننى تەقسىم قىلىپ بەرگەن، ئۇ، يۈەن سۇلالىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدىكى چاغاتاي خانلىقىنى قۇرغان. بۇ خانلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋر، تارىختا "چاغاتاي دەۋرى" دەپ ئاتالغان. بۇ خانلىق تەۋەسىدە خاقانىيە تىلى (قەشقەر تىلى)

ئاساسىي تىل بولۇپ، بۇ تىل "چاغاتاي تىلى" دەپ ئاتالغان. مۇشۇ تىلدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ "چاغاتاي ئەدەبىياتى" دەپ ئاتالغان.

بۇ دەۋردە، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلانغان. بۇ خانلىق تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدىن نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئەدىبلەر، شائىرلار مەيدانغا كەلگەن. سەككاكى، لۇتفى، ئەمرى، گادايى، ئاتايى، مەھەممەت خارەزمى، يەقىنى قاتارلىقلار شۇلارنىڭ نامايەندىلىرىدۇر، بولۇپمۇ، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يەنە بىر مۇساپە كۆرسەتكۈچى بولۇپ قالدى. چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا نۇرغۇن ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار بولدى. بۇ ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار ئاساسەن مۇنۇ ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرسى، ئەسەرلەرنىڭ شەكلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى تېخىمۇ كۆپەيدى ۋە تېخىمۇ ئوبرازلاشتى. بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىدا، لىرىك داستانلار ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ گۈللەنگەندىن باشقا، ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئىلىم-مەرىپەت، ئەخلاق-پەزىلەت، ئادىل قانۇن تەشۋىق-تەرغىپ قىلىنىپ، كىشىلەرنى دەۋر روھىغا ئۇيغۇن بولغان ئىدىيە، ئەخلاق مىزانلىرىغا ئۇندەش ئاساسىي تېما قىلىنغان. لېكىن ئىپادىلەش شەكلى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتە ئىلگىرىكى كۆپىنچە پەند-نەسىھەت ئۇسۇلى قوللىنىلىشتىن، تېخىمۇ ئوبرازلىق بولغان ئەدەبىي ۋاستىلەر قوللىنىلىشقا يەنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بەدىئىي سۆزنىڭ داستان، غەزەل ۋە قەسىدە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، تەرجىئىبەند، مۇسەممەن، رۇبائىي ژانىرلىرى قوللىنىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەسىرلەرنىڭ ئەدەبىي تۈسى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، شېئىرىيەت گۈلزارىدا بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىشتەك گۈزەل مەنزىرە بارلىققا كەلدى. بۇ، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر. لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى بىلەن باشقا ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ غەزەللىرى مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىيەت ئىپادىلەنگەن ئېسىل گۈل دەستىلىرىدۇر. يەنە بىرسى، بۇ دەۋردە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش ئەھۋالى بارغانسېرى روشەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن چەت ئەلنىڭ ياخشى نەرسىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى كېلىپ چىقتى. بۇ جەھەتتە، ئۇلۇغ مۇتەپپەككۇر، شائىر ئەلىشىر نەۋائى زور تۆھپە ياراتتى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە، قوبۇل قىلىش ۋە ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىش ئۈچۈن، يەنە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىنىمۇ ئېلىپ باردى. مەسىلەن، ئۇ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە) دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىقىپ، تۈركىي تىل بىلەن پارس تىلىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە يېتىشسىزلىك تەرەپلىرىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پارس تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىگە باي تىل ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك تۈركىي تىلىنىڭمۇ ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتە پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى

نامايان قىلدى. بۇ، ئۇيغۇر تىلىنى ئەدەبىي تىل قىلغان چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ هاياتىي كۈچىنى ئىلگىرىلەپ جارى قىلدۇرۇش جەھەتتىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ شائىرلىق سۈپىتى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قوغدىغۇچى ئالىم سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يۇقىرى ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

يۇەن سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي رايون تارىخىدىكى مەۋجۇتلۇقى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن خاقانىيە تىلى (قەشقەر تىلى) نى ئاساسىي گەۋدە قىلغان چاغاتاي تىلى تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملىق قوللىنىلدى، شۇڭا، كىشىلەر چاغاتاي خانلىقى مەۋجۇت بولۇشتىن قالغاندىن كېيىنمۇ چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى تىلدا يازغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يەنىلا "چاغاتاي ئەدەبىياتى" دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن. شۇڭلاشقا، "چاغاتاي ئەدەبىياتى" دېگەن بۇ ئۇقۇم چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋۇجۇدقا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

XVI ئەسىردىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، قەشقەر ۋە يەكەن رايونلىرىنى ئاساس قىلغان سەئىدىيە خانلىقى مەيدانغا كەلدى. بۇ چاغدا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئۇنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ چاغدا خەلق ئىچىدىن زور تۈركۈمدە شائىر، ئەدىبلەر چىقىپلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قالماستىن، بەلكى خان ۋە خان جەمەتلىرىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسكارلىرى ۋە ئەمەلىيەتچىلىرى بولۇپ قالدى. مەسىلەن، يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانى سەئىدخان، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇرەشىدخان، ئۇنىڭ خانىشى ئامانىساخان، قىدىرخان يەركەندى قاتارلىق كىشىلەر ئەنە شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرى ئىدى.

1981-يىلى 1-ئايدا، يەكەن خەلقى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان قىدىرخان يەركەندىنىڭ ئۆز دىۋانىنى تويلاش ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئىبارەت بىر قىممەتلىك قول يازما تېپىلدى. بۇ مۇقەددىمىدىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى بىلدۇق. (1) قىدىرخان يەركەندىنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بېيىتلىرى 2000 بېيىتتىن ئارتۇق؛ (2) ئۇ تورلۇك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 9 پارچە (توم) ئەسەر يازغان. بۇ ئەسەرلەرنىڭ نامى: 1) «روھىنى ئارتتۇرچىلىرى»، 2) «تاللانغان ۋەزنەتلىكلىرى»، 3) «شاھانە بېيىت ۋە پايدىلىقلىرى»، 4) «لەتاپەت ئارىلاش ۋە يېتىمشكەنلىرى»، 5) «ئۇلۇغلاش، ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان كۆڭۈلگە ياقارلىرى»، 6) «مىسلىسىز تاق بېيىتلىرى»، 7) «لەتىپ ۋە راۋانلىقى مۇقەررەر مۇئەممالار» (مەقسەت قىلغان نامى بىر بېيىتتىن مەخسۇس يول بىلەن چىقىرىش ئىلمى)، 8) «تەبىئىلىكى ئاشكارا ۋە تۇتاش غەزەللەر»؛ «رىغبەتلىنەرلىك ۋە مۆتىدىللىكلەر»، 9) «قىدىرخان ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە مۆتىدىللىكلىرى». ئۇ يىرىقچىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىللە، سەنئەت ساھەسىدىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر ياراتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا

سەنئەت خەزىنىسى دەپ ئاتىلىدىغان 12 مۇقامنى ئەنە شۇ قېدىرخان بىلەن ئامانىساخان ۋە ئابدۇرەشىدخانلار بىرلىكتە توپلاپ، رەتلەپ، سىستېمىلاشتۇرغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇلار ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەنئىتىنى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئاساس سېلىش ئارقىلىق راۋاجلاندۇرۇشتا ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان. ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيىتى ۋە بۇ ساھەدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن بىزنى ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ چاغلاردا، خەلق ئىچىدىن نۇرغۇن شائىرلار كەينى - كەينىدىن مەيدانغا چىققان، لېكىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى — XVIII ئەسىردە ئۆتكەن لىرىك شائىر ئىبراھىم مەشھۇرى. لېكىن مۇنۇ بىر نۇقتىنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ئۆمۈر بويى نامراتچىلىق ۋە پىغان ئىچىدە ئۆتكەن، لېكىن ئاجايىپ تالانتلىق، ئەدەبىي ماھارەتتە پىشىپ يېتىلگەن بۇ شائىر ئۆزىنىڭ 214 مىسرالىق غەزەلىيات دىۋانىنى چاغاتاي ئەدەبىياتى دەۋرىدىن بۇيانقى شېئىر ئىجادىيىتىنىڭ تۈرلۈك ژانىرلىرى— غەزەل، مۇخەممەس، مۇسەددەس، تەرجىئىبەند، مەرسىيە، مۇناجات قاتارلىق كۆپ خىل شېئىر شەكىللىرى بىلەن يېزىپ چىققان. بۇ، شائىرنىڭ غەزەلىيات ئىجادىيىتىدە يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپلا قالماستىن، 18-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم قىممەتكە ئىگە ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، بولۇپمۇ كۆپ خىل شېئىر شەكىللىرىنىڭ غەزەلىيات دىۋانىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈشى ئىپخىمۇ قىممەتلىك. ئۇلاردىن كېيىن، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا خىرقىتى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، گۇمنام، زەلىلى، ناۋرۇز زىــيائى، تۆردى غەرىبى، بىلال نازىم، تەجەللى، موللا بىلال قاتارلىق شائىر ۋە ئەدىبلەر مەيدانغا چىققان بولۇپ، ئۇلارمۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى يېزىشتا چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنى قوللانغان. لېكىن بۇلار يېقىنقى زامان ۋە هازىرقى زامان ئەدەبىياتى كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغاچقا، ماقالىمىزدا بۇ جەھەتتىكى بايان قىسقارتىلدى.



# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ غەرب ۋە شەرق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

1. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى، كلاسسىك ئەدەبىياتىنى، ئىدېئولوگىيە تارىخىنى ۋەتىنىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان. بۇ، ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخى بىلەن زىچ باغلانغان. مەدەنىيەت تارىخى، كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى ۋە پەلسەپە-ئىجتىمائىي ئىدىيە جەھەتتە ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس مۇۋەپپەقىيەتلىرى بار. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تارىختا دۇنيا بويىچە ئۈچ چوڭ دىن، ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسىنىڭ گىرەلەشكەن جايى، تارىخىي، ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار مەنبەئى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، شۇنداقلا ”يىپەك يولى“نى بويلاپ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇلغان جاي، قەدىمكى دۇنيا قاتناش يولى دەپ ئاتالغان ”يىپەك يولى“نىڭ تۆت كوچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئۇيغۇرلار قەدىمىي زامانلاردىن بېرى قوشنا مەملىكەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىلمىي ئەدەبىي ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن؛ تارىخچى چى شەنلىن ئەپەندى بۇ ھالنى ھەقلىق ھالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇنداق خۇلاسە قىلغانىدى: ”دۇنيا بويىچە تارىخى ئۇزۇن، دائىرىسى كەڭ، ئۆز ئالدىغا سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن، تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان مەدەنىيەت پەقەت تۆت..... ھالبۇكى، بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ قوشۇلغان يېرى پەقەت بىر، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگودىكى دۇنخۇاڭ ۋە شىنجاڭ رايونى“ دېگەنىدى. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنىڭ جاھان مەدەنىيىتىنى بېيىتىشقا قوشقان ھەسسىسىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ.

11-ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئەسىرى شەرق ۋە جۇڭگودا بىر تارىخىي دەۋرنى تەشكىل قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ مۇجەسسەم ئىنكاسى بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ بىرمۇنچە مۇھىم ساھەلىرى بويىچە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ۋە تەربىيىۋى ئىدىيىلەرنى بەدىئىي ۋاستە بىلەن نامايان قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا بىر پارلاق نامايەندە سۈپىتىدە تارىختىكى جۇڭگو ۋە شەرق مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر خىلى ئۇزۇندىن بۇيان، خۇسۇسەن 19-ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسىنىڭ زور دىققىتىنى قوزغاپ، شەرق ۋە غەربتە، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تېمىسى ۋە مەنبەسى بولۇپ قالدى.

بىز 11-ئەسىردە يېزىلغان، يەنى 1069-يىلى قەشقەردە

يېزىلىپ پۈتتۈرۈلگەن 85 باب 13 مىڭ 290 مىسرا شېئىر، 3 قەسىدىدىن ئىبارەت «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بايان قىلىنغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە، تارىخ ۋە دىنشۇناسلىق، دۆلەت، جەمئىيەت ۋە قانۇنشۇناسلىق، مائارىپ، ئائىلە ۋە ئەخلاقشۇناسلىق، تىبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل-ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، ئېتنوگرافىيە، دراماتورگىيە، ھەربىي، ستراتېگىيە ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق جەھەتلەردىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن ئەينى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى توغرىسىدا مۇكەممەلرەك مەلۇماتقا ئېرىشەلەيمىز.

شۇڭا، بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئالىمىنى قەدىمكى زامان دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن يۇناندىكى پلاتون، ئارىستوتېل، ئىتالىيىدىكى توماس ئاكونىيە، پولشادىكى كوفېرنىك، ئەنگلىيىدىكى فرانس بىكون، نيوتون، چارلىز، فرانسىيىدىكى ۋولتېر، گېرمانىيىدىكى دارۋىن، جۇڭگودىكى كوڭزى قاتارلىق 10 چوڭ مۇتەپەككۇر قاتارىدىكى بىر كىشى، دەپ ھېسابلايمىز.

بەزى دۆلەتلەردىكى مەخسۇس «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىملار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئەسىرىدىكى بىلىم، قانۇن، ئەقىل، ئەخلاقى پەزىلەت قاتارلىق مەسىلىلەردىكى پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ۋە مىلادىيىدىن كېيىنكى 1778-يىلىغىچە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، يەنى ئىلمىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



جەھەتتە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە.

شىنجاڭنىڭ 9-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە بولغان دەۋرىدىكى تارىخى شەرقتە تۇرپاندىكى قارا خوجىنى، شىمالدا بەشبالىقنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ، غەربىي جەنۇبتا قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، قاراخوجا ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا، قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئىككى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەلۇم جەھەتلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتلەردە يەنىلا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن.

تۈركىيىنىڭ تارىخشۇناس ئالىمى ئەجەپ ئاسىم: "«قۇتادغۇبىلىك»تە لياۋ خانلىقى دەۋرىدىكى پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى بولۇپلا قالماي، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ئالىملىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار" دېگەنىدى.

بۇنىڭدىن شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (960-يىلدىن 1279-يىلغىچە) دەۋرى داۋامىدا ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن يۇسۇپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ شائىرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ يەككە-يېگانە ئەمەسلىكىنى، بەلكى بۇ دەۋردە ئىدىقۇت ۋە قەشقەردە زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ھەرقايسى

ساھەلىرىدە يەنە باشقا ئالىملار، يازغۇچىلار، شائىرلارنىڭمۇ بولغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ھەر جەھەتتە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ، مۇشۇنداق تارىخىي تەرەققىياتلارنىڭ دەۋر شارائىتلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق، بىناكارلىق، ئۇسسۇل، مۇزىكا، ئەدەبىيات، تىبابەتچىلىك ساھەلىرىدە ئىجادكارلىق بىلەن ياراتقان زور ئېسىل مەدەنىيەت ئۇنچىلىرى، ھازىرغىچە شىنجاڭدا ساقلىنىۋاتقان مىڭ ئۆيلەردىكى تام سۈرەتلەر، داۋاملىق تېپىلىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار، ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكا سەنئىتىنىڭ قامۇسى دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان 12 مۇقام، خەلق ئاغزىدا ۋە كىتابلاردا، قول يازمىلاردا ساقلىنىپ قالغان سانسىزلىغان خىلمۇخىل ئەدەبىي مىراسلار، شۇنىڭدەك ئورخۇن-يېنسەي بويلىرىدىكى مەڭگۈ تاشلار، قوچۇ ئىدىقۇت دەۋرىگە مەنسۇپ ئۇيغۇر بۇددا يازما ئەدەبىياتى، قاراخانىيلار دەۋرىگە مەنسۇپ مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى تىل-ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ۋە ئاجايىپ مول مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بۇ كلاسسىك ئەدەبىيات، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز جۇڭگو ئەدەبىيات-مەدەنىيەت تارىخىنى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتتى.

مەسىلەن: ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن، كلاسسىك ئەدەبىيات قول يازمىلىرىدىن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىسمى 12 دۆلەتنىڭ 30 نەچچە تەتقىقات ئورنىدا، مۇزېيىدا ساقلانماقتا، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يۇيۇك بىرىتانىيە مۇزېيىدا، ئەنگلىيە لاۋازىمات مىنىستىرلىكى مۇزېيىدا، يېڭى دېھلى ھىندىستان دۆلەتلىك مۇزېيىدا، بېرلىن مۇزېيىدا، شەرقىي گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مۇزېيىدا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پېتىربورگ، لېنىنگراد مۇزېيىدا، ياپونىيە لوڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى غەربىي رايون مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىدە، فرانسىيە پارىژ مۇزېيىدا، شۋېتسىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

2. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمۇ مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى-فولكلوردىن بارلىققا كەلگەن. شۇڭا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، سۆزنى تەبىئىي يوسۇندا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشلاشقا ۋە ئۇنىڭ يازما ئەدەبىياتقا كۆچۈش دەۋرى توغرىسىدا ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بىراق، قەدىمكى دەۋرلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە، ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ بولغان بىرمۇنچە داستان، قوشاق، ھېكايە، چۆچەك، ماقال-تەمسىل، ئەپسانە-رىۋايەتلەر ئەۋلادمۇ ئەۋلاد، دەۋرمۇ-دەۋر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. «ئوغۇزنامە»، «ئەرگىنە قون داستانى»، «ئالىپ ئەرتۇڭا» قاتارلىقلار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرىدۇر.

«ئوغۇزنامە»، «ئالىپ ئەرتۇڭا»، «ئەرگىنە قون داستانى»

غا ئوخشاش ئېسىل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بايلىقىنى ئېچىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ داستان ئىجادىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىي تىلىنى تەتقىق قىلىش، تارىخىي، ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىسى ئەبۇ غازى باھادىرخان 1606-يىلى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن كىتابىدا «ئوغۇزنامە» نىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلغان. 1915-يىلى غەرب ئالىملىرى «ئوغۇزنامە» نىڭ نېمىسچە قىسقارتىلغان تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئەسەر ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ، بولۇپمۇ شەرق ئالىملىرىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە ئىلمىي ماقالە ۋە كىتابلار يېزىلغان.

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئەنە شۇ مول ۋە رەڭگارەڭ ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتىمۇ مەيدانغا كەلدى، «تۇنيۇقۇق» ۋە «كۆل تېكىن» ئابىدىسى قاتارلىق مەڭگۈ تاشلاردىكى خاتىرىلەرنى ھازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان يازما ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى نەمۇنىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «تۇنيۇقۇق» ئابىدىسىنى ئالساق، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى دېگۇدەك نەزمىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ماقال-تەمسىللەر ئۇچرايدۇ. بۇ پاكىتلار بىر تەرەپتىن، يازما ئەدەبىياتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن بولغان مەنبە جەھەتتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، كەم دېگەندە 5-، 6-ئەسىردىلا ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

3. ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ يىللىرىدىن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جىيادىڭ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قارا خانىيلار خانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى يەرلىك ھاكىمىيەت 360 يىل داۋام قىلغان بۇ ئۇزاق دەۋر جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، بىر تۈركۈم نامايەندىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە يازما ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر مەيدانغا چىققانىدى.

قارا خانىيلار خانلىقىدىن ئىلگىرى قۇرۇلغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي مۇۋەپپەقىيەتلەر تەرجىمە ئەسەرلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. بۇ دەۋردە، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ئۇيغۇر تىل ئالىملىرى ۋە ئەدىبلەر خەنزۇچە، سانسكرىتچە يېزىلغان بىرمۇنچە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ھەمدە بۇددا ئىلمى، پەلسەپە، تىبابەتچىلىك، ئاسترونومىيىگە دائىر ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان؛ يەنە سانسكرىتچە بەزى ئەسەرلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى سىڭقۇسەلى توتۇڭ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىق ئەسەرلەردۇر.

4. ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىغا ئىنتايىن قىزىقىش بىلەن كۆڭۈل بۆلمەكتە. ھازىر ھەرقايسى

ئەللەرگە تارقالغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قول يازمىسى ئۈچ خىل: بىرى، ۋېنا نۇسخىسى، ئىككىنچىسى، قاھىرە نۇسخىسى، ئۈچىنچىسى، پەرغانە نۇسخىسى. بۇ ئۈچ خىل قولىيازما ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 18-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاۋستىرىيىنىڭ ۋېنا شەھىرىدىن، مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدىن ۋە ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە شەھىرىدىن تېپىلغان. ۋېنا نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان قولىيازما، قاھىرە نۇسخىسى بىلەن پەرغانە نۇسخىسى ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان قولىيازما.

بۇ قولىيازمىلارنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخي، ئىلمىي قىممىتى تېزلا خەلقئارا ئىلىم ئەھلىنىڭ كۈچلۈك ھەۋىسىنى قوزغىغان. فرانسىيىنىڭ فرانسىيە ئىنستىتۇتى يېقىن شەرق تىللىرى بويىچە پروفېسسورى جوبېل 1823-يىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋېنا نۇسخىسىنى ئىلمىي ئەسەر قاتارىدا تۇنجى قېتىم «ئاسىيا ژۇرنىلى» دا دۇنياغا تونۇشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەسەرنىڭ قىسمەن پارچىلىرى ئېلان قىلىنغان. بۇ، «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى بىر يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلغان ۋە بۈگۈنگىچە داۋام قىلىۋاتقان تەتقىقاتنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەب بولغان.

شۇنىڭدىن باشلاپ نۇرغۇن دۆلەتلەر، جۈملىدىن ۋېنگرىيە، دانىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردە بۇ ئەسەر ئۈستىدە بىر قاتار ئىلمىي خىزمەتلەر ئېلىپ بېرىلغان. تەتقىقاتچى، ئالىملاردىن ئوتتو ئولبېرت (گېرمانىيىلىك)، ۋامبېرى (ۋېنگرىيىلىك)، نەجىپ ئاسىم، رەشىت رەھمەتى ئارات، سەدرى مەخسۇدى، ئادىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاچار، كوپرولى فوئازادە (تۈركىيىلىك)، بومبا (ئىتالىيىلىك)، مالوۋ، رادلوۋ، بارتولد، ساملوۋىچ، قەييۇم كەرىموۋ (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقلىق)، تومسىن (دانىيىلىك)، بىروكلمان، هارتمان (گېرمانىيىلىك) لەر «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئىلىم دۇنياسىغا ئالقىشقا سازاۋەر زور خىزمەتلەرنى تەقدىم قىلغان. 1870-يىلى ۋېنگرىيە ئالىمى ۋامبېرى ۋېنا نۇسخىسىدىكى بېيىتنىڭ لاتىنچە يېزىقتا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىڭ نېمىسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان. روسىيە ئالىملىرىدىن رادلوۋ 1890—1910-يىل ئارىلىقىدىكى 20 يىل ئىچىدە ۋېنا نۇسخىسىنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى، قاهىرە نۇسخىسىنى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ سىلاۋيان يېزىقىدىكى نۇسخىسى ۋە نېمىسچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلغان. ئۆزبېكىستان ئالىمى فىترەت 1925-يىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پەرغانە نۇسخىسىنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن، 1928-يىلى بۇ قوليازمىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى ئېلان قىلغان ھەمدە ئۆزبېك يېزىقىدا ئىزاھ بەرگەن. 1971-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدە قېيۇم كەرىموۋ ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرغان. 1983-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى موسكۋا ئىلىم-پەن نەشرىياتى پروفېسسور ئىۋانوۋنىڭ رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنى نەشر قىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ۋالىتوۋا، ئابدۇراخمانوۋ، گولېپېنۇ قاتارلىق ئالىملارنىڭ قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغان ۋە ئۆزگەرتىپ يازغان نۇسخىلىرى نەشر

قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە پروفېسسور ئىۋانوۋنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھازىرغا قەدەر چىققان ئەڭ مۇكەممەل رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، 1980-يىلدىن 1983-يىلغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەزەربەيجانچە ۋە قازاقچە تەرجىمە نۇسخىلىرىنى ئېلان قىلغان.

تۈركىيىنىڭ ئىلىم-پەن ۋە نەشرىيات ساھەلىرى 1942-ۋە 1943-يىللىرى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۈچ خىل كۆچۈرمىسىنىڭ فوتو نۇسخىسىنى نەشر قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە رەشىت رەھمىتى ئاراتنىڭ 1947-يىلى نەشر قىلىنغان لاتىنچە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى خەلقئارا ئىلىم ئەھلىگە ھەممىدىن بەك ياققان. ئۇز ھاياتىدا زېھنىي كۈچىنىڭ كۆپ قىسمىنى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىغا بېغىشلىغان بۇ تۈركىيە ئالىمى كۆپ يىللار جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئۈچ خىل نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ، لاتىنچە ھەرپ بىلەن ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈپ چىققان نۇسخا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلقئارا ئىلىم ساھەسىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن مۇھىم ئاساس بولۇپ قالغان. 1983-يىلى ئامېرىكا ئالىملىرىدىن روبېرت دانكروۋ ئېنگىلىزچىگە تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» مۇ ئامېرىكىنىڭ چىكاگو شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن.

رادلوف «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەشرىگە بېغىشلاپ يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن مۇقەددىمىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىنكى مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئەدەبىيات تارىخىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى بايان قىلغان. كونونوۋ 1983-يىلى ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «قۇتادغۇبىلىك» ئەڭ قەدىمكى بىردىنبىر كونا ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان تولامدۇر. بۇ داستان ئىنسانلارنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن قامۇستۇر. «قۇتادغۇبىلىك» نى تۇنجى بولۇپ رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان پروفېسسور ئىۋانوۋ بۇ ئەسەرگە ئوتتۇرا ئەسىردىكى سان-ساناقسىز ئالەمشۇمۇل ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىدە ماختاشقا ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ نەزمىي ئەسەر دەپ باھا بەرگەن. بارتولد «تۈرك تارىخى توغرىسىدا 12 لېكسىيە» دېگەن ئەسىرىدە، «قۇتادغۇبىلىك» تۈركىي تىل ئەدەبىياتىدا ”قەشقەر“ دەۋرىنى ئاچقان، ”شۇ دەۋردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى زىچ مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى تېخى بار ئىدى“، ”قارا خانىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئىچىدە ياشىغان“ دەپ قارىغان. بولۇپمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، 1984-يىلى ئېلىمىزدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنى ئاتاغلىق ئۇيغۇر شائىرلىرى ۋە تەتقىقات خادىملىرىدىن ئەخمەت زىيائى باشلىق ئالتە نەپەر يولداش تۆت يىل جاپالىق ئىشلەپ نەشرگە تەييارلىدى، نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، قىرغىزىستان ۋە قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر پەلسەپە دوكتورى نارىنبايېۋ، قاسىموۋلار «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىنىڭ يېڭىدىن نەشر قىلىنغانلىقىنى مۇبارەكلەپ بىزگە خەت ئەۋەتكەندىن باشقا، يەنە قازاقىستاننىڭ «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىدە ”ئەجدادلىرىمىزدىن

قالغان مىراس — «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يېڭى نەشرى" دېگەن ماۋزۇدا مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلغان، ئۇلار ماقالىسىدە: «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر تارىخىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغان دەۋرىدە دۇنياغا كەلگەن، كېيىنكىلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە تىلىنى يازما ھۆججەت ئارقىلىق چۈشىنىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان بىباھا مىراس دەپ كۆرسەتكەن. ئاپتور يەنە: ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئەسىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، پەلسەپە، ئەخلاق ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە سەل چاغلاشقا بولمايدىغان روللارنى ئوينىدى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپلىرى ئېتىكىغا دائىر ھەر خىل ئەسەرلەرنى يازدى، دەپ تەكىتلىگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» قانداق ئەسەر؟ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئالىملىرى تەتقىقات جەريانىدا ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەسىلەن: تۈركىيە ئالىملىرى ئىچىدە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا داڭ چىقارغان رەشىت رەھمەتى ئارات ئۆزى تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» 1-جىلدىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

”«قۇتادغۇبىلىك» ۋەقەلەرنى بايان قىلىدىغان تارىخىي ئەسەر ئەمەس ياكى رايون، شەھەرلەرنى تەسۋىرلەيدىغان جۇغراپىيىلىك ئەسەر ئەمەس، شۇنىڭدەك دىنىي زاتلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى يىغىدىغان مەخسۇس توپلاممۇ ئەمەس، مەلۇم بىر پەيلاسوپنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نۇقتىئىنەزەرىنى ئاساس قىلغان پەلسەپىۋى ئەسەر ياكى مەلۇم مۆتىۋەرلەرنىڭ ئىبرەتلىك سۆزلىرى ئارقىلىق كىشىگە نەسىھەت قىلىدىغان ئەسەرمۇ ئەمەس، يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ باشقىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك، مەنسەپدارلارغا خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن ئېتىقسىز ئوخشىتىشلار ئارقىلىق قۇرۇق ۋەز-نەسىھەت قىلغۇچىلاردىن ئەمەس، بەلكى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى تەھلىل قىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەتتىكى ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كەڭ مەنىلىك پەلسەپىۋى ئەسەرنى يېزىپ چىققان پەيلاسوپ ۋە ئالىم"، ئۇنىڭ ئەسىرى- «قۇتادغۇبىلىك» ماۋزۇسىدىن تارتىپ باشقا تەرەپلىرىگىچە ئىنتايىن مۇكەممەل، ئالاھىدە تۇس ئالغان بىر ئەسەر. تۈركىيىلىك يەنە بىر ئالىم، پروفېسسور مەخسۇت «قۇتادغۇبىلىك» تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ "نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئەخلاق، ئىدىيە ۋە قانۇن كۆز قارىشىنىڭ يەكۇنى"، "دۆلەت ئاپپاراتى، سىياسىي-قانۇن، ئىجتىمائىي ئەخلاق توغرىسىدىكى ئىزدىنىش" دەپ قارىغان. گېرمانىيە ئالىمى ئوتتو ئولبىرىخ «قۇتادغۇبىلىك» ئەرەب پەيلاسوپى ئىبنى سىنا ۋە قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن يېزىلغان پەلسەپىۋى ئەسەر دەپ قارىغان. تۈركىيە ئالىمى كوپرۇلۇ بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلغان. ئۇ: "«قۇتادغۇبىلىك» ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيە ئىچىدە ئىبنى سىنانىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر" دېگەن. لېكىن روسىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسىم ئالىملىرى، مەسىلەن، رادلوۋ، بارتولىد، تۇكۇشېۋا قاتارلىقلار بولسا «قۇتادغۇبىلىك» قىممىتى ئەڭ يۇقىرى ئەدەبىي ئەسەر، دەپ

قارىغان. بىزنىڭ تەتقىقات خادىمىمىز لى چى يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزغا ئوخشاش، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ غەرب ۋە شەرق ئەللىرىدىكى ئالىملار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقات نەتىجىلىرى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىۋاتىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنىڭ گۈلتاجى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئېستېتىك غايىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن، پىشقان بەدىئىي شەكىلگە ئىگە بولغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تەسىرى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى بويلاپ تاكى ۋولگا دەرياسى بويىغىچە يېتىپ بارغان. بۇ ھەقتە سوۋېت ئىستىتىپاقىلىق ئىلىم-پەن ئەربابى ئا. خاروسوۋ مۇنداق بايان قىلىدۇ: ”ۋولگا بىلەن ئورال بويىغا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە باشقا ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقىسى ھەمدە تۈركىي تىل ئەدەبىيات تارىخى ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدۇر. بۇ ئەسەر باي مەزمۇنى بىلەن نۇرغۇن ئەللەرگە تارقالغان... «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قىممىتى، ئەۋزەللىكى دۇنياۋى ئەسەر بولغانلىقىدا، يەر يۈزىدە مەنىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان ئوتتۇرا ئەسىر كىشىلىرىنىڭ ئىنتىلىش ئارزۇسى بىلەن ئويغىنىۋاتقان ئىچكى دۇنياسىنى تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكىدە!...“

«قۇتادغۇبىلىك» نى ئەڭ بۇرۇن تەتقىق قىلغان روسىيىلىك رادلوۋ ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ داستانىنىڭ تىلىنى ئۇيغۇر تىلى دەپ بىرىنچى بولۇپ ئېنىق كۆرسەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن مالوۋ «‹قۇتادغۇبىلىك›

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نىڭ ئۈچ خىل قولىيازما نۇسخىسى» دېگەن ماقالىسىدە، ئۈچ خىل قولىيازما نۇسخىسىنى سېلىشتۇرغاندا ئەرەب تىلى ئېلىپبەسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن قاھىرە نۇسخىسى بىلەن پەرغانە نۇسخىسى يېقىن كېلىدۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى، يەنى ۋېنا نۇسخىسى بىلەن باشقا ئىككى خىل قولىيازما نۇسخىسى كۆپ پەرقلىنىدۇ، پەقەت قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازما نۇسخىسىلا قىممەتلىك ئەسەر بولالايدۇ، دەپ قارىغان. بۇ ئالىم «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيا تىل-ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەلىشىر نەۋائى» ۋە «قەدىمكى تۈركىي تىلدىكى ھۆججەتلەر» دېگەن ئىككى ئەسىرىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەپ كۆرسەتكەن. باسكاكوۋ، تېنىشېۋلەر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، دەپ قارىغان. لېكىن، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا بىر چەكلىمە قويۇپ، ئۇنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى دەپ قارىغان.

يەنە بەزى ئالىملار گەرچە «قۇتادغۇبىلىك» نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان دەپ ئېنىق كۆرسەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىلىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قاراخانىيلار تىلى، دەپ كۆرسەتكەن. تۈركىيە ئالىمى، دوكتور ئارات ئۇيغۇر تىلى دەپ قارىغان. ئۇ ئۆزى تەرجىمە قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» 1-جىلدىنىڭ مۇقەددىمىسىدە، بەزى ئالىملارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى ئەرەب تىلى دېگەن قاراشلىرىغا قارىتىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى ھۆكۈمەت دىنى قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى تەڭ قوللانغان، ھەتتا ھەسەن بۇغراخان دەۋرىدىمۇ يەكەننىڭ ھەر خىل خەت-ئالاقىلىرى مۇشۇ

ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلاتتى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىمزا قويۇلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردە تا XX ئەسىرگىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوللىنىلىپ كەلگەن، دەپ كۆرسەتكەن ھەمدە مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، دەپ قارىغان. سوۋېت ئالىمى ۋالىتوۋا «قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ سىنىپىيلىكى مەسىلىسى» دېگەن كىتابىدا، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى قاراخانىيلار تىلى دېگەن. پروفېسسور ئەۋانوف رۇسچە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بىر خاتىمىسىدە، "شەرقىي تۈرك شىۋىسى ئۇزاق تەرەققىيات تارىخىغا ئىگە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەسۋىرىي تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان" دەپ كۆرسەتكەن.

شېرباك 1961-يىلى موسكۋا-لېنىنگرادتا نەشر قىلىنغان «تۈركىي تىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ گرامماتىكىسى ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن كىتابىدا، «قۇتادغۇبىلىك» قارلۇق ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، دېگەن.

ئاتاغلىق ئۇيغۇر شائىرى ئەخمەت زىيائىي «قۇتادغۇبىلىك» تە قوللىنىلغان، ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا قوللىنىلىۋاتقان سۆزلەردىن بىرقانچە يۈزنى رەتلەپ چىققان، بۇلاردىن بىرنەچچە نەمۇنە كۆرسىتىشلا كۇپايە قىلىدۇ:

| | | |
|---|---|---|
| ئاچ | بەزەك | چىرىك |
| ئىقتىماق | بىتىك | چىۋىن |
| ئاقساق | بۆرە | چۇمغۇق |

| | | |
|---|---|---|
| ئالقىش | بۆرە | ئەم |
| ئارىخ | بوغرا | ئەمچى |
| ئازغاش | بۇلاق | ئىلا (ئىلى ناھىيىسى) |
| باي | بۇرۇن | ئىنجىق |
| بەلگىلىك | بۇرۇن | ئىنىچ (تىنچ) |
| ئىرىك (ژىرىك) | مەڭ | سوغالساق |
| ئىشىشىخ | ماڭىم | (ماڭدىم) سۆڭەك |
| قاچان | مەڭزى | شاتۇ |
| قارا قۇش | مەڭگۈ | تاغار |
| قاراقچى | موك | تاڭشۇق |
| قارماق | ئوغرى | تەلۋە |
| كىزىك | ئوڭ | تۇغ |
| قىلىق ئوڭ | ئوڭاي | تۇن |
| كىزىن (كىيىن) | ئوت | تۇرقۇ (تاۋار-توقا) |
| كىڭەش | ئۇزا | توسۇن |
| كەڭ | ئۆكۈز | تورا |
| قىڭغۇز | ئۆكۈنچ | تۇش (تەڭتۇشى) |
| كۆك (كۆكلىدى) | ئۇرۇك | توشاغ |
| كۆپ | ئۆتۈنچ | تۇرۇك |
| كورك | ئوزە | ئۇرۇغ |
| قۇلان | سان | ئۇۋۇت (ئۇيات) |
| قوتۇز | سارت | ئۇز |
| لاچىن | سىلىگ | |

ئۇلۇش                    توغ (بايراق)

بۇ ھەقتە يەنە بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ھېچقانداق يەشمىسىز ھازىرقى ئۇيغۇرلار بىۋاستە چۈشىنەلەيدىغان مىسرالاردىن بىرنەچچە مىڭنى رەتلەپ چىققان، بۇنىڭدىن بىرنەچچە نەمۇنە كۆرسەتسەكلا مەسىلە ئايدىڭلىشىدۇ:

237. تىرىك ئۆلگۇ ئاخىر تۇشەنگو يىرىگ،
كىشى ئۆلسە ئەدگۇن ئاتى تىرىك.
(بۇ ئىككى مىسرادىكى ئون سۆزنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە)
464. يۈزى كۆرۈكلۈك ئەردى كۆرۈپ كۆز قامار.
سۆزى يۇمشاق ئەردى تىل تۇز تامار.
(بۇ ئىككى مىسرادىكى ئون ئىككى سۆزنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە، چۈشىنىشلىك)

204. سۆزۈم سۆزلەمىشكە ساڭا ئەيمەنۇ،
ئۆزۈم ئۆزى قولمىدى ساڭا ئوش مونو.
(بۇ ئىككى مىسرادىكى ئون سۆزنىڭ ھەممىسى چۈشىنىشلىك.)

416. ئۇقۇشلۇق كىم ئەرسە ئۇقىتتى ئانى،
بىلىكلىك كىم ئەرسە بەزۈتتى ئانى،

(بۇ ئىككى مىسرادىكى ئون سۆزنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۈشىنىشلىك) تۆۋەندىكى مىسرالارنىڭ ھەممىسى شۇنداق:

3292. قاپۇغ ئاچتى چىقتى قاداشىن كۆرۈف،
قۇچۇشتى، ئىسەنلەشتى يۈز-كۆز ئۇرۇف.

370. تارتىغ ئەردى ئوقتەگە كۆڭۈل ئەردى يا،
كۆڭۈل قىلغۇ ئوق تەگ بوزۇم بولدى يا.

376. تارتىغ ئەردى بارچە يىگىتلىك ئىشىم،
ئاغۇ قىلدى ئەمدى ماڭا يەر ئاشىم.

372. يىگىتلىك نەگو (نېمە) يىغدى ئەرسە ساڭا،
قارىلىق كەلىپ ئالدى، كەلگەي ساڭا.

383. قاراڭغۇدا ئەردىم يارۇتتى تۇنۇم،
تۇنەرقتە ئەردىم تۇغۇردى كۇنۇم.

187. ساڭا سۆزلەدىم مەن سۆزۈم ئى ئوغۇل.
ساڭا بەردى بۇ پەند ئۆزۈم ئى ئوغۇل،

189. كۇمۇش قالسا ئالتۇن مىڭىڭدىن ساڭا.
ئانى تۇتماغىل سەن بۇ سۆزگە تەڭا،

1382. نەچە قاچسا ئاخىر ئۆلۈم يۇتغۇسى،

نەچە قالسا ئاخىر ئۆلۈم يەتكۈسى.

1384. قانى كىم قۇتۇلدى ئۆلۈمدىن قاچىپ،
قانى كىم ئاشۇندى ئۇ دىندىن كەچىپ.

1419. ئەدىز كەڭ بەدۇلگ سارايىڭ قالىپ،
قاراڭغۇ يەر ئەۋدە ياتۇرسەن ئۆلىپ.

1501. ئايۇر ئاي ئوغۇل كۆردۈك ئەمدى مەنى،
نە ھالىن بارىر مەن ئۇنتىما مۇنى.

1503. كەرەكلىك سۆزۈك مەن تونوزدوم ساڭا،
سۆزۈمنى ئۇنۇتما، دۇئا قىل ماڭا.

«قـۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ نامىغا كـەلـسـەك، يـۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق دېگەن:

350. كىتاب ئاتى ئوردۇم قۇتادغۇبىلىك،
قۇتاتسۇ ئوقۇقىلقا توتسۇ ئەلىگ.

«قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئىسىم "قۇت"، "ئادغۇ"، "بىلىك" دېـگـەن ئـۈچ سۆزدىن تۈزۈلگەن. "قۇت"نىڭ مەنىسى بەخت، تەلەي، مۇبارەك، مۇقەددەس دېگەن بولىدۇ؛ "ئادغۇ"نىڭ مەنىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېرىش، ئاتا قىلىش دېگەن بولىدۇ؛ "بىلىك"نىڭ مەنىسى بىلىم، ئىلىم، پاراسەت دېگەن بولىدۇ؛ بۇ ئۇچىنى قوشقاندا «قۇتادغۇبىلىك» يەنى "بەخت ئاتا قىلغۇچى بىلىم" دېگەن بولىدۇ. روسىيە ۋە سوۋېت ئالىملىرى رادلوف، تومسون، ئىۋانوۋ كېرىموۋ، كىرىمسكى قاتارلىقلار مۇشۇنىڭغا ئاساسەن «قۇتادغۇبىلىك»نى "بەخت بىلىمى"، "بەخت يەتكۈزگۈچى بىلىم"، "بەخت كەلتۈرىدىغان بىلىم"، "كىشىنى بەختلىك قىلىدىغان بىلىم"، "پاراسەتلىكلەر بەختلىك بولۇر" دەپ تەرجىمە قىلغان، ۋېنگرىيىلىك ۋامبېرى، تۈركىيىلىك كوپرۈلۈۋ قاتارلىق ئالىملارمۇ ئۇنى بەخت، بىلىم، دەپ چۈشەنگەن. سەدىر مەخسۇت دېگەن تۈركىيە ئالىمى «قۇتادغۇبىلىك»نى "قانۇنچىلىق دەستۇرى" دەپ تەرجىمە قىلغان ھەم شۇنداق باھا بەرگەن. بىزنىڭ ئاتاغلىق شائىر، تەتقىقاتچىلىرىمىزدىن ئەخمەت زىيائى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، سەي سەنجىڭ، ۋاھاپ خېۋىر، ئابدۇكىرىم راخمان، مۆمىن ئابدۇللا، لۇبىڭ، لى چى، جاڭ خوڭچاۋ، لىۋ كۇيلى، لاڭيىڭ قاتارلىقلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى، ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى، دەۋر كۆرۈنۈشى، ئىدېئولوگىيىسى، بالىلىق ئوقۇش جەريانى، ۋاپاتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى:

بۇ ھەقتە ئەسەر مۇقەددىمىسىدە بىزگە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن، ئەمما شائىرنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدىن بۇ توغرىدا خېلى ئېنىق مۇلاھىزىۋى خۇلاسە چىقىرالايمىز:

6495. يىل ئالتىمىش ئىكى ئەردى تۆت يۈز بىلەن،
بىتىيو توكەتتىم بۇ سۆز ئۆلگۆلە

بۇنىڭدىن شائىرنىڭ بۇ ئەسەرنى ھىجرىيە 462-(مىلادى 1069-، 1070-) يىلىدا يازغانلىقى بىلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ زور ئەسەرگە سەرپ قىلغان ۋاقتى 18 ئاي، يەنى بىر يېرىم يىل بولۇپ، ئۇنى بۇ بېيىتلەردىن بىلىمىز:

تۆگەل ئون سەككىز ئايدا ئايدىم بۇ سۆز،
ئوزۇردۇم ئازىردىم سۆز ئەۋرىنى تىرا.

ئەمدى شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ:
تىگوردى ماڭا ئىلگىن ئەلىگ ياشىم،
قوغو قىلدى قوزغون توسى تىلىك باشىم.

دېگەن بېيىتىغا قارىغاندا، بۇ ئەسەرنى يازغان ۋاقىتتا شائىرنىڭ ئەللىك ياش ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. مۇشۇنداق ھېسابلىغاندا شائىرنى ھىجرىيە 412-يىللىرى، مىلادىيە 1019-يىللىرىدا توغۇلغان، دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا ھېچقانداق يەردە ئىز يوق. ئەمما ئەسەرنىڭ ئايىغىدىكى قوشۇمچە قەسىدە بىزگە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خېلى ئۇزۇن ھايات مەنزىللىرىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئەللىك ياش كىشى قېرىلىقتىن بۇنچە زارلىنىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئەمما بۇ قەسىدە ياشلىقتا قاتتىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېچىنىشلىق ھەسرەتلەر بىلەن تولغان:

6528. ئىسىزىم يىگىتلىك ئىسىزىم يىگىتلىك،
تۇتا بىلمەدىم مەن سېنى تەرك قاچتىم.

6523. يانا كەلگىل ئەمدى يىگىتلىك ماڭا سەن،
ئايادا تۇتايىن ئاغى جوز تۇشەتتىم.

6530. يىپارسىغ قارا باشقا كاچۇر ئاشۇدۇم،
تولۇن تىگ تولۇ يۈز قايۇقا ئىلەتتىم.

6531. يارۇق ياز تىگ ئەردىم تۈمەن توجىچەكلىگ،
خازانمۇ تۇشۇتتۇم قامۇغنى قۇرۇتتىم.

6532. قادىڭ تىگ بودۇم ئەردى ئۇق تەگ كونى تۇز،
ياتىگ ئەگرى بولدى ئەگىلدىم توڭتتىم.

مۇشۇلارغا قاراپ ئەسەر مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات مەنزىللىرىنىڭ يەتمىش-سەكسەننى باسقانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى "قەشقەر ئىلىندە توگەل قىلىپ..." دېگەن جۈملىدىن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قەشقەردە يېزىلىپ تاماملانغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بالىلىق تەربىيىسىدىن تارتىپ پۈتۈن ھاياتى قەشقەردە ئۆتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتى ۋە تىلىنىڭ بىردىنبىر نەمۇنىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بارلىقىنى كۆرۈپ يەتمەكتىمىز.

بۇ نۇقتىلار «قۇتادغۇبىلىك» فىلولوگىيە (تىل-ئەدەبىيات ئىلمى) دائىرىسىدە قولغا ئېلىنىپ، لېكسىكولوگىيە نۇقتىئىنەزىرىدىن تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىنسا، قىممىتى تېخىمۇ ئوچۇق ئىسپاتلىنىدۇ، ھازىر بىزدە «قۇتادغۇبىلىك» شۇناسلىق بويىچە تۈنجى قېتىم «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

بىز ئىشىنىمىزكى، «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە بۇ يېڭى دەۋرنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئىلمىي خىزمەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ، مۇجمەل قاراشلار تۈزىتىلىدۇ. ئۆتمۈشتىكى پارلاق ئىلىم-مەرىپەتلىك ھاياتىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان يىمىرىلمەس ئىلمىي يادىكارلىقىمىز «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى يەنىمۇ يۇكسىلىدۇ.

ھازىر قەدىمكى يىپەك يولىدىكى بۇ ئالتۇن تۇپراقنىڭ دەرۋازىسى تېخىمۇ كەڭ-ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلدى، بىز ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرق-غەرب خەلقلىرى بىلەن ئۇزاق تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قانۇنىيەتلىك ئەدەبىي ئىجادىي ئالاقىغا ئىگە، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش، يېڭىلىق يارىتىش، يۇكسىلىش، ترادىتسىيە ۋە ئەنئەنىلىرىمىزنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئىلغار ئىنسانىيەت مەدەنىيەت غەزىنىسىگە تېخىمۇ زور ھەسسە قوشۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىنچلىق ئۈچۈن، ئىنسانىيەت بەخت-سائادىتىنىڭ مەڭگۈ گۈللەپ ياشىنىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ غەرب ۋە شەرق بىلەن بولغان ئىلمىي تەتقىقات مۇناسىۋىتى پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە.

ھەرقايىسى ئەل ئالىملىرىنىڭ، دوستلارنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بېرىپ ئىلىم ئالماشتۇرۇشىنى، ساياھەتكە بېرىشىنى تەكلىپ قىلىمىز. چەت ئەل ئالىملىرى بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئىلىم ئالماشتۇرۇش باردى-كەلدى مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇشىنى داۋاملىق قانات يايدۇرىمىز.

# «دىۋان مەشھۇرى» توغرىسىدا

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 18-ئەسىردە ئۆتكەن لىرىك شائىرى ئىبراھىم مەشھۇرىنىڭ غەزەلىيات دىۋانىنىڭ قول يازمىسى نۇرغۇن ئىزدىنىشلەردىن كېيىن 1983-يىلى 10-ئايدا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇقەددەم شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان يەكەندىن تېپىلدى.

ئىبراھىم مەشھۇرىنىڭ بۇ غەزەلىيات دىۋانى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرى ئىچىدىكى بىر ئېسىل گۆھەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە مۇھىم ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئەسەرنىڭ گەۋدىلىك قىسمى بولغان مۇھەببەت تېمىسى شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئىچىگە قويۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودالىزمغا، جەبرى-زۇلۇمغا، نادانلىق ۋە نادانلىقتا قالدۇرۇشقا قارشى دېموكراتىك تەلىپى چوڭقۇر گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىلگەن.

شائىر ئۆز ئەسىرىدىكى ئاجايىپ ئېستېتىك تۇيغۇلار بىلەن تولغان لىرىك مىسرالار ئارقىلىق ھەقىقىي ئەركىن مۇھەببەتنى كۈيلەپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىش يولىدىكى ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەپسۇسكى، شائىرنىڭ ئەركىن مۇھەببەتكە مۇيەسسەر بولۇش تىلىكى "كاج پەلەك"نىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرايدۇ. شائىر بۇ خىل پۈتلىكاشاڭلارنى كۆرۈپ يېتىپ، ئەركىن مۇھەببەت ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايۋاتقانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىۋاسىتە ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم بىلەن باغلايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئەركىن مۇھەببەتنى نابۇت قىلغۇچى فېئوداللار، مۇتەئەسسىپ روھانىيلار ۋە سوپىلارنى قاتتىق سۆكىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ساپ مۇھەببەت تېمىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىدۇ، دېمەك، شائىر ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەركىن مۇھەببەت ئارزۇسىنى ئۆز خەلقى بىلەن مەھكەم باغلايدۇ. بۇ يالغۇز شائىرنىڭ خەلقچىل روھىنىڭ روشەن بەلگىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ئارزۇسىنىڭمۇ كۈچلۈك گەۋدىلىنىشىدۇر. دىۋاندا شائىرنىڭ بۇ خىل خەلقچىللىق روھى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن. ئىبراھىم مەشھۇرنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانلىقى، ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن لىرىك شائىر ئىكەنلىكى نامايان قىلىنغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنى ئابدۇراخمان جامى، ئەلىشىر نەۋائى، سەككاكى قاتارلىق سەنئەت ئۇستىلىرىدىن ئەستايىدىل ئۆگىنىش ئاساسىدا ۋايىغا يەتكۈزگەنلىكى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

شائىر دىۋاندىكى ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تراگېدىيىلىك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرغان ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغان ھەمدە كلاسسىك شائىرلاردىن ئۆگەنگەندە شېئىرىي پىكىردە ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدا ئۆزگىچە يېڭىلىق ياراتقان. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ مەزمۇنى مۇھەببەت لىرىكىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا بەلگىلىك مەزمۇنلارنى مەنبە قىلغان شائىرانە ھېسسىيات

ھەر خىل ۋەزىندىكى شېئىرىي شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ، شائىرنىڭ ئىجادىيەتتە تەشكىل قىلغان ئۆزىگە خاس بىر ھالقىسىدۇر. ئەپسۇسكى، ئەسەرنىڭ قولىمىزغا كەلگەن نۇسخىسى تولۇق ئەمەس، 1-، 2-غەزەللەر يېزىلغان بەتلەر كەم، شۇڭا بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى 3-غەزەلدىن باشلاشقا توغرا كەلدى، مۇئەللىپ توغرىسىدىكى ماتېرىياللار تېخى تولۇق تېپىلمىغان شارائىتتا باشلانغان بۇنداق تەتقىقات خىزمىتىنىڭ نۇقسانسىز بولماسلىقى تەبىئىي، بۇ خىل قىسمەن نۇقسانلارنىڭ مۇشۇ ئەسەرگە ئىشتىراك قىلىۋاتقان ۋە بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىلىم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن تولۇقلىنىپ، بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىشىدا شۈبھە يوق. چۈنكى، خامان دانلارنىڭ توپلىنىشىدىن، دېڭىز قەترىلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ھاسىل بولىدۇ …

## شائىرنىڭ نامى، يۇرتى، ھاياتى ۋە ياشىغان دەۋرى

بۇ بىر بەدىئىي سەنئەت گۈلزارىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن، بۇ كىتابنى — «دىۋان مەشھۇرى» نى قولغا ئالغان ھەرقانداق بىر كىشى پۈتكۈل ئەسەردىن ئالدىراپ شائىرنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا نامى ھەققىدە دېرەك ئالالمايدۇ. پەقەت "مەشھۇرى" دېگەن بىر تەخەللۇسنىلا ئۇچرىتىدۇ، خالاس. چۈنكى، شائىر ئىبراھىم مەشھۇرىدا ئەينى ۋاقىتتىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق شائىرلار مودىغا ئايلاندۇرۇۋالغان ئۆز ئەسىرىنىڭ بېشىدىلا ئۆز ئىسىم شەرىپىنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قەيت قىلىش ئادىتى يوق. ئۇ بىر پۈتۈن ئەسىرىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا بەرگەن مۇناجاتىدا ئۆز ئىسمىنى ئاشكارىلاپ، سۆزىنى تاماملىغان. بۇمۇ شائىرنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىنىڭ بىرى بولسا كېرەك. بۇ مۇناجاتنىڭ خاتىمىسى مۇنداق ئاخىرلاشقان:

تۈنۈ-كۈن بولدى مېنىڭ پىسقى ئىشرەت گاھىم،
ھەر سىرى كويىدا ئىبلىس لەئىن[1] ھەمراھىم،
ئاقىۋەت تەۋبەگە تەۋپىق بېرىپ ئاللاھىم،
كەلدى دەرگاھىگە بۇ يۈزى قارا ئىبراھىم،
گۇناھ ئامۇرزەسەنو[2] غەرقىدىئى ئىسيانىدۇر مەن.

بۇ مىسرالاردىن بىز شائىر نامىنىڭ ئىبراھىملىقى، مەشھۇرى ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

شائىر ئۆز ئەسىرىنىڭ بىرقانچە يەرلىرىدە يەكەن ئۈستىدە توختالغان ھەمدە يەكەنگە يېڭى كەلگەن ھاكىمنى ۋە يەكەننى مەدھىيىلەپ غەزەل يازغان، ئۇ دىۋانىنىڭ 30-غەزىلىدە مۇنداق دەيدۇ:

گۈلئۈزارى كەلدىكىم بولدى گۈلىستان ياركەند،
نەۋ باھارى مەقدىمىدىن تازە بوستان ياركەند.
لوتىف ئىلە كەلتۈردى مەقدەم[3] مەسھا[4] مەقدىمى،
تاپتى جىسمىم ناتاۋاندەك پەيزىدىن جان ياركەند.

---

① ئىبلىس لەئىن-(پ) — لەنەت قىلىنغان شەيتان

② ئامۇرزەسەنو (پ) — كۆچۈرگۈچى.

③ مەقدەم (ئە) — قەدەم كەلتۈرۈش.

④ مەسھا (ئە) — ئەيسا پەيغەمبەر

كەلدىكىم قىش ئۇتتۇرىسىدا بىر سىراپا نەۋباھار[1]
گۇل كەبى باشتىن ئاياغقا بولدى خەندان[2]ياركەند.
كەلدىڭ ئانداغ شەۋكەتۇ شانۇ شەھى شاھى بىلەن،
كاشغەر ھەسرەتتە قالدى، بولدى ھەيران ياركەند.
رەڭبەرەڭ ئەۋسا پەنى[3]قىلمىش بىيان يۈز تىل بىلەن،
خۇشناۋا مەشھۇرى بۇلبۇلدۇر گۇلىستان ياركەند.

دېمەك، شائىر يۇقىرىقىدەك غەزەللىرى ئارقىلىق يەكەننى بىر گۇلىستانغا، ئۆزىنى بىر بۇلبۇلغا ئوخشاتقان.

شائىر ياشىغان دەۋر مۇھەممەت ئەزىز ھاكىم بەگ ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ.

روسىيىلىك ئا. م. موگنوف تۈزگەن «ئۇيغۇر قول يازمىلىرى يازۇسى» دېگەن كاتالوگدا تارىخىي رەشىدىنىڭ 4-روكنى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ: "بۇ كىتاب تارىخىي رەشىدىنىڭ 4-روكنى تۇرۇر، ھەزرىتى مۇھەممەت ئەزىز ھاكىم بەگنىڭ ھۆكۈمى ئالىيلىرى بىلەن مۇھەممەت نىياز ئاخۇن فارسنى تۈركىگە تەسنىف قىلغان" دەپ يازغان.

بۇ سۆزنىڭ ئايىغىغا "ئەزىز بەگ" دېگەن مۆھۈر بېسىلغان. مۆھۈرنىڭ ئۆزىدىكى يىل سانى تارىخىي 1247-ھىجرىدۇر. شائىر دىۋانىنىڭ ئاخىرىدا ئەزىز بەگنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ تولىمۇ قاساھەتلىك بىر مەرسىيە يازغان. مۇشۇ دەلىللەرگە ئاساسلىنىپ،

---

① سىراپا نەۋباھار (پ) — باشتىن-ئاياغ يېڭى باھار
② خەندان (پ) — كۈلگۈچى
③ ئەۋسا پەنى (ئە) — سۈپەتلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىز شائىر ئىبراھىم مەشھۇرىنىڭ ھىجرىيە 1247-يىلىدا ھايات ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

ئەسەرنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، شائىر سەرسانلىق-سەرگەردانلىق ۋە مۇھتاجلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن. ئۇ ئۆز ھاياتىدىن زارلىنىپ مۇنداق دەيدۇ:

دوستلار ئۆمۈر ئالىمىدە مەن باقايى[1]تاپمىدىم،
ھەر ئىگىنۇ بىر ئۆتكۈچى ئاندىن ۋاپايى تاپمىدىم،
يۈزنى دەۋران ئۇرۇپتۇر ئۆرمىگىل ئۆزۈم كەبى،
بىرگىنە يەكرۇي[2]يەكدىل[3]ئاشنايى تاپمىدىم.
ئاسمان ئەكس توشىبان باغلىرى زەنكارلار،
ئاي-كۈن كۆزگۈلىرىدە[4]كىم ساپايى تاپمىدىم.
چەرخ ئۇچۇزى[5]ئىگرىپتۇر كىم مەگەر ھەر تارىنى،
سازلەرىدە بىر سادايى دىلكۇشايى[6]تاپمىدىم.
سەرنەۋىشتىم[7]ئەردى ئەشئارىم كەبى ئەۋارەلىق،
بار قەلەمرەۋنى كېزىپ تۇرماققا جايى تاپمىدىم.
بۇ چىمەننىڭ بۇلبۇلى بى خانىمانى[8]مەندۇرمەن،

---

① باقايى (ئە)—باغلىق
② يەكرۇي (پ)— بىر يۈزلۈك
③ يەكدىل (پ)—كۆڭلى بىر
④ كۆزگۈ (تۈركى)—ئەينەك.
⑤ چەرخ ئۇچۇزى (پ —ئە) قىبرى خوتۇن چەرخ، دۇنيادىن كىنايە.
⑥ دىلكۇشايى (پ—ئە) — كوڭۇل ئاچقۇچى
⑦ سەرنەۋشت (پ.ئە) — تەقدىر
⑧ بى خانىمانى (پ)—ماكانسىز،

يۈز ناۋالەر بىرلە بەرگى ناۋايى تاپمىدىم.

* * *

غەم غۇبارى كۆلبىئى ئەھزانىم[1] ئىچرە بولدى كەم،
لوتىق رۇخسارى بىلەن بىر غەمگۇزارى تاپمىدىم.
كۇندۇزىمنى كېچە قىلدى قارا بەختىم سايەسى،
ئاشنالەر يۈزلىرىدىن روشنايى[2] تاپمىدىم.
بۇ جاھاندا كەزمىشەم ھەر كۈن قىيامەت ۋادىسىن،
ۋادىسى مېھنەت غېمىدە ئىنتىھايى[3] تاپمىدىم.
ئەھلى ئالىم ئانچە قايغۇدا مىغەدۇر مۇپتىلا،
بىناۋا مەشھۇرى يەگلىغ بى ناۋايى تاپمىدىم

يۇقىرىقىلارغا ئوخشاش دەردلىك مىسرالار شائىرنىڭ دىۋانىدا كۆپلەپ ئۇچرايدۇ، شائىرنىڭ ئىجادىي ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ يېتىشكەن ئەدەبىي سۆز ئۇستىسى، بالاغەت ۋە پاساھەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. لېكىن، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز زامانىسىدا قەدىر-قىممەتكە سازاۋەر بولالمىغان، ئۇنىڭ قەدىر-قىممىتىنى كۆرۈپ يېتىدىغانلارمۇ ھەم كەم بولغان. شائىر مۇشۇ نۇقتىدا مۇنداق زارلانغان:

كېتەرمەن بۇ جاھاندىن ئۇل جاھانغا بى زابان[4] گويا،

---

1. كۆلبىئى ئەھزان (ئە) — قايغۇ ئۆيى
2. روشنايى (پ) — يورۇقلۇق
3. ئىنتىھايى (ئە) — بىر تۈگۈنچە
4. بى زابان (پ) — تىلسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نەچە ئۆكتە سۇرەيكىم تاپمىدىم بىر نۆكتەدان[1] يارى.
ئەگەر قەدىر ئىستەر ئەرسەڭ بورىيا توقىغىن بۇ شەھەر ئىچرە،
ماتائى نەزمىگە بۇ مۇلىك ئىچرە يوق خېرىدارى.
راۋاج ئىستەر ئەڭ مەشھۇرى بەلىخ ئىلە بۇخارا بار،
موغۇلىستان، بۇ گۇلىستان قاچان سۆزگە تەلەپكارى.

دېمەك، شائىر مەشھۇرىنىڭ هاياتى غازاڭ بولۇپ قۇرۇغان، ياپىراقتەك سەرگەردانلىقنىڭ بوران-شامالىرى ئىچرە خانىۋەيرانلىقتا ئۆتكەن.

گەرچە شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىدىن ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرىگە ئائىت قالدۇرۇلغان ئېنىقراق بىرەر يازما تەپسىلاتنى ئۇچرىتىش قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دىۋانىنىڭ ئاخىرىدا مۇسەددەس شەكلىدە يېزىلغان بىر مەرسىيىسىنى بېرىپ، قىسمەن ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ مەرسىيە:

"گىرىبان پارە قىل ئى دوستلار كىم قەدىردان كەتتى" دېگەن مىسرالار بىلەن باشلىنىپ:

"ئەزىزى خاجا بەگىبىد سەيد جالالودىن،
بىرىپ جان جەددى ئەئىلاسى[2] قېشىغە چاۋىدان كەتتى"

دېگەندەك مىسرالار بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە "ئى ئەزىزايا! سۆزى شېرىن زابانىم قايدا سەن" مىسراسى بىلەن باشلانغان بىر مۇخەممەس مەرسىيىسىمۇ بار.

---

① نۆكتەدان (پ) — ئىنچىكە، نازۇك
② جەددى ئەئىلاسى (ئە) — يۇقىرى بوۋىسى.

بۇ ئىككى مەرسىيىنىڭ ھەربىرىگە قارىغاندا، مەشھۇرى ئەزىز ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ مەرسىيە يازغان، ”ئەزىز“ ئىسىملىك بۇ كىشىنىڭ شۇ دەۋردە خوتەن، يەكەن تەۋەسىنىڭ ھاكىمى بولغانلىقى مەلۇم.

چۈنكى، مەن مەشھۇر دىۋانىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا بۇ كىتاب مۇئەللىپى ياشىغان دەۋرنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە ماتېرىيال ئىزدەپ يۈرۈپ، «قەسەسۇلغارايىب» (ئاجايىپ قىسسەلەر) ناملىق بىر قول يازمىدىن كۆپەيتىلگەن بىرخىل نۇسخىنى ئۇچراتتىم، بۇ كىتابنى 1257-ھىجرىدە مۇھەممەت نىيازدىن ئابدۇغوپۇر بەگ دېگەن كىشى خوتەن، يەكەن ھاكىمى مۇھەممەت ئەزىز بەگنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يازغانلىقى مەلۇم. دېمەك، شائىر ئىبراھىم مەشھۇرى مەرسىيە يازغان ”ئەزىز“ ئىسىملىك كىشى مۇشۇ ئەزىز بەگ ھاكىم بولۇشى مۇمكىن.

## شائىرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ماھارىتى ۋە لىرىكىسى

بىزنىڭ ئۇيغۇر شائىر ئىبراھىم مەشھۇرى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىن تۇقتىلىق ئۆگىنىدىغانلىرىمىز ئۇنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ماھارىتى ۋە لىرىك ھېسسىياتىدىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى مەشھۇرى ئۆز مىسرالىرىنى شۇنداق بىر ئېستېتىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تۈزگەنكى، ئۇ ھەربىر مىسرالىرىغا گۈزەل ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشتا شەرت قىلىنىدىغان ئۇسۇل ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى سىغدۇرغان، ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئوقۇشتىن بىر تۈرلۈك شېرىن روھىي ئۇزۇقا ئىگە بولىدۇ...

www.uyghurkitap.com



شائىر ئۆز شېئىرىنى يالغۇز مەنىۋى بايلىق ۋە كۆركەملىككە ئىگە قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلگىلىك گۈزەللىك بېغىشلاشقا تىرىشقان. شائىر ئۆز شېئىرىي ئەسىرىنىڭ مىسرالىرىغا چوڭقۇر لىرىكا، گۈزەل ئىبارىلەرنى بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇ شېئىردىكى مەنىلەرنى مەھبۇبقا، شۇ مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئىبارىلەرنى مەھبۇبلار ئۇستىدىكى كىيىمگە ئوخشىتىدۇ، شائىر گۈزەل مەھبۇب ئۇستىدىكى نەپىس كىيىم ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى قانداق ئاشۇرسا، چىرايلىق ئىبارىلەرمۇ مەنىگە شۇنچە يارىشىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ:

زىۋۇرى مەئنى[1] ئىرۇر مەشھۇرى كىم ئەلپازى خوش،
ئۆتتىلەر زىننەت بېرىپ سۆزگە سۇخەن پەردازلەر.

ئۇ بىر غەزەلدە:

شەھدۇ شەكەر بىلەن يۇغۇرۇپمەن سۆزۈمنى كىم،
شېرىن قىلۇر لىبىنى، ئوقۇپ تەلخ كاملەر.
ھەممە ئالپازىدۇر تازە ھەممە مەزمۇنلىرى رەڭگىن،
قاچان ئوخشايدۇ ئۆزگە شېئىرىگە مەشھۇرى ئەشئارىڭ.

دەپ يازسا، يەنە بىر غەزىلىدە بۇ پىكرىنى مۇنداق ئالغا سۇرىدۇ:

نەدىن مەشھۇرى رەڭ ئامىزلىق[2] گوپتارىغا[3] قىلماس،

---

① زىۋۇرى مەئنى (ئە) — مەئنانىڭ زىننىتى.
② رەڭ ئامىز (پ) — رەڭ ئارىلاش رەڭدار
③ گوپتا — (پ) — سۆز

مائانى شاھىدى[1] زىننەت تاپار شەئىنى[2] ئىبارەتىن.

ئۇ ئۆز شېئىرلىرىنى رەڭدار ئىبارىلەر بىلەن بېزىگەن ۋە ھەربىر جۈملىنى ئەدەبىي گۈزەللىكنى تۇغدۇرۇش ئامىللىرىدىن بولغان ئىپىتىپىتىك ۋاسىتىلەر ۋە ماجاز بىلەن ئارىلاش قۇراشتۇرغان، ھەربىر سۆپەتلەنگۈچىگە ئۇنىڭ سۆپىتىنى ياندىش قويغان. مەسىلەن: ئەشكە خۇنىن (قانلىق ياش)، گۈلگۈن قابا (گۈلرەڭ تون كىيىم)، ئاھى ئاتىشىن (ئوتلۇق ئاھ)، سىپىھرى نىلگۈن (نىلرەڭ ئاسمان) ۋەھاكازالار. بىز ئۇنىڭ كىشى كۆڭلىنى سۆيۈندۈرىدىغان مۇنۇ مىسرالىرىغا قاراپ باقايلى:

سەمەندۇر[3] مۇرۇغىدۇرمەن[4] شاخى شۆئىلە ئاشيانەمدۇر.
گۈل ئولغان ھەم گۈل ئولغان ھەمدە گۈلخان گۈلىس-
تانىمدۇر.

مەن لەبالەت خەندۇرمەن لەئلى خەندانىڭ كۆرۈپ،
دەردىگە ئاشىقتىمەن زۇلفى پەرىشانىڭ كۆرۈپ.

جامالىڭ شەمئىگە كىم كۇنۇ-تۇن پەرۋا نەجانىمدۇر،
كۆيۈپ كۈل بولمىغىم ئاشۇ نىشاتى جاۋىيدانىمدۇر.
مۇھەببەت ئالىمىنىڭ شاھىدۇرمەن غەم سىپاھىمدۇر،

---

① مائانى شاھىدى (ئە) — مەسلەر مەبھۇبلىرى
② شەئىنى (ئە) — لايىق شەئنىگە ئىگە ئىبارىلەر
③ سەمەندۇر (ئە) — ئوت چاشقىنى
④ مۇرۇغ (پ) — قۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باشىم ئۆزرە قارا سۇڭلەر قارا مەخمەل كۇلاھىمدۇر.
زىبەس سەرگەشتە دۇرمەن مەھۋەشىمنىڭ[1] مىھىر كۇيىدا[2]
قۇياشى كۆزگۈسى روشەنگىرى بىر گىردى ئاھىمدۇر.
بۇ دۇنيا شاھىدۇرمەن كۆز شۇكۇھۇ[3] دەستىگاھىمنى[4]
كى يەر يۈزى بىساتىم ئاسمان ئۇ بارگاھىمدۇر.

كىل ئى گۇلگۇن سۇۋار[5] ئۆتكىل نەزەردە جىلۋە كۆرگۈز،
پەلەك مەيدانىنىڭ گۇلگۇن شۇۋارى بەرقى[6] ئاھىمدۇر.
مەن ئانداغ زىند ئازادە ئالايىق نەقشتىن[7] سادا،
تەركى دۇنيادىن بىر گوشەئى[8] تەركى كۇلاھىمدۇر.
يۇرۇرمەن كۇيۇبان ئول ئاتشىن روئىشقىدە مەشھۇر
بالا بەرقىغە پەرۋانەمنىڭ بۇ پەررى گاھىمدۇر.[9]

بۇ غەزەلنى شائىرنىڭ تەپەككۇرى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، ئۇ مۇھەببەت ئالىمىنىڭ شاھى، غەم ئۇنىڭ لەشكىرى، بېشىدىكى قـايغۇ گويا قارا مەخمەل كۇلاھى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ بېيىتتە

---

① مەھۋەش (پ) — ئايغا ئوخشاش
② مىھىر كۇيى (پ) — قۇياش كۇيى
③ شۇكۇھ (پ) — مەينەت، داغدۇغا
④ دەستىگاھ (پ)—قولىدا بار نەرسىلەر
⑤ گۇلگۇن سۇۋار — (پ) گۇل رەڭلىككە مىنگۈچى
⑥ بەرق (ئە)—چېقىن
⑦ ئايىق نەقش (ئە)—ئىلاقەللەر نەقشلىرى.
⑧ گوشەئى (پ) — بىر بۆلىكى.
⑨ پەررى گاھ (پ)—سامانىنىڭ پارچىسى. بۇ جايدا تەندىن كىنايە.

مۇھەببەتنى ئالەم دەپ مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، ئۆزىنى شاھ، غەمنى لەشكەر دەپ ماجازلاشتۇرۇپ، قايغۇنى قارا كۆلاھىگە ئوخشاتقان.

شائىر بۇ غەزەلنىڭ 2-بېيىتىدە، قۇياشنى ئەينەككە ئوخشىتىپ، قۇياش يۈزنى ئاھنىڭ توزانلىرى بىلەن كۆمۈپ تاشلاپ مۇبالىغە قىلغان بولسا، 3-بېيىتىدە كىنايە قىلىپ، يەر يۈزىنى بىساتىغا، ئاسماننى بارگاھىغا ئوخشىتىپ ئىپادىلىگەن ھەمدە ئۆزىنىڭ ئاھىنى پەلەك مەيدانىنىڭ كۆلەڭ ئېتىغا مىنگەن چاقماققا ئوخشاتقان. 4-بېيىتىدە بولسا، ئۆزىنى دىن ۋە دۇنيانى تاشلىغان ۋە ئۇنى دوپپىسىنىڭ بۇرجىكىگە ئالمايدىغان بىر ھېكمەتلىك كىشى قىلىپ مۇبالىغە قىلغان. ئاخىرىدا ئۆزىنى ئوت يۈزلۈك يارنىڭ ئىشقىدا كۆيگەن، بالانىڭ چاقماقلىرىدا سامانغا ئايلانغان پەرۋانىغا ئوخشىتىپ ۋە كىنايە قىلىپ، غەزەلنى تۈگەتكەن. دېمەك، ئۇيغۇر شائىرى ئىبراھىم مەشھۇرى شېئىرىيەت دۇنياسىدا زور تالانت، ئىجادىيەتتە بۈيۈك ماھارەت ئىگىسى بولۇشقا لايىق كىشى. شۇنىڭدەك ئۇ ئۆزىگە ئىشەنگەن، شۇڭا ئۇ شېئىرىيەتتە ئۆز ماھارىتىنى ئۆزى قەدىرلىگەن شائىردۇر. ئۇ نەۋائىنى ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ تىلغا ئېلىش بىلەن بىللە، مېنىڭ شېئىرىمگىمۇ خېرىدار يوق ئەمەس، دەپ مۇنداق يازىدۇ:

نەۋائىدىن كېيىن مەشھۇرى شېئىرىنى ئوقۇماس كىم؟
بۇ بازار ئىچرە باردۇر ھەر ماتائىغە خېرىدارى.

بۇ جايدا نەۋائىدىن كېيىنلا ئۆز شېئىرىنىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نەۋائىغا مۇشائىرە قىلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



خارابات ئارا كىردىم ئاشۇپتە هال،
مەي ئىستەرگە ئىلكىمدە سۇنغان ساپال.

دېگەن تەرجىمىئبەندكە:

ئەزەل ساقىسىدىن ئىچىپ جام هال،
نە باشتا خۇمارۇ نە قولدا ساپال.

دەپ تەرجىمىئبەند يازغان.

نەۋائى "قولۇمدا سۇنۇق ساپال، هالىم پەرىشان، مەي ئىزدەپ مەيخانىغا كىردىم" دېسە، مەشهۇرى "ئەجەل ساقىسىدىن هال جامىنى ئىچكەنمەن، مەي ئىزدەشكە قولۇمدا ساپالغا هاجىتىم يوق. بېشىمدا مەي خۇمارى يوق" دەيدۇ، بۇ ئىككى تەرجىمىئبەندتە بىر-بىرىدىن كۈچلۈك ئۇستۇنلۈك تالىشىش مەۋجۇت.

يەنە ئۆز زامانىسىدىكى يەكەن خانلىقىنىڭ شاهى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ:

قايسى گۈلشەننىڭ سېنىڭدەك بىر گۈلى رەئناسى بار،
قايسى بىر گۈلنىڭ مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار.

دېگەن غەزىلىگە مەشهۇرىنىڭ مۇنداق مۇشائىرەسىنى كۆرىمىز:

قايسى دەريانىڭ ساچىڭدەك ئەنبىرى سافراسى بار،
قايسى ئەنبەرنىڭ خەتىڭدەك بويى روھ ئەفراسى.
جەننەتۇل مەۋافزاسىنى قاچان مەۋائىتەر بار،
ئاشىقى شۇرىدەنىڭ كويۇڭدا كىم مەئۋاسى بار.
مەن نۇچۇك بولماي بىهال چەكمەي هەمىشە دودى ئاھ،
باشىم ئۆزرە ئەنبەر ئەفشان كاكۇلىڭ سەۋداسى بار.
نە ئۈچۈن ئولتۇرمىسۇن ئۇمەسنەدى ناز ئۇستىدە،
هەر تەرەپتە مىڭ مېنىڭدەك ئاشىقى شەيداسى بار.

مۇئجىزى ئۇششاقدۇر مەشھۇرى ئىشقىڭ پەيزىدىن،
قايىسى ئاشىقنىڭ سىنىگىدەك دىلبىرى رەناسى بار.

دېمەك، شائىر مەشھۇرىنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى مىراسلىرى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي گۈزەل سەنئەت نەمۇنىلىرى بىلەن تولدۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن لىرىكا خەزىنىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەشھۇرىنىڭ بۇ غەزەللىرى لىرىك نۇقتىدا مەي مەھبۇب، ناز ئىستىغنا (ئۆزىنى باي كۆرسىتىش، ھاجەتسىز كۆرسىتىش)، قەددى مەۋزۇن (كېلىشكەن بوي)، ئەشكى گۈلگۈن (گۈلرەڭ ياش) سەۋرى خارامان (ماڭغىنىدا سەۋرى بوي)، تىرى مىژگان (كىرپىك ئوقلىرى) دېگەندەك ئىشقى مۇھەببەت تېرمىنلىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان. بىز بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلغاندا قانداقتۇ ئۇنىڭدىكى بارلىق مەزمۇنلارنى قارا-قۇيۇق قوبۇل قىلماستىن، بەلكى شائىرنىڭ بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە ماھارىتىنى، ئەدەبىيات-سەنئەتكە بەرگەن گۈزەل نەپىس زىننىتىنى، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان چىرايلىق ئۇسلۇبىنى ئۆگىنىمىز. چۈنكى، شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىدا نەۋائى، لۇتفى، جامى ۋە پەرىدۇن ئەتتارلاردىن ئۆگەنگەنلىكىنى زور پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئالغان. شۇ ئۆگىنىش ئارقىسىدا ئىبراھىم مەشھۇرى يالغۇز شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى بولغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ بىر بېيىتىدە سۇراھۇللۇغەت، تەھزىپ، مۇراھ ۋە مىشكات ناملىق ئۆز زامانىسىدىكى چوڭ كىتابلاردىن سۆز ئاچىدۇ. بۇ بولسا شائىرنىڭ ھارماي-تالماي ئۆگىنىپ ئالىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز ئىبراھىم مەشھۇرىغا ئوخشاش ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئەلۋەتتە ئەدەبىيات-سەنئەتتە ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا تىرىشىمىز، يەنى كونىدىن يېڭىنى يارىتىش، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش دېگەن فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇش روھى بويىچە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بارىمىز.

«دىۋان مەشھۇرى» نىڭ تىلى گەرچە 14-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئىشلىتىلىپ كەلگەن چاغاتاي تىلىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇنچە بېيىتلار شۇ دەۋردىكى جانلىق ئۇيغۇر تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇپ يېزىلغان. ھەتتا بىرمۇنچە بېيىتلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا دېگۈدەك يېزىلغان. شۇڭا بۇنىڭدىكى مەتلە ئېلىك، چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بېيىتلارنى ئېنىق چۈشىنىش ئاسانغا توختايدۇ.

مەن بۇ ئەسەرنى ئىشلەش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا، تەتقىق قىلغۇچىلارغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى 1200 دىن ئارتۇق سۆزگە ئىزاھ بەردىم. ئەرەبچە سۆزلەرگە «ئە»، پارسچە سۆزلەرگە «پ» شەرتلىك بەلگىسىنى ئىشلەتتىم.

ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان مول ۋە شانلىق مەنىۋى بايلىقلارنى ياراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەنە شۇ بايلىقلارنىڭ خوجايىنى، ئىبراھىم مەشھۇرىنىڭ دىۋانى بۇ خىل يالتىراق خەزىنىنىڭ بىر گۇۋاھچىسىدۇر. مەن تۆۋەندە بۇ ئەسەر ئىچىدىكى بىر قىسىم بېيىتلارنىڭ بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىكى

ئـالاھىدىلىكلىرى ۋە ئارتۇقچىلىقىغا قاراپ مەنىسى چوڭقۇر ۋە مـەجازى ئۇقۇملارغا ئىگە بولغان ئايرىملىرى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، يەشمە تەرجىمىسىنى بېرىپ ئۆتمەكچىمەن. باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئەسەردىكى 1-، 2-غەزەللەر ھازىرغىچە تېپىلمىغاچقا، گەپنى يەنىلا 3-غەزەلدىن باشلايمىز.

3-غـەزەل يـەتتە بېيىت، 1-بېيىتتە شائىر گۈلنى ياردىن كىنايە قىلىپ، مىژگان يەنى كىرپىكنى ئوققا ئوخشىتىدۇ. يارنى كۆرەلمىگەنلىكىدىن گۈل ئوتخانا، غۇنچە ئوتلۇق باشاق بولدى، دەپ ئـۆز مـەقسىتىنى بەدىئىي سەنئەت ماھارىتى تونىغا ئوراپ جـىـلـۋىـلەندۈرسە، 4-بېيىتتە تەتۈر چۆگىلىگۈچى كاج پەلەك ئـاسـتـىدا نادانلارنىڭ تۈشمۇتۈشتىن ماڭا تەنە قىلىۋاتقانلىقىغا قارىغاندا مەن دانا ئوخشايمەن دەپ يېزىپ، "دانانىڭ دۈشمىنى نـادانلىق" دېگەن ھەقىقەتنى دەلىللەيدۇ؛ 5-بېيىتتە بولسا يار ئىشقىنى ئوتلۇق ئۆيگە، ئۆزىنى ئوت چاشقىنىغا ئوخشىتىپ، مەن شۇنداق بىر ئاشىقمەنكى، پەلەك ماڭا قانچىلىك ئوت چاچسىمۇ بـىـر تـال تـۈكـۈم ئېگىلمەيدۇ، دەپ ئىشق مەيدانىدا ئۆزىگە مەغرۇرلۇق تۈسىنى بېرىدۇ؛ 4-غەزەل ئالتە بېيىتتىن تەركىب تاپقان، شائىر بۇ غەزىلىدىكى 1-، 2-، 3-، 4-، 5-بېيىتلىرىدە: مـەن ئـۆزۈمـدە ئـىـشـقىنىڭ مۆجىزىلىك نەپسى بولغانلىقتىن ئـۆلمەيمەن، جانانغا يېتىش ئارزۇسى ماڭا مەڭگۈ جان، گۈل يـۈزلـۈك يـارىـم ماڭا ناز بىلەن كۈلگەنلىكتىن ياقام غۇنچىگە ئوخشاش پارە-پارەدۇر، شاھلار شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇۋەرسۇن، ئىشق كوچىسىدا گادايلىق ماڭا ئوخشاشلارغا شانۇشەۋكەت، دەپ مۇھەببەتنى ئۈستۈن پەللىگە چىقارغان بولسا، 6-بېيىتتە: مەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ مەھفەل (مەجلىس)، ئىچەر مەشھۇرى ساقى ئىلىكىدىن، ئۆمۈرنى خۇش ئۆتكۈزەي بىر لەھزە مېھماندۇر ماڭا، دەپ يازىدۇ.

7-غەزەل سەككىز بېيىت بولۇپ، ئۇنىڭدىكى 5-بېيىتتا:

شاھى ئىشىۋە بولمايىن ئىقلىم ھۆسىن[1] ئاباد ئەمەس،

تەن ساپاسىزدۇر ئەگەر تەن ئىچىدە جان بولمىسا.

ئىشۋەنىڭ شاھى بولمىسا، ھۆسن مەملىكىتى ئاباد بولمايدۇ، ئىشۋەسى يوق ھۆسن جانسىز تەندۇر، دېگەن بولسا، بۇ غەزەلنىڭ 6-، 7-، 8-بېيىتلىرىدە ئاددىي سۆزلەر بىلەن مەقسەتنى ئىپادىلەشتەك ماھارىتىنى كۆرسىتىپ: تاڭ ئېتىپ ئىللىق شامال ئۆتمىگۈنچە غۇنچە ئېچىلمىغاندەك، يار كۈلمىسە كۆڭلۈم كۈلمىگەندەك، كۆيگەن يۈرەك بولمىسا سۆزدە تەسىر بولمايدۇ؛ بىلىپ قويغىنكى، مەشھۇرىنى سۆيگۈ ۋادىلىرىغا كەلتۈرگەن نەرسە ئىشقدۇر؛ قارىمامسەن! سازەندە كۈيى كۈيلىمىسە سازدىن سادا چىقمايدۇ، مۇھەببەت سازەندىسىنىڭ ئېيتقان كۈيلىرى مېنى سۆزلەتمەكتە دەپ ئوتلۇق لىرىكىسىنى جاكارلايدۇ.

8-غەزەل توققۇز بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماھارەت نۇقتىسىدىن ئۇنىڭدىكى بېيىتنى كۆرۈپ ئۆتسەكلا كۇپايە.

مەن نېچۈك گۈلبانگى ئىشقىڭ ئۇرمايىن مەستانەكىم،

رەز قىزى[2] گۈلگۈنە سۈرتەر يۈزىگە گۈل جامىدا.

(مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا قانداقمۇ مەستلەرچە پەرياد قىلماي تۇرالايمەن، ئۈزۈم شارابى گۈل جامىدا يۈزىگە ئەڭلىك سۈرتكەن

---

① ئىقلىم ھۆسن (ئە) — ھۆسن مەملىكىتى

② رەز قىزى — تاڭ قىزى مەيدىن كىنايە.

تۇرسا. )

9-غەزەل سەككىز بېيىت بولۇپ، ئۇنىڭ 4-، 8-بېيىتلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئاسمانىم ئاسمانى نىلگۇن بولسانە تاڭ،

مېھرى كويىدا ھىلال ئاساگادا بولدۇم ساڭا.

( مېنىڭ ئاسمىنىم نىلرەڭ ئاسمان بولۇپ كەتسە ئەجەپ ئەمەس، چۈنكى قۇياش (مەھبۇب) كويىدا يېڭى ئايدەك قەلەندەر بولدۇم) . بۇ جايدا ئاينىڭ قۇياش چۆرىسىدە يۈرۈشنى قەلەندەرگە ئوخشىتىدۇ

تاپماغۇڭ مەشھۇرىكىم رەڭگى ئەسەر ھەڭگا مەكىم،

ئى قۇياش شەبنەم كەبى مەھۋى لىقا بولدۇم ساڭا.

( ئى مەشھۇرى ۋاقتى كەلگەندە رەڭدىن ئىز تاپالمايسەن، شەبنەم قۇياشقا مەھۋى لىقاسى بولۇپ، يوقىلىپ كەتكىنىدەك يوقىلىپ كېتىسەن ) .

شائىر يەنە بۇ غەزەلنىڭ 4-، 7-، 8-بېيىتلىرىدا ئۆز شېئىرىي ماھارىتىنى ئاسترونومىيىگە ئاغدۇرۇپ، ئۆز ئىشقىنى يېڭى ئايغا، ئاشىقىنى كۈنگە ئوخشىتىپ، قانداقكى ھىلال ئاي-كۈننىڭ گادايى بولۇپ كۈنگە ئەگىشىپ تولۇن ئايغا ئايلانغىنىدەك، مەنمۇ سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن كامالەت تاپتىم، دەيدۇ.

شائىر مەشھۇرىنىڭ بىرەر تۇرلۇك بەدىئىي سەنئەت قاچىلانمىغان بىرەر غەزىلى يوق دېيىش يېتەرلىك. بۇ نۇقتا ئۇنىڭ شېئىرىيىتىدىكى بىر گۈزەللىك خۇسۇسىيىتىدۇر.

مەسىلەن: 10-غەزەلنىڭ 3-بېيىتىدە ”غۇنچىدەك سىغماي

www.uyghurkitap.com



پەرەھگە كۆڭلۈكىمدۇر چاك-چاك» دەپ كۆڭلىنىڭ خۇشلۇقىنى ئېچىلغان غۇنچىنىڭ پارە-پارەلەنگەنلىكىگە ئوخشىتىپ، ئوقۇغۇچىلاردا بىر خىل نازۇك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ: ئېچىلماستا غۇنچە پۈتۈن ئىدى، ئېچىلىشتىن خۇشلاندى ئېچىلدى، پارە-پارەلەندى. گۈل يۈزلۈك يارنىڭ لېۋى كۆلگەنلىكتىن كۆڭلۈممۇ شۇنداق بولۇپ كەتتى، دەيدۇ.

11-غەزەل 10 بېيىتتىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭدا سۆز، تەپەككۇر ۋە ئەقىل ئۈستىدە شائىرانە پىكىر يۈرگۈزۈلگەن. 6-، 7-، 8-بېيىتلار مۇنداق قويۇلغان:

ۋەھكى شەيمى خانقاھ ۋەئىزىن ئىشتكۈم كەلمە يۈر،
يوق تۇرۇر سۆزدە ئەسەر، ئۆزدە سۇرايەت[1] بولمىسا.
ئادىمى بىرلە نەدىن ئەمەس بەرابە تەيىر[2]
ئەقلىدىن گەر ئادەملەردە شەراپەت بولمىسا.
يۈرتىمىزدا كىم يېڭى ئەلپاز بىلەن سۆزلەر ئىدى،
نۇسخەئى ناسىر ئىلى شاھ شەۋكەت بولمىسا.

شائىر بۇ غەزەللىرىدە سۆزنى پىكىر بىلەن قىل، ئويلىماي سۆزلىسەڭ خارلىنىسەن، سۆزدە ئىززەت بولمىسا، ئۆزىدە ئىززەت بولمايدۇ. خانىقا ۋائىزلىرىنىڭ (خانقادىكى سوپىلارنىڭ) سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇم كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ئىشىق تەسىرى بولمىغانلىقتىن سۆزىدىمۇ تەسىر يوق، جانۋارلارنىڭ ئادەم بىلەن تەڭ ئۇلۇغى بولماسلىقى ئەقىلدىندۇر، دېگەن پىكىرنى

---

① سۇرايەت (ئە) — تەسىر
② تەيىر (ئە) — قومۇش

ئـوتـتـۇرىـغـا قويىدۇ. ئۇنىڭدىكى 1-بېيىتتىلا مۇنداق لىرىك ھېسسىيات ئىزھارلانغان:

كۆرمىيىن گۈل چەھرىنى نەيلەي گۈلى گۈلزار ئارا،
گەر كېرەر ئەرسەم گۈلىستانغا يۈرەرمەن خارئارا.

(گـۈل چـىـراي يـارنـى كـۆرمىسەم گۈلىستاننى نېمە قىلىمەن، چۈنكى يارسىز گۈلزارغا كىرسەم تىكەن ئارىسىدا يۈرگەندەك بولىمەن.)

13-غـەزەل يـەتـتـە بـېـيىتتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ 3-بېيىتىدە:

نۇچۇك يەتكۈم دۇرۇر كىم ناز قەسرىدۇر بەلەند ئانداغ،
نەزارە قۇشلىرى پەرۋاز قىلسا، پەرسچار ئاندا.

يـارنـىـڭ ناز قەسرىگە قانداق يېتىپ بارالايمەنكى، نەزەر قـۇشلىرى ئۇچسا قاناتلىرى توزۇپ كېتىدىغان دەرىجىدە ئېگىز تۇرسا... دېگەن بولسا، قالغانلىرىدا نىلەرنىڭ ئاسمان ئۇ سەييارىلەر جىلۋىگاھى، ئۇ ئالتۇن تۇگمىلەر يەنى يۇلتۇزلار بىلەن بېزەلگەن، كـۆگـۈل جېنى، كۆز يېشى يار قېشىدا قالغان، مەندىن نېمە ئىزلەيسەن، بۇ قايغۇ بىلەن ئاۋات دۇنيادا ئى بار سەنلا مالال ئـەمـەس. چـۈنـكـى ئـاجىز جانلار كوچاڭ گۈللۈكىدە سايراپ تۇرىدىكەن، دەيدۇ.

16-غـەزەل 12 بـېـيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شائىر بۇ غـەزەلـنـى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇغاندا ھېس قىلىدىغان لىرىكلىق مىسرالار بىلەن تۈزۈپ چىققاندىن كېيىن 12-بېيىتىدە:

بەرمەسە گەر، مىر ئەلىشىر ۋە پۈزۈلى ئىرلىپ،
بۇ غەزەلگە كىم بىرۇر مەشۇرى ئالەمدە جاۋاب،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېنىڭ بۇ غەزىلىمگە مىر ئەلىشىر بىلەن پۈزۈلى تىرىلىپ كېلىپ جاۋاب بەرمىسە، ئالەمدە باشقا كىشى جاۋاب بېرەلمەيدۇ، دەپ شائىرانە ماختىنىدۇ.

17-غەزەل بەشلا بېيىتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭدىكى لىرىكىلىق لاتاپەتلەر تولىمۇ گۈزەل، بۇ غەزەلنىڭ 1-بېيىتىدە:

تەلپۈنەر جان تۈتىسى لەئلى شەكەر بارىڭ كۆرۈپ،
مەۋج ئۇرار كۆزگۈدا ھەيرەت ئەكس رۇخسارىڭ كۆرۈپ.

جان تۈتىسى شېكەر ياغدۇرغان لەئلىدەك لېۋىڭنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تولغىنىدۇ، سېنىڭ چىرايىڭنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ ئەينەكتە ھەيرەت مەۋج ئۇرىدۇ، دېگەن بولسا، 2-بېيىتتە:

رەڭگىبارى ھۆسىن بىرلەدۇر سىرىشتە[①] پەيكىرىڭ[②]
گۈل خىجالەت پەردىسىدە رەڭگى رۇخسارىڭ كۆرۈپ.

سېنىڭ سۈرىتىڭ ھۆسىن رەڭلىرى بىلەن ئارىلاشقان، شۇڭا سېنىڭ چىرايىڭنىڭ رېڭىنى كۆرۈپ، گۈل خىجىللىق پەردىسىگە ئورالغاندۇر دەيدۇ. نېمىدېگەن گۈزەل سۈرەتلەش-ھە! جان تۈتىسى لەئلىدەك قىزىل شېكەر ياغدۇرىدىغان لېۋىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىكەن، ئەينەك يۈزىدە ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىدا دولقۇنلىنىدىكەن. ھۆسنىنىڭ رەڭگىبارى يەنى قارا ساچلىرى بىلەن قامىتى ئارىلاش بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ رەڭگى روينى كۆرۈپ گۈل خىجىللىق تارتىدىكەن!

19-غەزەل يەتتە بېيىتتىن تەركىب تاپقان

① سىرىشتە (پ) — ئارىلاش
② پەيدەر (پ) — سۈرەت

بار ئۆزۈڭدىن ئىستەر ئەرسەڭ ئۆزىگە بىر بارلىق،
كۆن بىلەن بىر بولدى شەبنەم ئۆزى نا پەيدا بولۇپ.
ئۆزۈڭگە بارلىق ئىزلىسەڭ ئۆز كۆنىڭدىن كەچ! قارىمامسەن! شەبنەم ئۆزلۈكىدىن كېچىپ يوقىلىپ، كۈن بىلەن بىر بولۇپ كەتتى.

شائىر بۇ بېيىتتا ئىشقنى شۇنداق تەرىپلەيدۇكى، گويا ئىشق قۇياش، ئاشىق شەبنەم، قۇياش كۆتۈرۈلگەندە شەبنەم كۆتۈرۈلۈپ قۇياش بىلەن بىر بولۇپ كەتكەندەك ئۆزلۈكىدىن كۆچۈشۈڭ لازىم، دەيدۇ.

20-غەزەل بەش بېيىتتىن تەركىب تاپقان.
ئىستەسە ھەر كىم پەر، مەشھۇرى دىۋانىن ئوقۇر،
نەشئەدە ھەر مىسىر ئىدۇر بىر سوراھى شاراب.

شائىر مەشھۇرى بۇ بېيىتتا ئۆز دىۋانىنى كىشىگە شاد-خۇراملىق ئاتا قىلىدىغان شارابقا ئوخشىتىپ، "ھەر كىشى خۇشلۇق ئىزدىسە مەشھۇرىنىڭ دىۋانىنى ئوقۇسۇن، چۈنكى نەشئە، يەنى خۇشلۇق بىر ھالەت بېغىشلاشتا ھەربىر مىسراسى بىر قەدەھ ۋە ھەربىر غەزىلى بىر شارابتۇر" دەپ يازىدۇ. دېمىسىمۇ مەشھۇرى دىۋانىنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كۆڭۈل خۇش بولماي قالمايدۇ.

23-غەزەل ئالتە بېيىت بولۇپ، ئۇنىڭ 1-بېيىتىدە:
مەئرىپەت قىلماق ئۈمىد ئىجابى دۇنيادىن ئەبەس[1]
روشنالىق كۆزىنى كۆز تۇتماق ئەئماندىن ئەبەس.

---

[1] ئەبەس (ئە) — بىھۇدە، بىكار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەپ يېزىپ، دۇنياغىلا بىرىلىپ كەتكەنلەرنى تەنقىد قىلىپ ئاستىغا ئالىدۇ ۋە ئۇنداقلارنى كورغا ئوخشىتىپ، كوردىن يورۇقلۇقنى كۈتكىلى بولمىغاندەك، دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلەردىن مەرىپەتنى كۆزلەش بىھۇدەدۇر، دەپ كۆرسىتىدۇ.
شائىر 27-غەزىلىدە گەۋدىلىك ھالدا شېئىرىيەتنى تونۇمايدىغان، شېئىرغا يات كۆز بىلەن قارايدىغانلار ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ: "تاتلىق سۆزلىسەمۇ ئاچچىق دەيدۇ، يامان سۆزلەيدىغانلار ھەقىقەتەن تاتلىقنى ئاچچىق دەيدىغان بولىدۇ"، "ھەر نەرسە ئۆزىدە بارنى ئاشكارا قىلىدۇ"، "يامان ياخشىنى كۆرەلمەيدۇ" دەپ، كىشى ئارقىسىدىن ئورۇنسىز غەيۋەت-شىكايەت قىلغۇچىلارنى قاتتىق سۆكىدۇ.
30-غەزەل 12 بېيىت. شائىر پۈتۈن ئىلھامىنى ئىشقا سېلىپ يەكەننى ناھايىتى گۈزەل سۈرەتلەپ ماختاپ، شۇ كۈنلەردە قەشقەرنىڭ يەكەننى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالغانلىقىنى قىسقا، ئەمما مەنىلىك مەدھىيە ئارقىلىق ئىزاھلايدۇ ۋە ئۆزىنى خۇش سايرايدىغان بۇلبۇلغا، يەكەننى گۈلىستانغا ئوخشىتىدۇ. بۇنىڭدىن شائىر يۇرتىنىڭ يەكەنلىكى، ئۇنىڭ يەكەندە ياشىغانلىقى بىلىنىدۇ. مۇشۇ غەزەلنىڭ 12-بېيىتىدە شائىر "خوشناۋا مەشھۇرى بۇلبۇلدۇر، گۈلىستان يەكەندۇر" دەپ، ئۆزىنىڭ يەكەن گۈلىستانىنىڭ بۇلبۇلى ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ. شائىر يەتتە بېيىتتىن تەركىب تاپقان 31-غەزىلى ئارقىلىق لۇتفى ۋە مەۋلىۋىنى ئۆزىگە ئۇستاز دەپ تونۇيدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ، "مەشھۇرى ناۋا تاپقۇسى سۆزدە چۇ نەۋائى، گەر لۇتفى بىلەن مەۋلىۋى بەرسە خەتنى ئىرشاد" دەيدۇ. يەنى ئەگەر لۇتفى بىلەن جامى ئىرشاد

خېتى ( پىرلەرنىڭ شاگىرتلىرىغا بېرىدىغان شاھادەتنامىسى) بەرسە ئۇ سۆزدە نەۋائىدەك ئۆسەلەيدۇ دەپ ئۆز قابىلىيىتىنى تونۇتىدۇ.

شائىر 34-، 36-غەزەللىرىدە ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى پىتنە-پاساتقا تولغان يەكەننىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە پەلەك ئۈستىدىن زارلىنىپ، ئەسىرىنىڭ تەنقىدچانلىق روھىنى ئۇرغۇتىدۇ. ئۇ:

زامان پۇرشۇرش، ئاپئاق پۇرپىتنە، جاھان ھاسىدە
خالايىق كۆزلىرىدىن غەيىبدەك مەشھۇرى پىنھاندۇر.

دېگەن بېيىتىدە بۇ پىتنە-پاساتقا ئۆزىنىڭ ئارىلاشماي يۇرگەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولسا؛

بېرىپ جامى مەي گۈلگۈن ھەممە نائەھلىگە گەردۇن،
لەبالەپ جامەي يەئلىغ كۆزۈمنى ئىشكبار ئەيلەر.

دېگەن بېيىتىدە پەلەك نائەھلىلەرگە گۈلرەڭلىك شاراب قەدەھلىرىنى بېرىپ كۆزۈمنى لەبالەپ تولغان مەي جاملىرىدەك ياش بىلەن تولدۇرماقتا دەپ خىتاب قىلىدۇ.

ئىبراھىم مەشھۇرى 39-غەزىلىدە كەش-مەسە كىيىپ، ساقىلىنى تاراپ، خەلقنى ئالدايدىغان شەيخلەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ ئۇلارنىڭ گۇمبەزدەك سەللىلىرىگە ئالدىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەخمەقلىككە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. دېمەك، شائىر ئۆز زامانىسىغا تەنقىد نەزىرى بىلەن قاراشقا ئۇلگۇرۇپ، گۇمبەزدەك سەللىلەرنى يۆگەپ خەلقنى ئالدايدىغانلارغا تىكىلىدۇ. شائىرنىڭ سوپىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ سەللىسىگە بەرگەن باھاسى ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىغا بەلگىلىك دەرىجىدە ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



"گۈل ئۈستىگە گاھى مۆلدۈر، گاھى شەبنەم چۈشكەندەك، ئادەم بېشىغىمۇ بەزىدە غەم، بەزىدە خۇشلۇق كېلىدۇ." بۇ، شائىرنىڭ 44-غەزىلىدىكى بىر ئۆزگىچە پىكىر. ھايات ئالىمىدە كىشىلەرنىڭ سەۋرلىك بولۇشى ئۈچۈن، شائىرنىڭ بۇ پىكرى تولىمۇ قىممەتلىكتۇر.

بىز شائىرنىڭ 46-غەزىلىدە مۇنداق مەنادىكى مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز:

"كەپتەردىن نامە ئەۋەتىشكە ھاجىتىم يوق، چۈنكى مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ئۆزى ئەلچى"، "پەرى يۈزلۈك گۈزەللەر زىننىتى گۈلرەڭ كىيىم، مەنەسى چوكانلارنىڭ زىننىتى رەڭدىن ئىبارەتتۇر"، "ئەگەر سەن ئىلاھى ۋە ئىزلەر ئىشتىنى خالىساڭ، مەشھۇرنىڭ نەزمىنى ئاڭلا، ئۇنىڭ ھەربىر داڭدار سادالىرىدىن ۋەھەدەت گۈلنىڭ ساداسى چىقىدۇ"، شېئىرنىڭ گۈزەللىكىگە گۈزەل رەڭدار ئىبارە كېرەك، دەپ كۆرستىدۇ. ئۇ شائىرلارغا:

مەشھۇرى شۇنداق شائىركى، ئۇ ھېچقاچان دۇنيا بىلەن ماختانمايدۇ. ئۇ دۇنيا ۋە ئابرويغا ئەرزىمەس نەزەر بىلەن قارايدۇ، دەپ خىتاب قىلىپ، بۇ پىكرنى 50-غەزىلىنىڭ 1-بېيىتىدە ئالغا سۈرۈپ، ئالاھىدە بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەيدۇ. يەنى ھەممە دۇنيالىقتىن تاق بولۇشنى بىر مەملىكەتكە، ئۆزىنى شۇ مەملىكەتنىڭ شاھىغا، سايىسىنى لەشكىرىگە ئوخشىتىدۇ. دېمەك، ئۇ شۇنداق پادىشاھ ئىكەنكى، سايىسىدىن باشقا لەشكىرى يوقكەن، يەنى دۇنيالىقتىن ھېچ نەرسىسى مەۋجۇت ئەمەسكەن، ئۇ بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدىكەن.

3-بېيىتتە: دۇنياغا مەغرۇر بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، بۇنىڭغا سۇلايمان پەيغەمبەر تەختىدىن ئوخشىتىش ياسايدۇ.

شائىر 53-غەزىلىنىڭ 5-بېيىتىدە: "يىگىت بولساڭ ئويلاپ سۆزلە، مەنىسىز بىر ئېغىز سۆز بىلەن كىشى رەسۋا بولۇپ كېتىدۇ" دەپ كۆرسەتسە، 6-7-بېيىتلىرىدە: "ئالىملاردىن ھەر كۈنى بىر نۇقتا بۇلسىمۇ ئۆگەن. چۈنكى، يامغۇر تامچىلىرىدىن دەريا ھاسىل بولىدۇ"، "ھەرىكەتچان بول، قارىمامسەن، سۇ بىر يەردە تۇرۇۋەرسە سېسىپ قالىدۇ"، دەيدۇ. 55-غەزەلدە شائىر دۇنيانىڭ غەم-غۇسسە بىلەن تولغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن ئەمەل تۇتقان كىشىنىڭ بويى ئېغىر يۈكتىن ئېگىلىپ قالىدۇ دەپ كېلىپ، بۇ مەنانى مۇنداق بىر نازۇك ئوخشىتىش بىلەن ئىپادە قىلىدۇ:

"باش بولۇپ يۈز ھۆسنىگە قاشتا قاچان غەم يوقتۇر"، يەنى قاشنىڭ ئەگرى بولۇشى ئۇنىڭ باشلىقتەك يۇقىرىدا تۇرغانلىقىدۇر.

يەنە بۇ غەزەلدە كۆڭۈل سىرىنى ئېيتىدىغان ئۇلپەتنىڭ يوقلۇقىدىن زارلىنىپ، ئۇلپەتتىن ئايرىلماسلىققا، ئۇلپەت ئالىمدەك ياخشى ئالەمنىڭ يوقلۇقىغا دائىر مىسرالارنى بېغىشلاپ ئۆتىدۇ. ئاخىرىدا تەمە قىلماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

مەشھۇرى پەقەت باشقىلار كۆرسۇن دەپلا ئىبادەت قىلىدىغان زاھىرلارنى ئەيىبلەشتەك ئىلغار مەزمۇننى 56-غەزىلىگە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ. ئۇ: "كۆرسۇن دەپ ئىبادەت قىلىش تەرىقەت يولىدا مۇناپىقلىق، ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان زاھىرلارنى ئۆلتۈرگۈم كېلىدۇ" دەيدۇ. شائىر ھەربىر ئىشتا ساداقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېرەك، ساختىپەزلىك ئەڭ يامان ئىش دېگەن ئىدىيىنى گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ئالغا سۈرىدۇ. يەنە ئۇ بۇ غەزىلىدە: شۇم يۈز رەقىبلەرنى كۆرگىچە ئۆلگەن ياخشى، دەيدۇ.

مەشھۇرى 57-غەزىلىنىڭ 1-، 2-بېيىتلىرىدە دۇنياغا بەك بېرىلىپ كەتمەسلىك ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىشكە نىيەت قىلماسلىق ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرۈپ، ”دۇنيانى تېپىپ تاشلىغان كىشى يىگىت، دۇنياغا قاتتىق كۆڭۈل بېرىش دىۋانىلىق، شاھنىڭ شاھلىقىمۇ كېتىدۇ، ئۇردىسى ئاخىرى يىقىلىدۇ“ دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

شائىر 58-غەزىلىدە ئۆزىنى لۇتفى بىلەن تەڭ، ھەتتا يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ: ”ھەر سۆزۈمدە سىپايە ئولتۇرسام كەم ئەمەس لۇتفىدىن، يېڭى ئاي چەرىخ ئۆزرە بىر مىسرائى دىۋانىم ئىرۇر“ دەپ كېلىپ، دىۋانىنىڭ ھەربىر مىسراسى ئاسماندىكى يېڭى ئايغا ئوخشايدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. مەشھۇرىنىڭ دىۋانىنى ئوقۇغان ۋە شېئىرىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە بولغان ھەربىر كىشى بۇ شائىرنى شۇنداق دەۋا قىلىشقا ھەقلىق دەپ، بىلىدۇ.

شائىر مەشھۇرى 61-غەزىلىدە ئورۇنلۇق ئىشلىتىلگەن چۆچەك سۆزنىڭ قۇدرىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىش بىلەن يوغان قورۇق سەللە ئوراپ ئالغان نادانلارنى قاتتىق ھەجۋىي قىلىپ:

نازلان گۇپتارىدىن پەخىر ئەتمىگىل دەستارىدىن،
كۆز چىۋىن باشىدا كىم ئۆزدىن ئۇلۇغ دەستارىدۇر.

دەيدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: سۆزلىسەڭ ئىشنىڭ بىلەن نازلان، سەللە بىلەن ماختانما، سەللەڭ بىلەن قانداق ماختىنىشقا بولىدۇ.

چۈنكى، چىقۇنىنىڭمۇ بېشىدا يوغان سەللىسى بارغۇ...

مەشھۇرى 65-غەزىلىدە دۇنياغا كۆپ بېرىلىپ كەتمەسلىكنى ۋە ئۆزىنىڭ پېقىرلىقىنى بىر گۈلشەن بىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

ئامان ئىستەر ئىسەڭ بول سەرۋىدەك ئازادە بارىڭدىن،

كى نەخلى باراۋەر① ھەر رەھگۇزەر② نىڭ سىڭگا سارىدۇر.

ئامانلىق خالىساڭ سەۋرى دەرىخىدەك ھېچ نەرسىگە ئىگە بولما، شۇ چاغدىلا سەن ئامانلىق تاپالايسەن، كۆرمەمسەن، مېۋىلىك دەرەخلەرگە ھەر ئۆتكۈچى تاش ئاتىدۇ، ھەقىقەتەنمۇ مېۋىسىز دەرەخلەرگە ھېچكىم تاش ئاتمايدۇ.

شائىر پېقىرلىقنى ئۆزىنىڭ گۈلشەنى دەپ تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ: "ئىستان (قومۇشلۇق) شېئىرلىرىنىڭ روھ ئەفزا مورغىزاردۇر" دەيدۇ. شائىر بۇ مىسراسىدا شېئىرىيەتنىكى "ئېتىنى ئاتىماي ئوخشىتىش" سەنئىتىنى ئىشلەتكەن. شائىر مەشھۇرى 69-غەزىلىدە جەڭ مەيدانىنى ماختاپ، جەڭچىلەرنى قەھرىمانلىققا ئۈندەيدۇ. قولىدا يالتىراپ تۇرىدىغان پالتا تۇتۇپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش يىگىتلەرگە نېمىدىگەن ياخشى زىننەت. ئەر بولساڭ ئۆيۈڭدىن چىقىپ مەيداندا ئات ئوينات، ھۈنەر كۆرسەت، دەيدۇ.

شائىر 73-غەزىلىدە: "قېشىمنىڭ بىر تال مويىمۇ بايلارغا ئىگىلمەيدۇ. ئۆزۈم گاداي بولساممۇ ھىممىتىم شاھانەدۇر" دەپ،

---

① نەخلى باراۋەر (پ) — مېۋىلىك خورما دەرىخى

② رەھگۇزەر (پ) — يولدىن ئۆتكۈچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆزىنىڭ دۇنياغا كۆڭۈل بەرمەيدىغانلىقىنى ئۆزىگە بەخت سانىغان بولسا، 78-غەزىلىدە: زاھىدلارنى پەرسۇدە، يەنى ”كونىرىغان زاھىــدلار“ دەپ، ئـۇلارنـى قۇرۇپ قالغان ياغاچقا ئوخشىتىپ ”قـۇرۇق يـاپـراق، يـامغۇر سۇيىدىن كۆكلىمىگەندەك قۇرۇق زاھىدقا ئىشق سۆزى نەپ قىلمايدۇ“، دەيدۇ.

شـائـىـرنـىڭ نۇرغۇن ئوتلۇق مىسرالىرىدا ئۆزى ياشىغان زاماندىن نارازىلىقى، كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ رىيا ۋە ساختىپەزلىك بىلەن تولغانلىقىدىن زارلىنىش ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: 85-غــەزەل 3-بېيىتتا: ”پەجمۇدە بولغانلارنىڭ كۆڭلى سوغۇق نــەپەسلــىك ۋە ئىزلەر سۆزىدىن ئىسسىمايدۇ، نەپەستە تەسىر بـولـمـىـسا پۇۋلــىگەن بىلەن ئوت يانمايدۇ“ دېگەن بولسا، 4-بــېيىتتا: ”ئى ئۆزىنى كۆرىدىغان ئىبادەت قىلغۇچى ئۆزىگە تەمەننا قويۇشنىڭ رەختلىرىنى تاشلا، ھەقىقەت بازىرىدا ئاجىزلىق رەختىدىن باشقىغا خېرىدارى يوق“ دەپ خىتاب قىلىدۇ. 89-غەزەل 4-بـېـيــىـتـتــا شـائىر بىر-بىرىنى قەدىرلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىـپـادىلـەپ: ”ئـى دوسـتــلار، يـېـڭـىچكەلىكلەرنى بىلىش قەدىردانلىقنىڭ بەلگىسى، ئەگەر نۆكتەدان بولاي دېسەڭ قەدىردان بـول“ دېــســە، 5-بـېـيــىـتتا نادانلىقنىڭ زۇلمەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ، ”نادان زۇلمەتتە ئولتۇرىدۇ، يورۇقلۇق ئــىـزلـىگەنلەر ئۆگىنىشى كېرەك، ئىنساننىڭ مۇنەۋۋەر بولۇشى ئۆگىنىش بىلەن“، دەپ كۆرسىتىدۇ.

114-غــەزەلــدە بىز شائىرنىڭ مۇنداق بەدىئىي ماھارەتلىك مىسـرالىرىنى ئۇچرىتىمىز:

”گۈگۈن ئاھىم پەنجىئى خۇرشىدغە باغلار خېنە،

كىم نىگاھىم ئىزلىرىدىن جاندا تەسەۋۋۇر ئەتمىشەم.
[مەن يارىمنىڭ ئىزلىرىنى جىنىم ئىچىدە ئويلىغىنىمدا، گۇلرەڭ ئاھىم قۇياش پەنجىسىگە خىنە ياقىدۇ]. بۇ بېيىتتە شائىر ئاھىنى گۇلرەڭ بىلەن سۈپەتلەپ قۇياشقا پەنجە ياسايدۇ ۋە بۇ پەنجىلەرگە گۇلرەڭ قىزىل ئاھىدىن خىنە ياقىدۇ.
يەنە شۇ غەزەل 6-بېيىتتا: مەككار زاھىدلارنى شۇ قەدەر ئەيىبلەيدۇكى، ئۇلارنىڭ رايىغا قارشى ھالدا مەسچىتلەرنى بۇزۇپ، ئورنىغا بۇتخانا ياسىماقچى بولىدۇ.
شائىرنىڭ شېئىرىي ھاياتىغا قارىغاندا، ئۇ ئۆمرىنى سەرگەردانلىقتا ئۆتكۈزگەن. ئۇ، 120-غەزەل 5-، 6-بېيىتلىرىدە بۇ مەزمۇننى ”تەقدىرىم شېئىردەك ئاۋارىلىق ئىدى، مەملىكەتلەرنى كېزىپ بىرەر تۇرار جاي تاپالمىدىم، بۇ ۋەتەننىڭ بىر ماكانىسىز بولۇبۇلىمەن، 100 مىڭ سايراپمۇ يەشنەش بەرگىگە ئىگە بولالمىدىم“، دەپ ئىپادە قىلىدۇ.
ھەقىقەتەنمۇ سۆزلىگۈچى نۇرغۇن شائىرلارغا ئوخشاش، مەشھۇرىمۇ ئۆز زامانىسىدا خورلىنىپ كۆپ جاپا چەككەن. ئۇ كۆپ بېيىتلىرىدا بۇ خىل قىسمەتتىن زارلانغاندەك، 148-غەزىلىدىمۇ ”مېنىڭ قەدرىمنى كىم بىلگەي، مېنى كۆزىگە كىم ئىلدى، غېرىبمەن ئۆز دىيارىمدا، ئەسىرمەن ئۆز ماكانىمدا“ دەپ ئۆز دىيارىدا، ئۆز ۋەتىنىدە خارلىنىۋاتقانلىقىدىن بىزار بولۇپ، ئۆز مۇڭىنى تۆكىدۇ.
شائىر 160-غەزىلىدە ئۆزىنىڭ غېرىبۇخارىزار كەچۈرگەن تۇرمۇشىدىن زارلىنىپ كېلىپ، كۆڭلى سۆزۈك دوستتىن ئايرىلما دەپ نەسىھەت بەرگەندىن كېيىن، ”كىم يىراق تۇشكەچ ئىرۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خۇرشىددىن ئايىنىڭ كىمى“ دېگەن مىسرا بىلەن بۇ غەزەلنى ئاياغلاشتۇرىدۇ. بۇ مىسرادا قۇياش كۆڭلى سۆزۈك دوستتىن، ئاي ئۆزۈڭدىن ماجازلىق كىنايە بولۇپ، قۇياشتىن يىراقلاشقان ئاينىڭ كېمىيىپ كېتىشى ھالەت دەلىلدۇر. مانا بۇ سەنئەت ئەدىبلەر ماھارىتى ئىچىدىكى ئەڭ نازۇك بىر ماھارەتتۇر.

دېمەك، شائىر مەشھۇرى ئۆزىنىڭ «دىۋان مەشھۇرى» ناملىق بۇ مەشھۇر شېئىرىي ئەسىرىدە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاروز ۋەزىن شەكلىدىكى ھەرخىل بەھرىللىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىيلىقتا ئىگە بولغان ئۆتكۈر پىكىرلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆزىگە خاس بىر ھالقا ھاسىل قىلغان. بولۇپمۇ ئۇ تەنقىدچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۆزى ياشىغان دەۋر ۋە شۇ مەزگىللەردە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئادالەتسىز ئەمەلدارلار ئۈستىدىن زارلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ساداچىسى سۈپىتىدە ھەقىقەت سۆيەر مېھنەتكەشلەر بىلەن تەقدىرداش بولغان. شائىر ئاجايىپ گۈزەل مىسرالار ئارقىلىق ھەقىقىي ئەركىن مۇھەببەتنى كۈيلەپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئارزۇ-ئىستىكىنى ئىپادە قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، شائىرنىڭ ئەركىن مۇھەببەتكە ئېرىشىش تىلىكى ”كاج پەلەك“نىڭ توسقۇنلىقىغا ئۇچرايدۇ. شائىر بۇ خىل پۇتلىكاشاڭلار ئارقىسىدا ئەركىن مۇھەببەت ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشمايۋاتقانلىقىدىكى سەۋەبنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم بىلەن باغلايدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئەركىن مۇھەببەتنى نابۇت قىلغۇچى فېئودال بايلار، مۇتەئەسسىپ دىنىي روھانىلار ۋە سوپىلارنى قاتتىق سۆكىدۇ. بۇ يالغۇز شائىرنىڭ خەلقچىل روھىنىڭ روشەن

بەلگىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ئارزۇسىنىڭمۇ كۈچلۈك گەۋدىلىنىشىدۇر. شائىرنىڭ بۇ خىل خەلقچىللىق روھى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈدۇ.

شائىر 34-، 36-غەزەللىرىدە ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ پىتنە پاساتقا تولغانلىقى، نائەھلىلەر كۈلۈپ ياشناپ، ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ئازاب ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىدۇ:

زەمان پۇر شورىشۇ ئافاق پۇر فىتنە، جەھان ھاسىد،
خەلايىق كۆزلەرىدىن غەيبدەك مەشھۇرى پىنھاندۇر.

[زامان غەۋغا-توپىلاڭغا تولغان، ئۇفۇق پىتنە-پاساتقا، جاھان ھەسەتكە تولغان؛ مەشھۇرى خالايىق كۆزلىرىدىن غايىب بولۇپ پىنھان ياشىماقتا].

بۇ بېيىتتا شائىر ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ سىياسىي-ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئىخچام ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇ يەنە:

بېرىپ جامى مەي گۈلگۈن ھەمە نائەھلىگە گەردۇن،
لەبا لەب جامى مەي يەڭلىغ كۆزۈمنى ئەشكبار ئەيلەر.

[پەلەك نائەھلىلەرگە گۈل رەڭلىك شاراب قەدەھلىرىنى سۇنۇپ، كۆزۈمنى لىقمۇلىق تولغان مەي جاملىرىدەك ياش بىلەن تولدۇرماقتا].

بۇ ئەينى دەۋر فېئودالىزم شارائىتىدا ياخشى كىشىلەرنىڭ ئازاب ئوقۇبەتكە، يامان كىشىلەرنىڭ ئېتىبارغا ئىگە بولۇۋاتقانلىقىدەك ناھەقچىلىككە قارىتىلغان شائىرنىڭ ئۆتكۈر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نارازىلىقىدۇر.

بىز 11-غەزەلدىكى مۇنۇ مىسرالارنى كۆرۈپ باقايلى:

ۋەھكى شەيخى خانقاھ ۋەئزىن ئىشتكۈم كەلمەيۇر،
يوقتۇرۇر سۆزدە ئەسەر، ئۆزدە سىرايەت بولماسا.
ئادەمىي بىرلە نېدىن ئەرمەس بەرابەر ۋەھشى تەيىر،
ئەقلىدىن گەر ئادەمىيلەردە شەرافەت بولماسا.

[خانىقاھدىكى سوپى-شەيخلەرنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغۇم يوق. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىدە ئىشق تەسىرى بولمىغاچقا، سۆزلىرىدىمۇ لەززەت يوق. ئەگەر ئادەملەردە ئەقىل ئىدراكتىن شاراپەت بولمىسا، ئۇنىڭ قۇشلاردىن نېمە پەرقى بولسۇن؟]

بۇ مىسرالار بىر كۈن كەچكىچە قۇرۇق سۆز سېتىپ جان باقىدىغان، سۆزى باشقا، دىلى باشقا، ئۆزىنىڭ ئەقىل-ئىدراكىنى ئىشلىتىشنى خالىمايدىغان كىشىلەرگە بېرىلگەن تەنبىھ.

شائىر يەنە 61-غەزىلىدە بېشىغا يوغان سەللە ئورۇۋېلىپ، يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدىغان، قولىدىن ئىش كەلمەس كىشىلەرنى چىۋىنغا ئوخشىتىپ مۇنداق ھەجۋىي قىلىدۇ:

نازلان گۇفتارىدىن فەخر ئەتمەگىل دەستارىدىن،
كۆر، چىۋىن باشىدا كىم ئۆزدىن ئۇلۇغ دەستارىدۇر.

شائىر 73-غەزىلىدە: "قېشىمنىڭ بىر تال مويىمۇ بايلارغا ئېگىلمەيدۇ، ئۆزۈم گاداي بولساممۇ ھىممىتىم شاھاندۇر" دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارغا بولغان كۈچلۈك غەزەپ-نەپرىتىنى ئىپادىلىسە، 78-غەزىلىدە قەلبىدە ئىشقى-مۇھەببەت، جاسارەت بولمىغان زاھىدلارنى قۇرۇپ قالغان ياغاچقا ئوخشىتىپ: "قۇرۇق ياپراق يامغۇر سۈيىدىن

گۈللىنىگەندەك، قۇرۇق زاھىدقا ئىشىق سۆزى تەسىر قىلمايدۇ" دەيدۇ.

شائىرنىڭ ئۇرغۇن مىسرالىرىدا ئۆزى ياشىغان زامانغا بولغان نارازىلىق، كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ رىيا ۋە ساختىپەزلىك بىلەن تولغانلىقىدىن زارلىنىش ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

بىز مەشھۇرى شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر شائىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

بىز ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سۆيۈملۈك دىيارى يەكەنگە بېغىشلاپ يازغان 30-غەزىلىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ قەلبىدە بۇ قەدىمىي دىيارغا بولغان مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى كۆرەلەيمىز. "خۇش نەۋا مەشھۇرى بۇلبۇلدۇر، گۈلىستان ياركەند" مىسراسى ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىغا بولغان مۇھەببەت ئوتىنىڭ كۈچلۈك يالقۇنىدۇر. لېكىن شائىر ياشىغان دەۋر قاراڭغۇ زۇلمەتلىك، ئۇ سۆيگەن ئەمگەكچى خەلق خارۇزار ئىدى. بۇ ھال شائىرنىڭ قەلبىنى ئۆرتەيتتى. شۇڭا ئۇ 120-غەزىلىدە ئېيتقاندەك "تەقدىرىم شېئىردەك ئاۋارىلىق ئىدى، مەملىكەتلەرنى كېزىپ، بىرەر تىنچلىق جاي تاپالمىدىم؛ بۇ ۋەتەننىڭ بىر ماكانسىز بۇلبۇلىمەن، يۈز مىڭ سايراپمۇ ياشناش پۇرستىگە ئىگە بولالمىدىم" دەپ زارلانغان. شۇنىڭدەك ئۇ ئۆز زامانىسىدە خورلىنىپ جاپا چەككەن، بەختسىز، قەدىر-قىممەتسىز تۇمەنلىگەن كىشىلەرنىڭ ئاھ-زارىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، 148-غەزىلىدە: "مېنىڭ قەدرىمنى كىم بىلگەي، مېنى كۆزگە كىم ئىلغاي؟ غېرىبمەن ئۆز دىيارىمدا، ئەسىرمەن ئۆز ماكانىمدا"

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەيدۇ.

شۇ كۈنلەردە شائىر ئۆز ۋەتىنىنى ۋە خەلقىنىڭ كەمبەغەللىك، قالاقلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىق ئىسكەنجىسى ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى سەزگەندى. ئۇ خەلقنى ھەقىقىي بەخت-سائادەتكە يېتىشتۈرۈشنىڭ يوللىرىدىن بىرى پەن-مەرىپەت دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا 89-غەزىلىدە نادانلىقنىڭ زۇلمەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ: "نادان زۇلمەتتە ئولتۇرىدۇ. يورۇقلۇق ئىزدىگەنلەر ئۆگىنىشنى كېرەك، ئىنساننىڭ مۇنەۋۋەر بولۇشى ئۆگىنىش بىلەن" دەپ چاقىرىق قىلغان بولسا، 23-غەزىلىدە:

مەئرىفەت قىلماق ئۇمىد ئەسھابى دۇنيادىن ئەبەس،
رەۋشەنالىق كۆزنى كۆز تۇتماق ئەئمادىن ئەبەس.

دەپ، مەرىپەت، ئىلىم-پەن ئىگىلەشنى مال-دۇنيادىن ئۈستۈن قويىدۇ ۋە مال-دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلەرنى كورغا ئوخشىتىپ، "كوردىن يورۇقلۇق كۈتكىلى بولمىغاندەك، دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلەردىن مەرىپەتنى كۆزلەش بىھۇدە" دەيدۇ. ئۇنىڭ 53-غەزىلىنىڭ 6-، 7-بېيىتلىرىدا "ئالىملاردىن ھەر كۈنى بىر نۇقتە بولسىمۇ ئۆگەن، چۈنكى يامغۇر تامچىلىرىدىن دەريا ھاسىل بولىدۇ، ھەرىكەتچان بول، قارىمامسەن، سۇ بىر يەردە تۇرىۋەرسە سېسىپ قالىدۇ" دېگەن ئوبرازلىق پىكىر ئارقىلىق بىر ئىزدا توختاپ قالماي ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشكە، ھەر كۈنى بىر نۇقتىدىن بولسىمۇ ئۆگىنىپ "تامچىلاردىن دەريا ھاسىل قىلىش"قا چاقىرىدۇ.

شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى

پىكىر ۋە يېڭى مەزمۇن يوشۇرۇنغان.

شائىر 44-غەزىلىدە: "گۈل ئۈستىگە گاھى مۆلدۈر، گاھى شەبنەم چۈشكەندەك ئادەم بېشىغىمۇ بەزىدە غەم، بەزىدە خۇشلۇق كېلىدۇ" دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويسا، 46-غەزىلىدە "كەپتەردىن نامە ئەۋەرتىشكە ھاجىتىم يوق، چۈنكى مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ئۆزى ئەلچى" دەيدۇ. 55-غەزىلىدە بولسا، دۇنيانىڭ غەم-غۇسسە بىلەن تولغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن "ئەمەل تۇتقان كىشىنىڭ بويى-ئېغىر يۈكتىن ئېگىلىپ قالىدۇ" دېگەن مەنىنى مۇنداق بىر نازۇك ئوخشىتىش بىلەن ئىپادە قىلىدۇ:

باش بولۇپ يۈز ھۆسنىگە قاشتا قاچان غەم يۈكتۈرۈر.

ئۇ يەنە 57-غەزىلىدە:

"پۇشت پا دۇنياغا ھەركىم ئورسا ئول مەردانىدۇر.
باغلىسا ھەركىم كۆڭۈل دۇنياغا ئول دىۋانىدۇر."

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق دۇنياغا بەك بېرىلىپ كەتمەسلىك ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرۈپ: "دۇنيانى تېپىپ تاشلىيالىغان كىشىلا مەردانىدۇر، دۇنياغا قاتتىق كۆڭۈل بېرىش دىۋانىلىق"، "شاھنىڭ شاھلىقىمۇ كېتىدۇ، ئوردىسى ئاخىر يىقىلىدۇ" دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ.

بىز ئاجايىپ چوڭقۇر ھېكمەتكە تولغان مۇنۇ ئىككى مىسرانى كۆرۈپ باقايلى:

ئامان ئىستەر ئېسەڭ بول سەرۋىدەك ئازادە بارىڭدىن،
كى نەفلى باراۋەر ھەر رەھگۇزەنىڭ سەڭگى سارىدۇر.

[ ئامانلىقنى خالىساڭ، سەرۋى دەرىخىدەك ھېچ نەرسىگە ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولما، شۇ چاغدىلا سەن ئامانلىق تاپالايسەن. كۆرمەمسەن، مېۋىلىك خورما دەرىخىگە ھەربىر يولدىن ئۆتكۈچىلەر تاش ئاتىدۇ. مېۋىسىز دەرەخلەرگە ھېچكىم تاش ئاتمايدۇ.]

شائىر بۇ مىسرالار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى ئىزدەپ، مېۋىسىز دەرەخ بولۇش كېرەكمۇ ياكى يولدىن ئۆتكۈچىلەرنىڭ تاش كېسەك ئېتىشىدىن قورقماي، مېۋىلىك دەرەخ بولۇش كېرەكمۇ؟ دېگەن ئىككى چوڭ مەسىلىنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويىدۇ.

شائىرنىڭ «دىۋان مەشھۇرى» ناملىق ئەسىرىدىن بىز شۇنى كۆرەلەيمىزكى، دىۋاندىكى شېئىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇھەببەت لىرىكىسى بولۇپ، ئۇ ئاجايىپ گۈزەل لىرىك مىسرالار ئارقىلىق ھەقىقىي، ئەركىن مۇھەببەتنى كۈيلەپ، ئۇنىڭغا ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئارزۇ-ئىستىكىنى ئىپادىلەيدۇ، ساداقەت، مېھرى-ۋاپانى ئۇلۇغلايدۇ. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىنى رەڭدار ئىبارىلەر بىلەن بېزىگەن، ھەربىر جۈملىنى بەدىئىي گۈزەللىكنى شەكىللەندۈرگۈچى ئېستېتىك ۋاستىلەر ۋە مەجاز بىلەن قۇراشتۇرغان. ھەربىر سۈپەتلەنگۈچىگە ئۇنىڭ سۈپىتىنى يانداش قويغان. مەسىلەن: ئەشىك خۇنى (قانلىق ياش)، گۈلگۈن قەبا (گۈل رەڭ كىيىم) ئاتەشىن ئاھ (ئوتلۇق ئاھ)، سىپېھرى نىلگۈن (نىل رەڭ ئاسمان) ۋە باشقىلار.

شائىر ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىياتىنى ئاددىي ئىبارىلەر ئارقىلىق ئەمەس بەلكى ئوبرازلىق سۆزلەر بىلەن بېزەشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. كۆرۈپ باقايلى:

كۆرمەيىن گۈل چېھرىنى نەيلەي گۈلى گۈلزار ئارا،

گەر كىرەر ئىرسەم گۈلىستانغا يۈرەرمەن خار ئارا.
[گۈل چىراي يارنى كۆرمىسەم، گۈلىستاننى نىمە قىلىمەن؟ چۈنكى يارسىز گۈلزارغا كىرسەم، تىكەن ئارىسىدا يۈرگەندەك بولىمەن]
شائىر 13-غەزىلىدە:

نىچۈك يەتكۈمدۇرۈركىم كىناز قەسرىدۇر بىلەند ئانداغ،
ئەزارە قۇشلىرى پەرۋاز قىلسا، پەر ساچار ئاندا

يەنى، ''يارنىڭ نازلىق قەسرىگە قانداق يېتىپ بارالايمەنكى، نەزەر قۇشلىرى ئۇچسا، قاناتلىرى توزۇپ كېتىدىغان دەرىجىدە ئېگىز تۇرسا'' دېگەن بولسا، قالغان مىسرالىرىدا: ''نىلرەڭ ئاسمان-ئۇ سەييارىلەر جىلۋىگاھى، ئۇ ئالتۇن تۈگمىلەر (يۇلتۇزلار) بىلەن بېزەلگەن. كۆكۈل جېنى، كۆز يېشى يار قېشىدا قالغان، مەندىن نىمە ئىزدەيسەن؟ ئەي يار، بۇ قايغۇ بىلەن ئاۋات دۇنيادا سەنلا مالال ئەمەس، چۈنكى، ئاچىز جانلار كوچاڭ گۈللىكىدە سايراپ تۇرىدىكەن'' دەيدۇ.

شائىرنىڭ بەشلا بېيىتتىن تەركىب تاپقان 17-غەزىلىدىكى لىرىكىلىق مىسرالار تېخىمۇ گۈزەل:

تەلپۈنەر جان تۇتىسى لەئلى شەكەر بارىڭ كۆرۈپ،
مەۋج ئۇرار كۆزگۈدە ھەيرەت ئەكس رۇخسارىڭ كۆرۈپ.

[جاننىڭ تۇتى قۇشى شېكەر ياغدۇرغان لەئلدەك لېۋىڭنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ. سېنىڭ چىرايىڭنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ ئەينەكتە ھەيرەت مەۋج ئۇرىدۇ] دېسە: ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:

زەڭگىبارى ھۆسىن بىرلەدۇر سىرشىتە پەيكەرىڭ،
گۈل خىجالەت پەردەسىدە رەڭگى رۇخسارىڭ كۆرۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



[سىنىڭ سۈرىتىڭ ھۆسىن رەڭلىرى بىلەن ئارىلاشقان، شۇڭا سىنىڭ چىرايىڭنىڭ رېڭىنى كۆرۈپ، گۈل خىجىللىق پەردىسىگە ئورالغاندۇر] دەيدۇ.

جان تۇتىسى لەئلىدەك قىزىل شېكەر ياغدۇرىدىغان لېۋىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەلپۈنىدىكەن، ئەينەك يۈزىدە ئۇنىڭ يۈزىنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ دولقۇنلىنىدىكەن؛ ھۆسنىنىڭ رەڭگىبارى (قارا چاچلىرى) بىلەن قامىتى ئوخشاش بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ رەڭگى-رويىنى كۆرۈپ، گۈل ئۆز پەردىسى ئىچىدە خىجىللىق تارتىدىكەن!

شائىر شېئىرىيەتنىڭ رەڭدار بېزەكلىرىدىن بولغان ئوخشىتىش، كىنايە، مۇبالىغە، ئىستىئارە، خىتاب قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشتا، ئۆزىگە خاس يول تۇتقان.

كۆرمەي ئول گۈل سانجىلۇر پەيكان كەبى مىژگان ماڭا،
گۈلشەن ئاتەشخانە، غۇنچە ئاتەشتىن پەيكان ماڭا.

بۇ بېيىتتە شائىر گۈلنى ياردىن كىنايە قىلغان بولسا، ئۇنىڭكىرپىكىنى ئوققا ئوخشىتىدۇ، يارنى كۆرەلمىگەنلىكتىن ئۇنىڭغا گۈلشەن، ئوتخانە، غۇنچە ئوتلۇق ئوق بېشى بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

8-غەزەلدىكى:

مەن نېچۈك گۈلباغى ئىشقىڭ ئورمايىن مەستانەكىم،
رەز قىزى گۈلگۈنە سۈرتەر يۈزىگە گۈل جامىدا.

دېگەن مىسرالىرىدا تاڭ قىزى مەيدىن كىنايە بولۇپ يارنىڭ يۈزىگە سۈرتۈلگەن ئەڭلىك گۈل جامىغا ئوخشىتىلىپ، بىزنىڭ

ئالدىمىزدا گۈلدەك قىزارغان بىر جانانىنىڭ جانلىق سۈرىتى گەۋدىلىنىدۇ.

9-غەزەلنىڭ ئاخىرقى ئىككى بېيىتىدە شائىر ئۆز-ئۆزىگە خىتاب قىلىپ:

تاپماغۇڭ مەشھۇرىكىم، رەڭگى ئەسىر ھەڭگامەكىم،

ئەي قۇياش، شەبنەم كەبى مەھۋى لىقا بولدۇم ساڭا.

دېگەن مىسرادا "ۋاقتى كەلگەندە رەڭدىن ئىزمۇ تاپالمايسەن، شەبنەم قۇياشنى كۆرۈش بىلەن يوقىلىپ كەتكەندەك، سەنمۇ يوقىلىپ كېتىسەن" دېسە، بۇ غەزەلنىڭ 4-7-8-بېيىتلىرىدە شائىر ئۆزىنىڭ شېئىرىي ماھارىتىنى ئاسترونومىيىگە ئاغدۇرۇپ، ئۆز-ئىشقىنى يېڭى ئايغا، ئاشىقىنى كۈنگە ئوخشىتىدۇ. ھىلال ئاي كۈننىڭ گادايى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تولۇن ئايغا ئايلانغىنىدەك، مەنمۇ سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن كامالەت تاپتىم دەيدۇ. ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىنى چۆرگىلەپ كېتەلمىگەنلىكى، ئاينىڭ قۇياشنى ئايلىنىشىدەك تەبىئەت قانۇنىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىپ، ئادەم بىلەن تەبىئەت قوشۇلۇپ، ئاجايىپ بىر يېڭى مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ.

گۈلگۈم ئاھىم پەنجەئى خۇرشىدغە باغلار خىنە،

كىم نىگارىم ئىزلارىن جاندا تەسەۋۋۇر ئەتمىشەم.

[يارنىڭ ئىزلىرىنى جېنىم ئىچىدە ئويلىغىنىمدا، گۈل رەڭلىك ئاھىم قۇياش پەنجىسىگە خىنە ياقىدۇ]

شائىر بۇ مىسرالاردا ئۆز ئاھىنى گۈل رەڭگى بىلەن سۈپەتلەپ، قۇياشقا پەنجە ياسايدۇ ۋە بۇ پەنجىلەرگە ئۆزىنىڭ گۈل رەڭلىك ئاھىدىن خىنە ياقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى uyghurkitap.com



بىز شائىرنىڭ 159-غەزىلىدە ئۆزىنىڭ غەم-قايغۇسىنى بېشىدىكى سان-ساناقسىز چاچقا ئوخشاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، شېئىرنىڭ "كىم يىراق چۈشكەچ ئېرۇر خۇرشىددىن ئاينىڭ كەمى" دېگەن مىسرا بىلەن ئاياغلاشقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ مىسرادا قۇياش كۆڭلى سۇزۇك مېھرىبان دوستتىن، ئاي ئۆزىدىن مەجازلىق كىنايە بولۇپ، قۇياشتىن يىراقلاشقان ئاينىڭ كېمىيىپ كېتىشى ھالەت دەلىلىدۇر. مانا بۇنى شائىرنىڭ ئەڭ نازۇك ماھارىتىنىڭ ئۆرنىكى دېيىشكە بولىدۇ.

بىز شائىرنىڭ 54-غەزىلىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى كۆرۈپ باقايلى:

مۇھەببەت ئالەمىنىڭ شاھىدۇرمەن، غەم سىپاھىمدۇر،
باشىم ئۆزرە قارا مۇڭلار قارا مەخمەل كۇلاھىمدۇر.
زىبەس سەرگەشتەردۇرمەن مەھۋەشىمنىڭ مېھرى كويىدا،
قۇياش كۆزگۈسىنىڭ رەۋشەنگەرى بىر گىردى ئاھىمدۇر.
كەل ئەي گۇلگۇن سەۋار، ئۆتكىل نەزەردە جىلۋىلەر
كۆرگۈز،
فەلەك مەيدانىنىڭ گۇلگۇن سەۋارى بەرقى ئاھىمدۇر.

بۇ مىسرالارنى شائىرنىڭ تەپەككۇرى بويىچە تەھلىل قىلغاندا، ئۇ مۇھەببەت ئالىمىنىڭ شاھى، غەم ئۇنىڭ لەشكىرى، بېشىدىكى غەم-قايغۇلار ئۇنىڭ قارا مەخمەل كۇلاھى بولۇپ چىقىدۇ. بۇ يەردە مۇھەببەتنى "ئالەم" دەپ مۇبالىغىلەشتۈرگەن بولسا، ئۆزىنى شاھ، غەمنى لەشكەر دەپ مەجازلاشتۇرغان، قايغۇنى قارا كۇلاھقا ئوخشاتقان. 2-بېيىتتا، قۇياشنى ئەينەككە ئوخشىتىپ، قۇياش يۈزىنى ئاھىنىڭ تۇزانلىرى بىلەن كۆمۈپ

تاشلىدى، دەپ مۇبالىغە قىلغان. 3-بېيىتتا ئۆزىنىڭ ئاھىنى پەلەك مەيدانىنىڭ گۈل رەڭ ئېتىغا مىنگەن چاقماققا ئوخشاتقان.

شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، شائىرنىڭ دىۋانى 14-ئەسىردىن 20-ئەسىرگىچە ئىشلىتىلىپ كەلگەن چاغاتاي تىلىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇنچە بېيىتلار شۇ دەۋردىكى جانلىق تىلغا يېقىنلاشتۇرۇپ يېزىلغان. ھەتتا بىرمۇنچە بېيىتلار بىزگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدەكلا چۈشىنىشلىك تۇيۇلىدۇ.

يۇقىرىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتۈلگەن پاكىتلارغا ئاساسەن، شۇنداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىنكى، شائىر ئىبراھىم مەشھۇرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۆتكەن مەشھۇر پېشىۋالار بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇشقا ھەقلىق بولغان لىرىك شائىردۇر. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى دېڭىزىغا قوشۇلغان سۈزۈك تامچىلاردىن بولۇشقا مۇناسىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۈنجى قېتىملىق كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

**تۈنجى قېتىملىق كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى**

كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بويىچە دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بېرى مۇنداق بىر يىغىن ئۆتكۈزۈلگەن ئەمەس. يىغىن ئاپتونوم رايونىمىز تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئۆتكۈزۈلمەكتە. بۇ يىغىننىڭ چاقىرىلىشى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى روشەن گەۋدىلەندۈرىدۇ، شۇنداقلا، ھەرقايسى مىللەت كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇ ۋە تەلەپلىرىنى نامايان قىلىدۇ، شۇڭا بۇ يىغىن پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىدىكى يەنە بىر غەلىبە بولۇپ، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ، بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت بولۇپ كەلدى. ئۇزۇن تارىخىي مۇساپىدە، ھەر مىللەت خەلقى جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەش

ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ شانلىق ۋە ئۇزۇن تارىخىنى بىرلىكتە ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى ياراتتى؛ بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز دۇنيادىكى مەدەنىيەتلىك قەدىمكى ئەللەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. ئۇزۇن تارىختىن بۇيان شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر، قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، خۇيزۇ، شىبە، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار، رۇس، داغۇر، مانجۇ قاتارلىق مىللەتلەر خەنزۇ ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ۋەتىنىمىز تارىخىنى بەرپا قىلىشتا ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا قىممەتلىك ھەسسىلىرىنى قوشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە خاس كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتتى.

ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇزۇن بىر تارىخى بولغىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمۇ قەدىمىي ئەنئەنە ۋە ئۆزىگە خاس تەرەققىيات جەريانىغا ئىگە، بۇنداق ئەنئەنە ۋە تەرەققىيات جەريانى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قەدىمىي، مول ۋە رەڭمۇرەڭ ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بولۇپمۇ ھەرقايسى مىللەتلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدا ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن خەلق داستانلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە، مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە»، «غېرىب-سەنەم»، قازاق خەلقىنىڭ «قىزجىبەك»، «ئارقالىق باتۇر»، «قوزى كورپەش بايان سۇلۇ» قاتارلىق كۆپلىگەن داستانلىرى، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ئېپوسى بىلەن باشقا خەلق داستانلىرى، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر»، «گېسار» داستانلىرى ۋە باشقا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان مەدەنىيەت مىراسلىرىدۇر.

ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىيات بايلىقىدىن باشقا، ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياندا شەكىللىنىپ، تەرەققىي قىلىپ بېيىغان يازما ئەدەبىيات مىراسلىرىمۇ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى پارلاق سەھىپىنى تەشكىل قىلىدۇ. پەقەت ئۇيغۇرلارنىلا مىسالغا ئالساق، 8-ئەسىردىن 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ۋە ئىلغار مۇتەپەككۇر شائىرلار مەيدانغا كېلىپ، ئەدەبىيات ئاسمىنىدا ئۆچمەس يۇلتۇز بولۇپ چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. «قۇتادغۇبىلىك» دەك نادىر ئەسەرلەر ئەنە شۇ باي يازما ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە پۈتۈن جاھاننىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقتا.

ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدە ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسى، ئارزۇ-ئىستەكلىرى، ئەقىل-پاراسىتى، ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىگە، ئادالەتسىزلىككە قارشى غەزەپ-نەپرىتى بىلەن كۈرەش تەجرىبىلىرى، ئازاد ۋە گۈزەل تۇرمۇشقا، دېموكراتىيىگە بولغان يالقۇنلۇق ئىنتىلىشلىرى يۈكسەك بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كۈرەشچانلىق، ئەمگەك سۆيۈش، گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، ۋاپادارلىق ئىدىيىلىرى كەڭ تەرغىب قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس تىل بايلىقى، خەلق تىلىدىكى مىللىي

ئالاھىدىلىكلەر ۋە خەلق تىلىنىڭ ھاياتىي كۈچى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەسەرلەر مەيلى مەزمۇن مەيلى شەكىل جەھەتتە كېيىنكى دەۋر يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن مول ئوزۇقلۇق مەنبەئى بولۇپ كەلمەكتە. شۇڭا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش زور ئىلمىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

سەل قاراشقا بولمايدىغان ئەمەلىيەت شۇكى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئايرىلماس بۆلىكى بولغان شىنجاڭ، تارىختا "غەربىي رايون" دەپ ئاتالغان كەڭ رايوننىڭ مەركىزىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ بۇنداق بىر پەۋقۇلئاددە جۇغراپىيە ئورنى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ، غەرب بىلەن شەرقنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى بىر تۈگۈنى بولۇشىغا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇ مەدەنىيىتى، گرېك، رىم، ھىندى، ئەرەب ۋە پارس مەدەنىيەتلىرى مۇشۇ رايوندا ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىگە سەۋەب بولغان. نەتىجىدە، شىنجاڭ قەدىمىي مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرسىگە ئايلىنىپ، بۇ ئورۇندىكى ھەر مىللەت مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ باي مەزمۇنى، خىلمۇخىل تۈسكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن، ھەرقايسى ئەللەر ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ كەلدى، كۆپلىگەن ئەدەبىي مىراسلىرىمىز خېلى بۇرۇندىنلا بىرمۇنچە ئەللەر ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ، خەلقئارا مىقياسىدىكى تەتقىقاتىنىڭ خېلى ئەتىۋارلىق بىر قىسمىغا ئايلانغاچقا، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمۇ مەلۇم دەرىجىدە دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى. بۇ نۇقتىنى تەكىتلەش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ۋە چۈشىنىش — ھەر مىللەت كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇۋېلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىزغا ياردىمى بولىدۇ.

بۇ يەردە "كلاسسىك ئەدەبىيات" دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدىمۇ بىرئاز توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەلۇمكى، "كلاسسىك" دېگەن سۆز لاتىن تىلىدىكى "كلاسسكۇس" سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، "ئۈلگىلىك"، "نەمۇنىلىك" دېگەن ئۇقۇملارنى بېرىپ كەلگەن. ياۋروپا ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىگە گرېك (يۇنان) ۋە قەدىمكى رىمدا مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەرنى "ئۈلگىلىك" يەنى كلاسسىك دەپ ئاتاش ئادەت بولغان. كېيىن ئەدەبىيات تارىخىدا مۇئەييەن باھاغا ئېرىشكەن ئۈلگىلىك ئەسەرلەر كلاسسىك ئەسەر دەپ ئاتىلىدىغان بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، كلاسسىك دېگەن سۆز ئومۇم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئۇلۇغ ئەسەر ياكى شەخسلەرگە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. بۇ "كلاسسىك" سۆزىنىڭ تار مەنىسى، لېكىن كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى كلاسسىك ئەدەبىيات دېيىلىدۇ. خەنزۇ ئالىملىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىغىچە بولغان دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى كلاسسىك ئەسەرلەر دەپ ھېسابلايدۇ، بىزنىڭ بۇ يەردە كلاسسىك ئەدەبىيات دېگىنىمىزمۇ، دەل ئەنە شۇ مەنىدە، يەنى ئومۇمەن قەدىمىيراق بولغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرگە قارىتىلغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئاز سانلىق مىللەتلەر كلاسسىك ئەدەبىيات بايلىقلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ۋە قوغداش ئىشلىرىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. ھەر مىللەت

ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى ماركسىزم-لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىلمىي تەتقىقات نۇقتىئىنەزىرى، يۆنىلىشى ۋە ئۇسۇلىنى بىرقەدەر ئېنىقلاپ ئالغان ھالدا كەڭ ئاممىنىڭ ياردىمى بىلەن بىرمۇنچە خىزمەتلەرنى ئورۇنلىدى. مەسىلەن: 50-يىللاردا، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قاتارلىق ئورۇنلاردىن ئۇيۇشتۇرۇلغان خادىملار ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق رايونلارغا بېرىپ، كۆپلىگەن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى قولغا كەلتۈردى. 60-يىللاردا شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقات جەمئىيىتى «ماناس» داستانى ئۈستىدە پىلانلىق تەكشۈرۈش، توپلاش خىزمىتىنى ئىشلەپ «ماناس» داستانىغا دائىر 500 مىڭ مىسرادىن كۆپرەك ھەرخىل نۇسقىلاردىكى ماتېرىيالنى توپلىدى. مۇتەخەسسىس، ئالىملىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا بىر تۈركۈم كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرى رەتلەندى ۋە ئېلان قىلىندى، نەشىردىن چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى خەنزۇ تىلىغىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان بۇ خىزمەت ئەمدىلا باشلانغان بىر ۋاقىتتا، چېكىدىن ئاشقان سول ئىدىيىنىڭ ئېغىر توسقۇنلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى. ئون يىللىق ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“ جەريانىدا، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى كۈچىنىڭ بارىچە فېئودال -فاشىستىك ئىستىبداتلىق يۈرگۈزۈپ، ھەرقايسى مىللەت كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھالاكەتكە دۇچار قىلدى. بارلىق كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرى ئۇلار تەرىپىدىن "زەھەرلىك چۆپ" دەپ ھېسابلىنىپ، زور مىقداردىكى كلاسسىك ماتېرىياللىرى نابۇت قىلىنىۋېتىلدى. "سول"چىل ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ توسقۇنلىقى ۋە بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ توختىتىپ قويۇلدى. بولۇپمۇ "مەدەنىيەت ئىنقىلابى"دىكى فېئوداللاشتۇرۇلغان فاشىستىك مۇستەبىتلىك ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردا، چاكىنا مىللىي ئىنكارچىلىق، چېكىدىن ئاشقان جاھالەتپەرەستلىك سىياسىتى ئاستىدا، مىللىي مەدەنىي مىراسلار ئومۇميۈزلۈك ئىنكار قىلىندى، ھەر مىللەت كلاسسىك ئەدەبىيات خىزمىتى ھالاك قىلىنىۋېتىلدى. زور مىقداردىكى ھەر مىللەت كلاسسىك ئەدەبىيات ماتېرىياللىرى نابۇت قىلىنىپ، بۇ ساھەدىكى تەتقىقات خادىملىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئېچىنىشلىق ھالدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. نەتىجىدە مەدەنىيەت ئارقىغا چېكىندۇرۇلدى، ئىجتىمائىي ئەخلاق بۇزۇۋېتىلدى.

"تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى توغرا رەھبەرلىكى تىكلىنىپ، بۇ خىزمەتمۇ قايتىدىن قولغا ئېلىندى ۋە ھەر مىللەت زىيالىيلىرى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتىدە مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى گۈللىنىش ۋە بۇرۇلۇش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە، كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرى كۆپلەپ رەتلەندى، ئىزاھلاندى ۋە نەشر قىلىندى. ئۇيغۇرچە ۋە قازاقچە كلاسسىك

ئـەدەبــىيات ۋە خەلق ئەدەبىياتى مەجمۇئەلىرى — «بۇلاق»، «شالغىن» لەردە، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى يــەرلىك ژۇرناللاردا كلاسسىك يازما ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى نۆۋەتلىك ياكى قىسمەن ئېلان قىلىندى، يــەنە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» گە ئوخشاش توپلاملارمۇ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. قىرغىزلارنىڭ «ماناس» داستانىنى رەتلەش گۇرۇپپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، رەتلەش ۋە تەرجىمە قىلىش خىزمىتى باشلاندى. موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر» داســتــانىنى رەتلەش خىزمەت گۇرۇپپىسى 1979-يىلى تەشكىل قــىــلــىــنــىپ، 80-، 81-يىللىرى — ئىككى يىل ئىچىدە بۇ داستاننىڭ 120 پارچە پلاستىنكا خام ماتېرىيالىنى توپلىدى، بۇ گۇرۇپپا توپلاش ۋە رەتلەش جەريانىدا «جاڭغىر» داستانىنىڭ 50 نەچچە پارچە ۋارىيانتىغا ئىگە بولۇپ، مەزكۇر داستاننىڭ تولۇق بولمىغان تەرەپلىرى تولۇقلاندى. 70 ـ يىللاردا ئاپتونوم رايونلۇق تــەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن مىللەتلەر تەتقىقات ئىنىستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئــورۇنــلار ئــىــشــتــىراك قىلغان مەدەنىي ۋە تارىخىي مىراسلارنى يىغىۋېلىش گۇرۇپپىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا كــۆپلىگەن ئەدەبىي، تارىخىي يازما ھۆججەتلەرنى قايتا توپلاپ، ئەنگە ئېلىپ، ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرۇپ ساقلاپ قېلىش يولىدا كۆزگە كــۆرۈنــەرلىك خىزمەت ئىشلىدى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئــاكــادېــمىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن 81-يىلى بىر قېتىملىق نۆۋەتلىك ھالدا ئىلى رايونى بويىچە تارىخىي، ئەدەبىي ۋە باشقا يازما ماتېرىياللارنى توپلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، خېلى زور

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نەتىجىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل ئۇسۇل-چارىلەر ئارقىلىق جەنۇبىي، شەرقىي شىنجاڭ ۋە ئۇرۇمچى رايونىدىن خەلق ئىچىدە ساقلانغان خېلى زور مىقداردا تارىخىي ماتېرىيال ۋە ئەدەبىي قولىيازمىلارنى توپلاپ، ئۇلارنى تەتقىقات ساھەسىگە تەقدىم قىلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئاراغا مەشھۇر نادىر يادىكارلىقلىرىدىن «دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» ئەسەرلىرىنى ئىشلەشتە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلدى. نەتىجىدە، نەشردىن چىقىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر مىللەت كلاسسىك ئەدەبىياتى ئۇستىدىكى تەتقىقات جەھەتتە، يېڭى ئىلمىي كەيپىيات ۋۇجۇدقا كېلىپ، بارغانسېرى راۋاجلانماقتا. بۇ خىل كەيپىيات بىر تەرەپتىن، تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئۆتمۈشتە بايقالمىغان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىققانلىقى، ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە قىلىشقا باشلىغانلىقىدا كۆرۈلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، كۆمۈلۈپ ياتقان ئەدەبىي مىراس ۋە ئەدىبلىرىمىزنى قېزىپ چىقارغانلىقىدا ئىپادىلىنىدى.

18-ئەسىردە يەكەندە ئۆتكەن ئۆزبېك شائىرى سىدىقنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى، 16-ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان ئۇيغۇر شائىرى قابىل شىكەستەنىڭ داستانى، "مەشھۇر" تەخەللۇسى بىلەن ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر شائىرىنىڭ «دىۋانى مەشھۇر» ناملىق ئەسىرى ۋە قەلەندەر، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇللا ھاپىز، ئىبراھىم نورۇز قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېپىلىشى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ

ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىش خىزمىتىدىمۇ ناھايىتى چوڭ ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. 81-يىلى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، شىۋە، موڭغۇل، تاجىك، ئۆزبېك ۋە رۇس قاتارلىق سەككىز مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئايرىم-ئايرىم ھالدا يېزىپ چىقىلدى. بۇ، ھەرقايسى مىللەت ئەدەبىيات تارىخىنى يېزىشقا ياخشى ئاساس يارىتىپ بەردى. ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەر يېڭىدىن ئىلمىي خاراكتېردىكى ماقالىلارنى يېزىپ چىقتى، بۇ قاتارغا بىر تۈركۈم ياشلارمۇ قوشۇلۇپ، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ساھەسىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر قوشۇن تەشكىل قىلىنماقتا.

* * *

يۇقىرىقىلاردىن ئاز بولمىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنلىكىمىزنى، مەمنۇن بولغىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىمىزنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. خۇسۇسەن 11-نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن كلاسسىك ئەدەبىيات ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى، تەتقىقات دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ زور، ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنىڭ تېخىمۇ گەۋدىلىك بولغانلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. لېكىن ئەستايىدىللىق بىلەن ئېيتقاندا، بۇ پەقەت كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى بىر باشلىنىشتىنلا ئىبارەت، بۇ ساھەدىكى زور خىزمەتلەر تېخى بىزنى

كۆتۈپ تۇرماقتا.

ھازىر مەملىكىتىمىز يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. پارتىيە 12-قۇرۇلتىيى بىزنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى يۈكسەك مەدەنىيەتكە، يۈكسەك دېموكراتىيىگە ئىگە سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا چاقىردى، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ بىناسىنى قۇرۇپ چىقىشتا بىز كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ زىممىسىگە شەرەپلىك ۋەزىپىلەر يۈكلەندى، ھالبۇكى، بىز يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى تىكلىشىمىز، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا كلاسسىك مىراسلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۆتمۈشتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىشىمىز، ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىش، ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزىرىيىسىنى بېيىتىش، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىي ئىجادىيەت خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت توپ مەقسەتنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇشىمىز لازىم. بىز كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق مىللىي

غـۇرۇرىمىزنى يۇكسەلدۇرىشىمىز، خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھـىـنـى كۈچـەيـتىشىمىز، كىشىلەردە گۈزەل روھىي دۇنيا شەكىللەندۇرۇشكە ياردەم بېرىشىمىز، ئالىي پەزىلەتلىك ۋە ساغلام گـۈزەللىك تۇيغۇسىنى تىكلىشىگە ئىلھام بېرىشىمىز، شۇنداق قـىـلىپ سوتسىيالىستىك تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئۆزىمىزنى پـۇتـۇنـلـەي بېغىشلىشىمىز لازىم. ئەدەبىيات — ئىجتىمائىي هـاياتنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇر يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كـارتىنىسىدۇر. شۇڭا كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى پەلسەپە، تـارىـخ، تـىـل، مـىـلـلـەتشۇناسلىق قاتارلىق ئىلمىي تەتقىقات خىزمەتلىرىنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بـۇ جـەھەتتە بىز ھەرقايسى مىللەت كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچـىـلـىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر، مەنزىلى يىراق، جاسارەت بـىلەن ئىزىشىپ ئىشلەپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشقا ئالاھىدە تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى بىردىنبىر مۇھىم مەسىلە ئەدەبىي مىراسلارغا قانداق توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدۇر. بىز ئەدەبىي مىراسلارغا قانداق قىلىپ توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟ ماركسىزمنىڭ ئەدەبىي مىراسلارغا مۇئامىلە قىلىشنىڭ تۈپ پرىنسىپى ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشتۇر. بۇ پرىنسىپ كـىـشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسى بويىچىلا مەيدانغا كەلگەن ئەمەس، ئەدەبىياتتا ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغىچە ۋارىسلىق قىلىش مـۇنـاسـىـۋىـتى ئەدەبىيات تەرەققىياتى قانۇنىيىتىنىڭ بىرخىل ئـىـپـادىسـىـدۇر. بـىـزگـە مەلۇمكى، بىرخىل ئىدىيولوگىيە ھېسابلانغان ئەدەبىيات، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بازىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقى، تارىخىي ۋارىسچانلىقى بولىدۇ، خۇددى ماركس ۋە ئېنگېلس «گېرمان ئىدېئولوگىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسەتكىنىدەك، "ھەرقانداق بىر سەنئەتكارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن تېخنىكا مۇۋەپپەقىيىتى، جەمئىيەت تەشكىلاتىنىڭ، شۇ ئورۇندىكى ئىش تەقسىماتى ۋە شۇ جايلار بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىدىغان دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىش تەقسىماتى شارائىتى چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. ھەرقانداق دەۋردە ھەرقانداق بىر سىنىپنىڭ ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس بىر يېڭىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئەمما، ھەرقانداق بىر يېڭىلىق ئۆز نۆۋىتىدە ئىلگىرىكىلەرنىڭ مىراسلىرىنى تەنقىد قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ". شۇنىڭ ئۈچۈن لېنىن «كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىپىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: "پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئاللىقانداق نامەلۇم جايلاردىن كېلىپ چىققان نەرسە ئەمەس. شۇنداقلا ئۆزىنى پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسى دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئويلاپ چىقىرىلغان نەرسە ئەمەس. شۇنداق دەپ ھېسابلاش پۈتۈنلەي خاتا. پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتى، فېئودالىزم ۋە تۈرلەر جەمئىيىتىنىڭ زۇلمى ئاستىدا يارىتىپ چىققان پۈتۈن ئىلىم زاپاسلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇش كېرەك"[1]

ئەدەبىيات راۋاجلىنىش جەريانىدا ۋارىسلىق قىلىنىشقا ئىگە

---

[1] («لېنىن ئەسەرلىرى»، 31-توم، 254-بەت.)

بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇۋاپىق ئاملىلىرى ئىنسانىيەت تارىخى تەرەپپىدىن ۋارىسلىق قىلىنىدۇ. چۈنكى، خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى، ئەقىل-پاراسىتى، ئىرادىسى ئەدەبىياتنىڭ ۋارىسلىق قىلىنغان ئاشۇ قىسمىغا سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىدىيولوگىيە ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىياتنىڭ ئۆزى بىرخىل ھەرىكەتچان، جانلىق ۋە خاھىشچانلىقىقا ئىگە مەنىۋى كۈچتۇر. يولداش ماۋ زېدۇڭ: "جۇڭگونىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان فېئوداللىق جەمئىيىتىدە شانلىق قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى يارىتىلدى. قەدىمكى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭ فېئوداللىق شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، دېموكراتىك مېغىزىنى قوبۇل قىلىش — مىللىتىمىزنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى؛ ئەمما، ئۇلارنى تەنقىدسىز، قارا-قويۇق قوبۇل قىلىۋېرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، قەدىمكى زامان ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ھەممە چىرىك نەرسىلىرىنى قەدىمكى زامان ئېسىل خەلق مەدەنىيىتىدىن، يەنى ئازدۇر-كۆپتۇر دېموكراتىيىلىكى ۋە ئىنقىلابىيلىقى بولغان نەرسىلەردىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك" دەپ كۆرسەتكەنىدى. («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2-توم، 687-بەت، ئۇيغۇرچە نەشرى) ئىنقىلابىي ئۇستازىمىزنىڭ بۇ ئىلمىي ھۆكمى بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسىمىزغا توغرا ۋارىسلىق قىلىشىمىزدا ئېغىشماي داۋاملاشتۇرۇشقا تېگىشلىك يېتەكچى ئىدىيىدۇر.

بىز ئەدەبىيات مىراسلىرىمىزغا شۇنىڭ ئۈچۈن تەنقىدىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


ۋارىسلىق قىلىش پوزىتسىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىمىزكى، ئۆتمۈشتىكى ئەدەبىي مىراسلار ئىچىدە ئېكسپىلاتاتسىيىچى هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قاراشلىرى هامان ساقلانغان بولىدۇ، ئەدەبىيات ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىدېئولوگىيە شەكلى بولۇپ، سىنىپىي مەنپەئەتلەرنىڭ سەزگۈ ئورگانىزىمىدۇر. ئۇ سىنىپقا مەنسۇپ بولغان كىشىلىكنىڭ ئىدىيە، ھېسسىيات، ئىرادە ۋە غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭدا سىنىپىي بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قاراشلىرى بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقلا، ئۆتمۈشتىكى ئەدەبىي مىراسلاردا تارىخىي دەۋرلەر ۋە زامان چەكلىمىسىنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. چۈنكى ئەدەبىيات ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئىنكاسىدۇر. ماھىيەتتە ئۇ — بىلىش پائالىيىتىدۇر. بۇنداق بىلىش پائالىيىتىنىڭ ھەقىقەت دەرىجىسى تەبىئىي ھالدا تارىخىي شەرت ئارقىلىق بەلگىلەنگەن بولىدۇ. ئومۇمەن، ئەدەبىي ئەسەرلەردە، باشقا ساھەلەردىمۇ بولغىنىغا ئوخشاش مەلۇم دەرىجىدە مەزمۇن بىلەن شەكىل ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

مەزمۇن ۋە شەكىلنىڭ كۆرىشى ۋە بىرلىكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەدەبىياتنىڭ شەكىل بىلەن مەزمۇنى مۇۋاپىق كەلگەندە، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، تەرەققىياتنى تىزگىنلەپ، ئۇنى دەۋر تەلىپىدىن كەينىدە قالدۇرىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ بۇنداق قانۇنىيىتى، بەزى دەۋردە، مەلۇم ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللارنى لېنىن ئىككى خىل

مەدەنىيەت تەلىماتى بىلەن پەرقلەندۇرسە، يولداش ماۋ زېدۇڭ مېغىز ۋە شاكال ئىبارىسى بىلەن پەرقلەندۈرۈپ ئومۇملاشتۇرغان. ئەدەبىيات مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش بەلكى قارا قويۇقلا قوبۇل قىلماسلىقنىڭ لازىملىقى ئەنە شۇ ئامىللاردىن كېلىپ چىققان.

بۇگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مەدەنىي مىراسلار توغرىسىدىكى بۇ مۇھىم نەزەرىيىنى تەكرارلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" تارمار قىلىنغاندىن كېيىن كلاسسىك ئەدەبىيات دائىرىسىدە، بولۇپمۇ بەزى ياشلار ئارىسىدا ماركسىزمنىڭ قوللىنىلىشىغا شۇبھىلىنىدىغان ھادىسىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارچە ماركسىزم بىر مەزگىل ئاققان بولسىمۇ، ھازىر ئاقمايدىغان بولۇپ قالغان ئىمىش. ئەمەلىيەتتە، تەتقىقات خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى بوسۇشكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ماركسىزمغا تايانماي بولمايدۇ. لۇشۈن ئەپەندى كلاسسىك ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلغاندا ھەر خىل ئۇسۇللارنى سىناق قىلىپ كۆرۈپ، پەقەت ماركسىزمچە ئىلمىي ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى بويىچە ئىش كۆرگەچكە ئىلگىرىكى ئەدەبىيات تارىخچىلىرى ئېنىقلىيالمىغان "زور، قىيىن، شۇبھىلىك مەسىلىلەر" ئۈستىدىن چۈشىنىشلىك خۇلاسە چىقىرالىغان، بۇنىڭدىن تاشقىرى، شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۆتكەن بىر مەزگىلدە ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن توپ قائىدىلىرى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىنمىدى، ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلۈك قوللىنىش مەيدانىغا چىقتى. بۇ ئىللەت ھازىرغا قەدەر تەلتۆكۈس تۈزىتىلگىنى يوق. بۇ ھال بىزگە ئۇنى يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ماركسىزملىق ئىلمى سىستېمىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا چۈشىنىش، ماركسىزم نۇقتىئىنەزەرلىرىگە نىسبەتەن ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم. شۇنداقلا، دوگمىچىلىق خاھىشلىرىدىن ساقلىنىش كېرەك.

بىز كلاسسىك ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلغاندا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەشتە بولمىسۇن، ئەدەبىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەشتە بولمىسۇن، يازغۇچىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىشتە بولمىسۇن، ماركسىزمنىڭ بارلىق ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشتىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىمىز لازىم.

دېمەك، يازغۇچى ئەمەلىيەتتە تەقدىم قىلغان نەرسە، ئەسەر ئەكس ئەتتۇرگەن ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ئاساسەن، ئوبيېكتىپ، تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، دەلىل-ئىسپاتى بار، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە كۆز قاراشلار ئارقىلىق، ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش كېرەككى، ئاق-قارىنى پەرقلەندۈرمەيلا قوشۇۋېتىشكە، ئۆزىگىلا توغرا بولغان فورمىلالارغا سېلىپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى ئەسەرلەرگە بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق مۇئامىلە قىلغاندا، ئاشۇرۇۋېتىش ياكى تۆۋەنلىتىۋېتىش ئەھۋاللىرى ئاسانلا يۈز بېرىپ قالىدۇ، بۇنداق قىلىش پاكىتقا قارىماي، ئەسلىدە ئەسەردە بولمىغان نەرسىلەرنى

ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ كۆز قارىشى بويىچە بار دەپ ھېسابلاپ، ئەسەردە ئەسلىدە بار نۇقتىلارنى فورمۇلا بويىچە يوققا چىقىرىش بولىدۇ. بۇنىڭدا ماركسچە نەزەرىيىۋى قورالنى تېخىمۇ تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەلڭ مۇھىمى ئەسەرنىڭ ئۆزىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتى ياكى مەلۇم مۇددىئا بىلەن بەزى كىشلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى خالىغانچە يۇقىرى كۆتىرىشكە، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى مۇبالىغىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى خالىغانچە تۆۋەنلىتىشكە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كەمچىلىكلىرىنى تەكىتلەۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ. مانا شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئەمەلىيەتتىن توغرا يەكۈن چىقارغىلى بولىدۇ.

بىز تارىخي ماتېرىياللىزملىق دىئالىكتىك ئۇسۇلغا ھۆرمەت قىلىپ، كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىغا تەنقىدي ۋارىسلىق قىلىشنى ھەقىقي ئىشلىشىمىز لازىم. بۇنىڭدا بىز تەنقىد قىلىپلا، ۋارىسلىق قىلماسلىققا قارشى تۇرىمىز، شۇنداقلا ۋارىسلىق قىلىپلا تەنقىد قىلمايدىغان خاھىشقىمۇ قارشى تۇرىمىز. ئالدىنقىسى كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىنى ئىنكار قىلىش. يەنى، بۇ مىللەت ئىنكارچىلىقىدۇر، كېيىنكىسى قەدىمكى زامان كىشىلىرىنى قارىغۇلارچە مەدھىيىلەپ، ھەممىسىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش بولۇپ، يازغۇچىنىڭ چەكلىمىچانلىقىدىن ئېغىز ئاچقۇزمايدۇ. بۇ ئىككىسىلا تارىخي دىئالىكتىك ئۇسۇلغا زىت بولۇپ، توغرا پوزىتسىيە ئەمەس، بۇنىڭدىن تەبىئىيكى، توغرا خۇلاسىغا كەلگىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆتكەن دەۋردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىگە نىسبەتەن ”ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ خەلققە تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ قانداقلىقىنى، تارىختا ئىلغار رول ئوينىغان-ئوينىمىغانلىقىنى ئۆلچەم قىلىشىمىز كېرەك. بەلكى ئايرىم-ئايرىم هالدا ئوخشىمىغان پوزىتسىيە تۇتۇشىمىز كېرەك“ دەپ كۆرسەتكەنىدى. مانا بۇ، داۋاملىق ئېيتىپ كېلىۋاتقان خەلقچىللىق مەسىلىسىدۇر. ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى، خەلق ئاممىسىنىڭ كۆرەش، تۇرمۇش، ئىدىيە هېسسىياتى، مەنپەئەت ئارزۇلىرى، غايە-تەلەپلىرىنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئىنكاسى ۋە كونكرېت ئىپادىسىدۇر، ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقى ”خەلق“ ئۇقۇمىغا ئوخشاش بىر خىل تارىخىي كاتېگورىيە. ئوخشىمىغان تىل ۋە ئوخشىمىغان مىللەتنىڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋرلەردە خەلق هەر خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا، هەر خىل كۆرەش ۋەزىپىلىرىگە، هەر خىل ئىدىيە-هېسسىياتقا، هەر خىل مەنپەئەت-تەلەپلەرگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن خەلقچىللىقمۇ هەر خىل بولىدۇ. بىز كلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ خەلقچىللىقىنى تەهلىل قىلغىنىمىزدا ئۇنى مۇئەييەن تارىخىي دەۋرگە قويۇشىمىز، ئەينى ۋاقىتتىكى كونكرېت ئىجتىمائىي شارائىت ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ باهالىشىمىز كېرەك، تارىخىي ئېقىم ۋە خەلق ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان يازغۇچى ۋە ئەسەرلەر خەلقچىللىققا ئىگە. شۇڭلاشقا دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش ياكى دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قېلىش يازغۇچى ۋە ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمدۇر. مۇشۇ ئۆلچەم بىلەن

ئۆلچىگەندە يازغۇچى ۋە ئەسەرنىڭ ئىلغارلىقى بىلەن چەكلىمىچانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ بىزنىڭ ئەدەبىي مىراسلاردىكى غايىۋى، بەدىئىي مەزمۇنغا ۋارىسلىق قىلىشقا سەل قارىغانلىقىمىزنى كۆرسەتمەيدۇ. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى يۇكسەك بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە. شائىر يازغۇچىلاردا مول ئىجادىي تەجرىبىلەر بار. بىز بۇنىڭغا مۇتلەق سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك.

بىز قەدىمكى زامان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنىڭ بىرلىكىنى ئايرىپ تاشلىيالمايمىز. ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ۋارىسلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپلا، ئۇنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ۋارىسلىق قىلىدىغان تەرەپلىرىگە سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەدىمكى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ساقلانغان بەزىبىر ئەكسىيەتچى ئىدىيە ياكى قالاقلىقنى ئىنكار قىلماسلىقىمىز، بەلكى مەلۇم بەدىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ بۇ خىلدىكى ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى تەنقىد قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتىنى خۇلاسىلىشىمىز، قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. ئەمما، قەدىمكى زامان ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيە مەزمۇنغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولمايدۇ، دېيىدىغان خاتا خۇلاسىنى چىقىرالمايمىز. ئەمەلىيەتتە ھەر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخىدا ئۇزۇن مۇددەت تارىخ سىنىقىدىن ئۆتۈپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بار. بۇ ئەسەرلەر ئەينى دەۋرنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندە ئەينى زاماننى چوڭقۇر تونۇۋېلىش جەھەتتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بەلكى بۇ خىل ئەسەرلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



فېئودالىزمنىڭ نامۇۋاپىق تۈزۈمى ئېچىپ تاشلىنىپ، خەلق ئاممىسىغا ھېسداشلىق قىلغان. ۋەتەن ھەم خەلقنىڭ ئالىي ئەخلاقى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى مەدھىيىلەنگەن. ئۇلار شۇ دەۋرنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ — بۇنداق ئىدىيىۋى مەزمۇنلارغا ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرگە ئائىت كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ، تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئەگەر ئەسەرنىڭ مەزمۇنى، ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدىيىسى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ماتېرىيالىزم، ئاتېىزمگە ياكى ئىدېئالىزمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق پاكىتلار بىلەن ئىسپات قىلالىسا، ئاندىن بىز ئاپتورنى "ماتېرىيالىزمچى"، "ئاتېىست" ياكى "ئىدېئالىست"، "دەھرى" دەپ ھۆكۈم قىلىمىز، ئەگەر پاكىتلار ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىسا، ئۇنداق ئەمەس دېيىشىمىز، ياكى پاكىتلار تېخى يېتەرسىز بولسا، ئالدىراپ-تېنەپ ھۆكۈم چىقىرىۋەتمەسلىكىمىز لازىم.

ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن، جۈملىدىن ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان تارىخىي شارائىتتا يېزىلغان ئەسەرلەر مەلۇم دەرىجىدە بۇنداق ھۆكۈمران ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن بىز بۇنداق ئەسەرلەرنىمۇ، تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئىنچىكە تەتقىق ۋە تەھلىل قىلماستىن ئۇلارنى "ئىدېئالىزمغا مەنسۇپ" دەپ بىراقلا ئىنكار قىلماسلىقىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزنى توغرا يۆنىلىش بويىچە تەرەققىي

قىلدۇرۇپ، كلاسسىك ئەسەر ۋە كلاسسىك يازغۇچىلىرىمىز ئۈستىدە ھەقىقەتكە ئۇيغۇن خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ.

"بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە بەس-بەستە سايرىسۇن" — پارتىيە تۈزۈپ چىققان ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئۈزۈن مۇددەتلىك توپ فاڭجېن، بۇ فاڭجېن ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن، بىز بۇ فاڭجېننى قەتئىي، ئىزچىل ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك، سەنئەت جەھەتتە ھەر خىل شەكىل ۋە ئۇسلۇبنى ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدۇ. ئىلىم-پەندە ھەر خىل ئىلمىي ئېقىملار ئەركىن مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز، "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە بەس-بەستە سايرىسۇن" دېگەن شوئار ئاخىرقى مەقسەت ئەمەس، ئۇ، ئەدەبىيات ۋە ئىلىم-پەننى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى، يولى ۋە ۋاسىتىسىدۇر. مەقسەت بولسا يېڭى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەننى بەرپا قىلىپ، راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت. مەمۇرىي ۋاسىتىلەر بىلەن بىرخىل ئىستىلنى، بىرخىل ئېقىمنى يۈرگۈزۈپ، باشقا ئېقىملارغا يول قويمايدىغان بۇ ئۇسۇل خاتا، بۇ ھەر خىل ھالەتلەردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ھەر خىل شەكىلدىكى يازغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، تالانتى، سەنئەت ماھارىتى قاتارلىقلارغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. كەڭ ئاممىنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىگە قويۇلغان تەلىپىنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



قاندۇرالمايدۇ. نەتىجىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىقىنىڭ راۋاجلىنىشىنى بوغۇپ قويىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ كەسپىگە باش چۆكۈرۈپلا، نۆۋەتتىكى ئەدەبىي سەنئەتنىڭ زور مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەي تۇرالمايمىز. بىز ئىلمىي مەسىلىلەر بويىچە تەنقىد ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇنى قانات يايدۇرۇشتا باشقىلارنىڭ كالتەكلىرىگە قارشى تۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزمۇ باشقىلارنى كالتەكلىمەسلىكىمىز لازىم. بۇنداق ئىلمىي مۇنازىرە ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

يولداشلار، دىيارىمىز شىنجاڭدا ھەرقايسى مىللەت كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرى ئىنتايىن مول. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ بىز كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىدىن ئۈمىدى زور. بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىز ئېغىر، مەنزىللىرىمىز يىراق. لېكىن ئىستىقبالىمىز پارلاقتۇر. بىز روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇزۇنغىچە قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك.

بىز بىر نەزەرىيە قوشۇنى قۇرۇشىمىز لازىم. نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان پېشقەدەم مۇتەخەسسىس، ئالىملىرىمىزنىڭ يېشى چوڭىيىپ قالدى. تەن سالامەتلىكى ئاجىز ۋە كېسەلچان. ئۇلار تىرىشچانلىق بىلەن هارماي-تالماي ئىشلەش روھىغا ئىگە. ئوتتۇرا ياشلىق تەتقىقات خادىملىرىمىز بىزنىڭ ئىشلىرىمىزدىكى

تايانچلاردۇر. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۇلارنىڭ ئون يىلى بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. ياش تەتقىقات خادىملىرىمىزنىڭ ئاساسى ناچار. بىر مەزگىل تەتقىقات ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىلىپ ئۆزگەرتىلمىسە، رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتى ئاجىزلىشىپ قېلىشى، ھەتتا ئۈزۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن تەتقىقات خادىملىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان بىر ئىش بولۇپ قالدى. بۇ ئىش بىزنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى دىققەت ئېتىۋارىمىزنى قوزغىشى كېرەك. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مىللەتلەر ئىنىستىتۇتلىرى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە مۇناسىپ كەسپىي فاكۇلتېتلارنى قۇرۇش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش دائىرىسىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىپ تەربىيىلەشتىن باشقا، ھەرقايسى جايلار ھەر خىل شەكىللەردىكى قىسقا مۇددەتلىك كەسپىي كۇرسلارنى ئېچىشى، خىزمەتتىكى ۋە ئىشتىن سىرتقى ياشلارنى تەربىيىلىشى، ئۇلارنىڭ كەسپىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، پېشقەدەم مۇتەخەسسىس، ئالىملار ئىمكانىيىتى يار بەرگەن شەرت ئاستىدا تالانتلىق، ياش تەتقىقاتچىلارنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلۈشى، ياشلارمۇ جاسارەت بىلەن تىرىشىپ تېزدىن ئىقتىدارلىق بولۇشى لازىم. ھەممىمىز بۇ مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىز، شۇ ئارقىلىق تەتقىقات قوشۇنىمىزنى داۋاملىق كېڭەيتىشىمىز، بىلىم-قابىلىيىتىمىزنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، قوشۇنىمىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇرۇلۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

بىز كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتىگە بولغان پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. پارتىيىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتىدىكى رەھبەرلىكى — لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتتىكى رەھبەرلىك، بۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەممىگە سەنئەت قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈش رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت. ئۆتمۈشتىكىدەك يازغۇچى سەنئەتچىلەرگە قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىش پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئاجىزلىتىش دېمەكتۇر. بىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش شەرتى ئاستىدىكى تولۇق مۇنازىرە ۋە ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئەسەرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن پەرق ئېتىشىمىز لازىم. ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە نىسبەتەن ئاددىي ۋە قوپاللاشقان بېسىم چارىسىنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. بەلكى قائىدە سۆزلەش، يېتەكلەش چارىلىرىنى قوللىنىشىمىز زۆرۈر. تەتقىقات خادىملىرىغا سىياسىي جەھەتتىن ئىشىنىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتە ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئاسار-ئەتىقىلەرنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش، بۇ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك خىزمەت ۋە يىراق كەلگۈسىنىڭ چوڭ پىلانىدۇر. شۇنىڭدەك كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مۇناسىۋەتلىك زور ئىشتۇر، يەنە، تارقاق كۈچلەرنى

ئۆيۈشتۈرۈش مەسىلىسىمۇ بار، نۆۋەتتە، بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتىمىز تارقاق، پىلانسىز بىر ھالەتتە تۇرماقتا. بۇنى تەشكىللەش، بىر تۇتاش پىلانلاش كېرەك. بەزى خىزمەتلەر تەكرارلىنىپ قىلىنىشى ۋە تەتقىقات تېمىلىرىنى ئورۇنلاشتا بەزى قىيىنچىلىقلارنىڭ كۆرۈلۈشى تەبىئىي، بۇ خىل ئەھۋاللار بىزنىڭ تەتقىقات خىزمىتىمىزنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىغا پايدىسىز. مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز لازىم.

يولداشلار، بىزنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ۋەتىنىمىز ھازىر ئۆزىنىڭ ياشلىق باھارى مەزگىلىدە تۇرماقتا ۋە جۇشقۇن ھاياتبەخش كۈچىنى ئۇرغۇتماقتا. ئىستىقبالىمىزغا نەزەر سالساق بىزدە غەلىبىگە بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ. بىز ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىشلەپ ”كونىدىن يېڭىنى يارىتىپ“، ”قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش“ فاڭجېنىنى توغرا ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلىپ، رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. مول ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىمىز بىلەن ھەرقايسى مىللەت كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر مىراسلارغا تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تىرىشايلى!

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش توغرىسىدا

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش خىزمىتى، قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش، جارى قىلدۇرۇشتا ۋە ھازىرقى زامان سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئەدەبىي مىراسلار ئۈستىدە ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش شارائىتى تېخىمۇ ياخشىلىنىپ، كۆپلىگەن ئەھمىيەتلىك ئىشلار ئىشلەندى. ئەسىرلەرنىڭ قۇم-بارخانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان، يوقىلىشقا يۈزلەنگەن كۆپلىگەن ئەدەبىي مىراسلىرىمىز قۇتقۇزۇپ قېلىندى. بىر قىسمى كىتابخانىلارغا تونۇشتۇرۇلدى. خۇسۇسەن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە بەلگىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە بەلگىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولساقمۇ، لېكىن بۇ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىدىن

خىىلىىلا يىراق. گەرچە پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز بىزنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىمىز ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن كەڭ پائالىيەت يولى ھازىرلاپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۆز ئۈستىمىزگە ئالغان مەجبۇرىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ كېلەلمىدۇق. كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى خىزمىتىدە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ كۆپرەك خىزمەت قىلىپ بېرەلمىدۇق. بۇنىڭ ئىپادىلىرىنى تۆۋەندىكى مەسىلىلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1) يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنمىدى.

2) كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىي نەتىجىلىرىمۇ تېخى ئىلمىي يوسۇندا يەكۈنلەنگىنى يوق.

3) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاسىياغا بولغان تەسىرى، شۇنىڭدەك خەنزۇ ۋە ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى تېخى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنمىدى.

4) كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىمىزدىكى مېغىز بىلەن شاكىلىنى ئايرىپ چىقىش جەھەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقات سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش بىزنىڭ قولىغا ئېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

5) مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ۋە كەسپىي ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ قولىدا بەش مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كلاسسىك ئەدەبىيات قول يازمىلىرى ساقلانماقتا. بۇ قوليازما ئەسەرلەر رەتلىنىش، نەشر قىلىنىش ۋە تەتقىق قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



6) كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى خىزمىتىمىزدە چېچىلاڭغۇلۇق، تار مەھكىمىچىلىك ۋە چوڭقۇرلىشالماسلىق، مەخسۇسلىشالماسلىقتەك كەيپىياتمۇ ساقلىنىپ كەلدى. شۇنداقلا بۇ ساھەدىكى تەتقىقات خىزمىتىدە ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىن ئايرىم سەلبىي خاھىشلارمۇ يۈز بەردى.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تەشكىللىك، پىلانلىق، ئۆزئارا ماسلاشقان تەتقىقات مۇھىتىنى يارىتىش، شۇ ئارقىلىق توغرا يۆنىلىشتە، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان تەتقىقات سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانىدى. بۇ خىل رېئاللىق ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسى ۋە كۈچلۈك تەلىپى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلغان.

بۇ جەمئىيەت رەسمىي قۇرۇلغاندىن كېيىن بەزى ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

1) 1994-يىلى 12-ئاينىڭ 21-كۈنى يولداش ماۋ زېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ مەدەنىي مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش ئىدىيىسى توغرىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا 11 پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇلدى. بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە

يىغىنى ئارقىلىق، كلاسسىك مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدە ماركسىزملىق تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر يەنە بىر قېتىم ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، شەرھىيلەندى ۋە قايتا تەكىتلەندى.

2) جەمئىيىتىمىز ئۆز خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەتقىقاتنىڭ ئوبيېكتى بولغان كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مۇنەۋۋەر قوليازما نۇسخىلىرىنى رەتلەپ، قۇتقۇزۇشقا قاراتتى ۋە ئۆزىنىڭ تۇنجى بەش يىللىق تەتقىقات، نەشر پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ پىلانغا ئاساسەن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مەشھۇر كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن 30 پارچە، خەنزۇچە 10 پارچە، جەمئىي 40 پارچە ئەسەرنى 1996-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە نەشردىن چىقىرىش قارار قىلىندى. مەسىلەن: «دىۋانى قەلەندەر»، «دىۋانى مەھزۇن»، «دىۋانى مەشھۇرى»، «دىۋانى نۆۋبەتى»، «دىۋانى نافىس»، «دىۋانى ئەرشى»، «دىۋانى ئابىد» قاتارلىق 10 پارچە دىۋان؛ موللا فازىل كىچىكنىڭ «لەيلى-مەجنۇن»، موللا يۇنۇس ياركەندىنىڭ «يۇسۇپ-زىلەيخا»، خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە-مېھنەتكام»، موللا سىدىق ياركەندىنىڭ «پەرھاد-شېرىن»، «بەھرام-دىلئارام»، «سەئىدى-ئىسكەندەر»، نورۇزاخۇن زىيائىينىڭ «مەسئۇد-دىلئارام»، سەلاھىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» قاتارلىق 10 پارچە داستانى؛ ئىبنى يۇسۇپ خوتەنىنىڭ «مەنتىيۇت-تەير تۈركى»، ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ «تەجەللى ئەسەرلىرى»، سەبۇرىنىڭ «مەقالات»، 20 كلاسسىك شائىرنىڭ غەزەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «باياز» قاتارلىق ھەر خىل ژانىرلاردىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غەزەلىياتلار، قىسسىلەر.

يۇقىرىقى ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ XVI ئەسىردىن كېيىنكى دەۋردانىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى 40 كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى غايەت زور ئىلمىي، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە بولۇپ، بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات ساھەسىدىكى تەتقىقاتىمىزنى ئاساسلىق مەنبە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئىلمىي جەمئىيىتىمىز مانا شۇنداق ئۇلۇغۋار پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلىدى. مۇشۇ 40 كىتاب ئىچىدىكى 20 كىتابنى، 12 مۇقامغا دائىر 10 پارچە، جەمئىي 30 پارچە كىتابنى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىمىز. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئېنگلىزچە قاتارلىق چەت ئەل تىللىرىدا نەشر قىلىپ دۇنياغا يۈزلەندۈرىمىز.

3) بىر يىلدىن بۇيانقى جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق رايونىمىز بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى.

جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا كۆپلىگەن مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يارىتىپ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. ئەنە شۇ مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر نامايەندىسى — ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

XI ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىملىرىمىزدىن مەھمۇد قەشقەرى، شائىر، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس

ھاجىپ، XIII ئەسىرلەردە ياشىغان ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى، XVI — XV ئەسىرلەردە ياشىغان «ئۇيغۇر ئىباراتىنىڭ بۇلۇغالىرىدىن» لۇتفى، ئاتايى، سەككاكىلار، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا بۈيۈك ئۇستاز ھېسابلىنىپ كەلگەن ئەلىشىر نەۋائى، XVII ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشاپ ئىجادىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان موللا پازىل (كىچىك) ئابىد قۇمۇلى، خىرقىتى، زەلىلى، نۆۋبەتى، قەلەندەر، سەبۇرى، نىزارى، زۇھۇرى، مەشھۇرى، موللا بىلال، تەجەللى، نافسى قاتارلىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىنىڭ داستان، دىۋان، غەزەلىيات. . . قاتارلىق لىرىك سەنئەت نەمۇنىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدە ئېرىشكەن بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ نامايەندىسىدۇر. بۇ نەمۇنىلەر خەلقىمىزنىڭ تىل خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، شۇنداقلا تارىخى، پەلسەپە، ئېتنوگرافىيە، پسىخولوگىيىسى، تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئائىت ئىلمىي ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بۇ خىل تۆھپىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1979-يىل 10-ئاينىڭ 30-كۈنى جۇڭخۇا ئەدبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ 4-قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا: "ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرى، سەنئەتلىرىدىكى بارلىق ئىلغار ۋە مۇنەۋۋەر نەرسىلەرنى ئۆلگە قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشىمىز

كېرەك" دەپ كۆرسەتكەنىدى. بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ كۆپرەك تۆھپە قوشىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن كلاسسىك مىراسلىرىمىزنى چوڭقۇر ئۆگىنىشىمىز، ئۇنى تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇنىڭ مېغىزىنى تاللىۋېلىپ، ئىلغار ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز، ئاشۇ ئىجابىي ئەنئەنىلەر ئاساسىدا، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى مەنىۋى تەلىپىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشىمىز لازىم.

بىز تەتقىقات خىزمىتىمىزدە كلاسسىك مىراسلارنى مۇئەييەن دەۋر مۇھىتىنىڭ مەھسۇلى دەپ تونۇپ، ئۇنىڭ شۇ تارىخىي دەۋردىكى ئەھمىيىتى، ئاساسىي ئېقىمىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز ھەمدە ئۇنىڭغا بىر تارىخىي مىراس سۈپىتىدە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش — كونىدىن يېڭىنى يارىتىشقا ئىمكان بېرىدۇ. بۇ — مىللىي شەكىل، سوتسىيالىستىك مەزمۇندىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىلدۇر.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ۋەزىپە — ھەربىر كلاسسىك ئەدەبىيات نامايەندىلىرىنىڭ ئىشەنچلىك، مۇكەممەل تېكىستىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش ۋە ئۇنى خەلققە تەقدىم قىلىش، ئۇنىڭ ئىلغار ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق

قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ئىگە، مىللىي شەكىلدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ھەر مىللەت ئالىم مۇتەخەسسىسلىرى تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

ئىلمىي جەمئىيىتىمىز بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىدە، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بويىچە كەڭ دائىرىدە ھەم مەخسۇس تېمىلار بويىچە تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرىدۇ. جەمئىيىتىمىزنىڭ نىزامنامىسىدا كۆرسىتىلگەندەك، جەمئىيىتىمىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى مۇھىم نامايەندىلىرىگە بېغىشلانغان ھەر خىل ئىلمىي ۋە ئەدەبىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ، ئەزالارنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش، ياش تەتقىقاتچىلارنى ئىلمىي مۇھاكىمە، ئىلمىي دوكلات ۋە ئىلمىي لېكسىيە سورۇنلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىيىۋى سەۋىيىسى ۋە تەتقىقات ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ.

جەمئىيىتىمىز ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا، "كونىدىن يېڭىنى يارىتىش"، "قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش"، "شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش"، "بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش" فاڭجېنىنى ئېغىشماي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى توغرا نىشان بويىچە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ھەقىقەتەنمۇ جۇڭخۇا مەدەنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خەزىنىسىدە چاقناپ تۇرغان گۆھەرلەرنىڭ بىرى. دۆلەت ئىچى-سىرتىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىۋاتقان ئامېرىكا بوستون شەھىرى، نيۇيورك شەرق مۇزېيى، بېرلىن ۋە كۆللىن شەرق مۇزېيى، لوندون شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، موسكۋا ئېتنوگرافىيە ئىنستىتۇتى، توكيو شەرق ئىنستىتۇتى، لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتى، لېنىنگراد ئېرمىتاژ شەرق بۆلۈمى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارادىكى 17 دۆلەتنىڭ 32 تەتقىقات ئورنىدا بىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزغا ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا ئائىت قوليازمىلار ساقلىنىۋاتىدۇ.

بەزى چەت ئەل ئالىملىرى ئۆزلىرىدە ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلىرىمىز ئاساسىدا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا قارىتا، خەلقئارا يىغىنلاردا كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. مەسىلەن: 1987-يىلى 1-ئايدا ئامېرىكىدا ئېچىلغان شەرق مەدەنىيەت تارىخى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا شەرقشۇناس نيۇيورك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى نىكراس فوففى، شەرقشۇناس، ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى سىرتاۋتاسلار: "بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز بويىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇنىڭ مۇقامى شەرقتىن چىققان چولپان يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ" دېگەن. 1987-يىلى 8-ئايدا لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق فاكۇلتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئىلمىي سۆھبەت يىغىنىدا شەرقشۇناس پروفېسسور ئىۋانوۋ بىزنىڭ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلغان «قۇتادغۇبىلىك» نى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: «قۇتادغۇبىلىك» نى رۇسچىغا

تەرجىمە قىلىپ، 20 مىڭ نۇسخا نەشر قىلدۇرۇپ پۈتۈن روسىيىگە تارقاتقانىدىم. ئاخىرقى ئۆمرۈمدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا چوڭراق بىر كىتاب ئىشلەش پىلانىم بار، دېگەن.

1990-يىلى 3-ئايدا گېرمانىيىنىڭ كۆللىن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شەرق تىل-ئەدەبىياتى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا گېرمانىيە هامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناس پروفېسسورى ئاننا بوروژگەر خانىم ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى توغرىسىدىكى 12 ماددىلىق تەتقىقات پىلانىنى بىزگە تاپشۇردى. بۇنىڭ 2-ماددىسىدا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر كونكرېت مۇندەرىجىلەر كۆرسىتىلگەن ۋە باشقىلار. . .

بىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بەش چوڭ تەتقىقات پىلانىمىزنىڭ بەشىنچى ماددىسى «مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات شەرق ماتېرىيال مەركىزى» نى قۇرۇش بولۇپ، بۇنى قۇرۇشتىكى مەقسەت دۆلىتىمىزنىڭ ئىچىدىكى خەلقنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان مۇقام ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا دائىر قولىيازمىلارنى توپلاش، شۇنداقلا خەلقئارادىكى 17 دۆلەتنىڭ 32 تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامغا دائىر قولىيازمىلارنى، ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، خەلقئارا ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق قايتۇرۇپ كېلىشتىن ئىبارەت.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، تەشكىللىك، پىلانلىق، ئۆزئارا ماسلاشقان تەتقىقات مۇھىتىنى يارىتىش ۋە ئۆزىگە خاس

www.uyghurkitap.com



ئالاھىدىلىككە، توغرا يۆنىلىشكە ئىگە بولغان تەتقىقات سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش — بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىمىز.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى — ھەرقايسى مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىغا، ئىتتىپاقلىقىغا موھتاج. ئىتتىپاقلىق — غەلىبە دېمەكتۇر. ھەر مىللەت ھەر ساھەدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار قولنى-قولغا تۇتۇشۇپ، ئىتتىپاق بولۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزغا دائىر يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە، پارتىيە مىللىي سىياسىتىگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەيلى!



# ئۇيغۇر 12 مۇقامى توغرىسىدا تەتقىقات ۋە مۇلاھىزە

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان بۈيۈك تۆھپىلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان 12 مۇقام، ئۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇنلا شەكىللىنىشكە باشلىغان. 12 مۇقام گەرچە سىستېمىلاشتۇرۇلغان 12 چوڭ كلاسسىك مۇزىكىنىڭ نامى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئەدەبىيات، ناخشا سەنئىتىنىڭ جەۋھىرىنىمۇ ئۆزىگە زور دەرىجىدە سىڭدۈرگەن. شۇڭا 12 مۇقامنى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ قامۇسى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گارمونىك تارىخى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا، ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ ئىلمىي ئاساسى بولغان 12 مۇقام جانلىق ئىجتىمائىي ھايات كۆرۈنۈشىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى سۈپىتىدە تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى بولغان 12 مۇقامنى تارىخىي، ئىلمىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىش، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ناخشا، مۇزىكا سەنئىتىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشىنىپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

12 مۇقامنى تەتقىق قىلىش تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇيۇك ئىش. 12 مۇقام كەم ئۇچرايدىغان يېڭى تېما. بىز 12 مۇقام ئۇستىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزىمىزنى مۇنداق بىرقانچە مەسىلىگە بۆلۈپ ئوتتۇرىغا قويىمىز.

## 1. 12 مۇقامنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ۋە تەرەققىيات جەريانى

ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى كىشىلەردە تەپەككۇر ۋە تىل پەيدا بولغاندىن باشلاپلا ئۇنىڭغا ماس ھالدىكى ناخشا ۋە ئاھاڭ مەيدانغا چىقىشقا باشلىغان. ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۇزاق دەۋرلەردىن تارتىپ ئېلىپ بارغان تۈرلۈك پائالىيەتلىرى، كۈرەشلىرى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتى، قايغۇ ۋە شادلىقى ھەمدە تەبىئىي ئاپەتكە ۋە زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەش غەلىبىلىرى قاتارلىقلارنى ناخشا ۋە مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلدى.

12 مۇقام — ئۇيغۇر ئەمگەكچى خەلقىنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىش، ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىرخىل كۈرەش قورالى بولۇپ كەلدى.

12 مۇقام — خەلق تەرىپىدىن ئۇزاق يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىجاد قىلىنغان خەلق ناخشىلىرىنىڭ (ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پايانسىز دېڭىزى ئىچىدە راۋاجلانغان ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلغان. ئۇ ئەسىرلەردىن بۇيان قۇللۇق ۋە فېئوداللىق زۇلۇمنىڭ دەھشەتلىك جەبىر-جاپالىرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كەلگەن ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ھاياتلىق ئۈچۈن

ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن ناخشا ئاھاڭ ئىجاد قىلىش مەنبەلىرىنى تاپتى. يىللار ۋە دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ھەر خىل قۇشلارنىڭ (بۇلبۇل ۋە ھەقنۇسقا ئوخشاش) ئاۋازلىرىدىن، ھەر خىل ئەمگەك تۈرلىرىنىڭ رىتىملىرىدىن، ھاياتلىقتىكى داد-پەريادلاردىن، زالىم-قۇلدارلار، ئەزگۈچى فېئوداللارغا بىلدۈرۈلگەن غەزەپ-نەپرەتلەرنىڭ دولقۇنلىرىدىن، تەبىئىي ئاپەت ۋە چۆل-جەزىرىلەردىكى شىۋىرغان ئاۋازلىرىدىن، ناھەق تۆكۈلگەن قان، ئاققان تەر، يانجىلغان ئۇستىخانلارنىڭ ئېچىنىشلىق مۇڭ-زارلىرىدىن، ئوخشاشمىغان شەكىللەر بىلەن زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ غەلىبە خۇشاللىقلىرىدىن تەسىرلىنىپ ۋە ئىلھاملىنىپ، تۈرلۈك ناخشا ۋە ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلدى. 12 مۇقام ئاھاڭلىرى ئەنە شۇ خەلق ناخشا-ئاھاڭلىرىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى سىستېمىلاشتۇرۇلۇشى ۋە جەۋھىرى.

ئۇيغۇر ناخشا مۇزىكىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارقىلىشى، ئىشەنچلىك تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا باشلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ساز ئەسۋابلىرى، ناخشا-ئاھاڭلىرى بۇنىڭدىن 2200 يىل بۇرۇنلا ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارالغان. «جىننامە مۇزىكا تەپسىرىسى» دېگەن ئەسەردە: ”جاڭ چيەن غەربىي رايوندىن خۇلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) نەي، داپ قاتارلىق سازلىرىنى، كۇچانىڭ «موقدول» نەغمىسى قاتارلىق ئاھاڭلىرىنى ۋە ئۇلارنى چېلىش ئۇسۇلىنى ئېلىپ كەتكەن“ دەپ يازغان بولسا؛ ياپونىيە تارىخچىسى گاۋساڭ شۇنجى يازغان: «جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن كىتابتا ”جاڭ چيەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غەربتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى ئاھاڭىنى ئېلىپ كەلگەن. لى يەنتيەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ئىككى ئاھاڭىغا ئاساسەن 28 ئاھاڭ ئىشلىگەن" دەپ يازىدۇ. (لى يەنتيەن، خەن گاۋزۇنىڭ مۇزىكا ئىشلىرىنى باشقۇرغان ۋەزىرى).

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ناخشىسى بولغان:

تۆلەس ۋادىسى چوغاي ئېتىكى،
چۈمكىگەن ئۇنى ئاسمان چېدىرى.
ئاسمان سۇپسۇزۇك چەكسىز تاغ-دالا،
گۈزەل يايلاقتا تولغان قوي كالا.

دېگەن بۇ خەلق قوشىقى — ناخشا تېكىستى سۈپىتىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە بەلگىلىك دائىرىدە تارىلىپ، ۋېي، جىن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ خاتىرىلەنگەن. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، دولان ۋادىسى ئەتراپىدا ياشاپ ئۆتكەن خەزەر دېگەن بىر ئۇيغۇر كىشىنىڭ بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن ئىپتىدائىي قەدەمدە راۋاب، تەمبۇرنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى ئىشلەپ چىقىپ، يەكەن، خوتەن ئاھالىسىگە ئۆگىتىپ تاراتقانلىقى، شەرقىي جىن دەۋرىگە كەلگەندە (317 — 420-يىللىرى) كۇچا ناخشىلىرى تەرەققىي قىلىپ، شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەرگىمۇ تارالغانلىقى مەلۇم.

سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا، (581 — 618-يىللىرى) قەشقەر ۋە كۇچادا ئىككى مۇقامنىڭ

ئىجاد قىلىنغانلىقى ۋە بۇ مۇقاملارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارالغانلىقىنى شەرھلەيدۇ.

سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە (577-يىللىرى) كۇچادا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر سازەندىسى سوزۇپ پايتەخت چاڭئەنگە بارغاندا ئۇيغۇر ناخشا ئاھاڭلىرىدىن 12 نەغمە ۋە ئۇنىڭ رىتىم قانۇنلىرىنى بىللە ئېلىپ كىتىپ، جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا يېڭى كەيپىيات پەيدا قىلغان. سۇي سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر مۇزىكىشۇناسى جىن يى (582-يىللىرى) مۇزىكانتلارنىڭ ئوردا مۇراسىم نەغمىلىرى بىلەن چەكلىنىش كۆز قارىشىغا قارشى تۇرۇپ، مۇزىكانت سوزۇپنىڭ 12 ئاھاڭ رىتىم قانۇنى بويىچە ئاھاڭلارنى تەرتىپكە سېلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ياپونىيە تارىخچىسى لىن جەنسەن يازغان «سۇي-تاڭ نەغمىلىرى تەتقىقاتى» (گومورۇ تەرجىمە قىلغان) دېگەن توققۇز بابلىق كىتابتا: "كۇچالىق سوزۇپنىڭ 12 رىتىملىق كۈي قانۇنى — جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا مىسلىسىز يېڭىلىق كەيپىيات تۇغدۇردى" دەپ يازىدۇ. «سۇي نامە مۇزىكا تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا: "كۇچا ساز گۇرۇپپىلىرى 20 كىشى بىر ئوركېستىر بولۇپ، 15 خىل ساز بولغان، قەشقەر سازەندىلىرى 12 كىشى بىر ئوركېستىر بولۇپ، 10 خىل ساز بولغان. سەنئەتچىلەرنىڭ كىيىنىشى — ئاياللار چېكىسىگە قىزىل يىپەك ياغلىق چىگىپ، ئۈستىگە قىزىل تاۋار نىمچا ياكى زەر ياقىلىق چاپان كىيگەن. ئاستىغا ئاق ياكى قىزىل شالۋۇر ئىشتان كىيگەن. قىزىل كەمەر باغلىغان، قىزىل ئۆتۈك كىيگەن، گۇللۈك بۆك كىيگەن، زىبۇزىننەت تاقىغان. ھەتتا ھەسەن-ھۈسەن رەڭلىك كىيىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىيگەن" دەپ كۆرسەتكەن.

تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە (712 — 756-يىللىرى) يىپەك يولى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ، غەربىي رايون (شىنجاڭ) ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانى، ئامۇ دەرياسىنى بويلاپ ئىران، ئەرەبىستان قاتارلىق چەت جايلاردا يىپەك ۋە ھەر خىل مەدەنىي بۇيۇم سودىسى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر ناخشا-مۇزىكىلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە باشقا قوشنا دۆلەتلەرگە تارقىلىش دائىرىسىمۇ كەڭ بولغان. بۇ ھەقتە تاڭ دەۋرىگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆپ سۆزلىنىدۇ.

تارىخچى شىڭدا: "640-يىللىرى كۇچا مۇزىكىسى ھىندىستان مۇزىكىسىدىن ئۈستۈن بولغان. كۇچا مۇزىكىسىنىڭ ھىندىستان مۇزىكا قوراللىرىدىن ئون نەچچىسى ئارتۇق بولغان" دەپ كۆرسىتىدۇ.

تاڭ دەۋرى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولغىنىدەك، مۇزىكا، ناخشا سەنئەتىنىڭمۇ ئالتۇن دەۋرى بولغان. تاڭ شۈەنزۇڭ ۋاقتىدا (شۇ دەۋردىكى پادىشاھ) مەخسۇس مۇزىكا تەتقىقات ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنىپ، 5000 دىن ئارتۇق سازەندىنىڭ يىغىلىشى بىلەن خەنزۇ مۇزىكىسى رەتكە سېلىنىدى ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلدى. بۇ مۇزىكىلار نۇر، ئاسايىش، جىمجىتلىق، ھاياجان، ياخشىلىق، ساغلاملىق، ئىناقلىق، گۈزەللىك، مۇراسىم، مۇناجات، بەخت دېگەن ناملار بىلەن 12 چوڭ ئاھاڭغا سىستېمىلاشتۇرۇلغان ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن. بۇ بىر يۈرۈش 12 چوڭ ئاھاڭ كېيىنكى خەن (447 — 950-يىللىرى)، كېيىنكى جۇ (951 — 960-يىللىرى)

دەۋرلىرىگىچە (9-ئەسىردىن 10-ئەسىرگىچە) ئوردىلاردا ۋە خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن.

دېمەك، تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، 5 — 6-ئەسىرلەردىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى ھەر خىل شەكىل بىلەن تەرەققىي قىلغان خەلق ناخشىلىرى سىستېمىلاشقان ھالدا دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تۈرتكىسى ئاساسىدا مۇقام سىستېمىسىغا كۆچۈپ، مۇقام ئىجاد قىلىنىشقا باشلىغان. شۇڭلاشقىمۇ 5 — 6-ئەسىردىن باشلاپ ھەر خىل تارىخىي ماتېرىياللاردا "ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقامى"، "ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقام ئىجادىيىتى" دېگەن سۆزلەر يېزىلىشقا باشلىغان.

12 مۇقام ئىچىدىكى ئەجەم مۇقامىنى ئەڭ بۇرۇن ئىجاد قىلىنغان مۇقام دەپ قاراش مۇمكىن. ئەجەم مۇقامى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش مەشرەپلىرىدە ئۇسسۇللۇق نەغمە ئاساسىدا مەيدانغا چىققان. بۇ مۇقام دەسلەپتە "زەنگۇلە"، "ئەسلىق" دەپ ئاتالغان. زەنگۇلە مۇقامى — ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئۆز كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن پۇت-قوللىرىغا كىچىك قوڭغۇراق مارجان تاقاپ، پىرقىراپ ئويناپدىغان ئۇسسۇللۇق مۇقام دېگەن بولىدۇ. "ئەسلىق" بولسا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەخسە-پىيالە ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ پىرقىراپ ئويناپدىغان ئۇسسۇللۇق مۇقامى دېگەن بولىدۇ. مانا مۇشۇ خىل ئۇسسۇللۇق ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ سىستېمىلاشتۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ئەجەم مۇقامى بارلىققا كەلگەن. ئەجەم مۇقامىنىڭ ئەجەم دەپ ئاتىلىشىمۇ ئۇنىڭ خېلى بۇرۇن ئىجاد قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تالاڭ دەۋرىگە كەلگەندە شىنجاڭغا كىرىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى ئەرەب ئەمەلدارلىرى يات دىندىكىلەرنى، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلارنى ئەجەم دەپ ئاتىغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇسسۇللۇق ناخشا ۋە ساز مۇقاملىرىنى كەمسىتىپ، "بۇ شەيتاننىڭ پەيلى"، "ئىسلام دىنىغا توغرا كەلمەيدىغان ئەجەملەرنىڭ پەيلى" دەپ ئاتىغان. ئەمگەكچى خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇسسۇللۇق ناخشا-ساز مۇقاملىرىنى ئەزگۈچىلەرگە قارىتا بىزنىڭ راست ئەجەم، بىز سەنلەرگە يات، سەنلەرگە نىسبەتەن بىز ئەجەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ مۇقامغا ئەجەم دەپ نام قويغان دەپ بىلدى. ئەجەم مۇقامىنىڭ ئىجاد قىلىنىش تارىخىي جەريانىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ مۇقامنىڭ ئاساسىي قىسمى ئۇسسۇللۇق نەغمىدىن تەركىب تاپقان. مانا مۇشۇ دەۋرنىڭ شائىرى بەي جۈيى «ئۇيغۇر قىزىغا» (خۇ قىزىغا) ناملىق شېئىرىدا ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى ئاجايىپ تەسۋىرلەيدۇ. «ئوقۇش يۇرتىنىڭ خاتىرىسى» دېگەن كىتابتا ئۇيغۇر راھىبنىڭ ساماسى، ئۇزۇلگەن ئوقيا كامالچىسى، بەشبالىق نەغمىسى قاتارلىق چوڭ نەغمە، ناخشا-ئۇسسۇللۇق مەشرەپلەرنىڭ ئوينالغانلىقىنى كۆرسەتكەن. شائىر چېن سى ئۆزىنىڭ «بەشبالىق» ناملىق شېئىرىدا: "ئۇچۇرۇپ كۆكلەكلەرنى ئۇسسۇلغا چۈشكەن گويا پەرى، تولدى ئۇيغۇرلارغا سەھنە ئۆز جەمەتىدىك ھەربىرى" دەپ يازىدۇ. بۇ شېئىرلار ئەجەم مۇقامىنى مەدھىيىلەش ئاساسىدا يېزىلغان. ئۇندىن باشقا ناۋا مۇقامى ئاھاڭىغا سېلىپ ئېيتىلىدىغان:

"مۇقاملارنىڭ ئاتاسىنى ھۇسەينۇ ئەجەم دەرلەر،

ئۇلاردىن يۇقىرىقى پەدىكەم، بايادىنى مەن چالسام" دېگەن

شېئىرىدىمۇ ئەجەم مۇقامىنىڭ باشقا مۇقاملارغا نىسبەتەن بۇرۇن پەيدا بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

قىسقىسى، قەدىمكى زاماندىن تارتىپ تاكى ئازادلىققا قەدەر بولغان ھەرقايسى دەۋرلەردە فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار 12 مۇقامدىن ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن 12 مۇقام ئاھاڭلىرىغا بەزى ئوردا شائىرلىرىنىڭ ئاقسۆڭەك بەگزادىلەرنى مەدھىيىلەيدىغان ۋەز-نەسىھەت تەرىقىسىدە يازغان بەزى شېئىرلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئېكسپىلاتاسىيە قىلىنىشىنى، تەقدىرگە تەن بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان. بەزى ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىمۇ تارقاتقان. بىز ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىجادىي، ئەمەلىي، تارىخىي پاكىتلىرى بىلەن بۇنداق ئەپسانە رىۋايەتلەرنى رەت قىلىمىز. 12 مۇقام ئاھاڭلىرىغا يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بىر قىسىم شېئىرلارنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى، 12 مۇقامنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئاز بىر قىسىم شەكىلدىنلا ئىبارەت خالاس. 12 مۇقام ئاھاڭلىرىنى ھەرگىزمۇ مۇنداق شاكاللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراشقا بولمايدۇ.

«مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 9-سانىدا «شىنجاڭ بىلەن ۋەتەننىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتى» دېگەن كىتابتىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلار سەنئەت شەكلىدە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت تۈسىنى ئىپادىلىگەن، ئۆگەنگەن. . . مۇنداق ئۆزئارا سىڭىشىش، قوشۇلۇشنى ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى دەپ ئېيتىش مۇمكىن دەپ كۆرسەتكەن.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ياشاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلگەن بۇ رايوندا ئۆزگىچە خاس مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنى ساقلاپ كەلدى. مۇشۇ بايلىقلارنىڭ، مەسىلەن، بىز ھازىر ئېيتىپ كېلىۋاتقان "راك" مۇقامى، "چەببىيات" مۇقامى قاتارلىق مۇقاملارنىڭ بەزى ئاھاڭلىرىدا خەنزۇ مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇسلۇب ۋە خۇسۇسىيەتلىرى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ. تۇرپان، قۇمۇل خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىن "جانان قىز"، "جۇخار يىگىياڭ"، "ۋاڭ خۇلۇ" قاتارلىقلاردىمۇ بۇنداق ئامىللار مەۋجۇت.

شۇنداقلا 12 مۇقام باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ مۇزىكا ئاھاڭلىرى ۋە بېيىتلىرىغىمۇ مەلۇم تەسىر كۆرسەتكەن. مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا چوڭ رول ئوينىغان. چىەنلۇڭنىڭ يىلنامە مەجمۇئەسىدە: "ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زىياپەتلىرى (مەشرەپلەر) ساز بىلەن باشلىنىدۇ. ناخشا-ئۇسسۇل ماھارەت بىلەن ئورۇنلىنىدۇ" دېيىلگەن. خوبىن قاتارلىقلار داپ، راۋاب، ناغرا، ساتار، قالۇن قاتارلىق سازلار چېلىنىپ، سەنەم، سەلىقە، ساقىنامە، جۇلا قاتارلىق مۇقام پارچىلىرىنىڭ ئوقۇلىدىغانلىقىنى، ئۇسسۇل ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، مەشرەپكە ئايلىنىدىغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان.

15-ئەسىردىن كېيىنكى دەۋرلەردە تاكى ئازادلىققا قەدەر ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەقىل پاراسىتىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، مۇھتاجلىق ئىچىدە 12 مۇقامنى ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ئۇنى بېيىتىپ، ۋارىسلىق قىلىش يولىدا جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇپ، سەرسانلىق ۋە سەرگەردانلىق بىلەن دۇنيادىن ئۆتكەن نۇرغۇن پېشقەدەم مۇزىكىشۇناسلارنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

مەسىلەن، 1870-يىلى قەشقەرلىك مۇھەممەت موللا (لەقىمى كاۋرۇشاڭ) 12 مۇقامنى بىرىنچى قېتىم تىلغا ئېلىپ ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئىچىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزغان. ئۇ 12 مۇقامنى ئىلى خەلقىنىڭ ئەمگەكچان، تېتىك روھىي ھالىتىگە، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ مۇۋاپىق خۇسۇسىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ جاراڭلىق ئۇسلۇبىغا بىرلەشتۇرگەن. مۇھەممەت موللا كەمبەغەل ئەمگەكچى ئادەم بولغىنى ئۈچۈن يۇقىرى تەبىقە ئاقنانچىلىرىنىڭ ئولتۇرۇش مەشرەپلىرىگە بېرىشنى خالىمايتتى. شۇڭا ئىلىنىڭ بايلىرى ئۇنى دىۋانە خاكزار دەپ ھاقارەتلەشكەن. ئۇنىڭ ئارىلىشىدىغان يار بۇرادەرلىرى ئولتۇرۇش-قوپۇشلاردا ھەمسۆھبەت بولالايدىغان، ئۆزئارا مۇقام ئېيتىشالايدىغان قابىل ئاق كۆڭۈللەر، موزدۇز، ياغاچچى، دېھقان، سەرگەردان يېتىمچىلەردىن ئىبارەت بولغان. ئۇ ئاچ قالغان چاغلاردا نائىلاجلىقتىن ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى بولغان ساتارىنى گۆرۈگە قويۇپ قورساق تويغۇزۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئېغىرلىقىدىن بىر ئۆمۈر ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولالمىغان. ئۇ ئەل-ئاغىنىلىرىنىڭ 12 مۇقامنى تولۇق ئۆگىنىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئەستايىدىللىق بىلەن كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆگەتكەن. ھازىر ئۇنىڭ ئۆزى يېتىشتۇرگەن بەزى شاگىرتلىرى بىلەن بىرگە چۈشۈپ قالدۇرغان (1910-يىللىرى) رەسىم خاتىرىسى ساقلانماقتا.

ئىلىدىكى ئاتاقلىق پېشقەدەم ناخشىچى، سازەندىلەردىن ھەسەن تەمبۇر، نادىر غېجەكچى روزى تەمبۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى 12 مۇقامنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا ئالاھىدە كۆچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقارغان مۇزىكىشۇناس مۇھەممەت مولللىنىڭ شاگىرتلىرىدۇر. مۇھەممەت موللا ئىلىدا 40 يىل تۇرۇپ، تاشتىن قاتتىق يوقسىزلىق دەستىدىن 69 يېشىدا غۇلجا شەھىرىدە ۋاپات بولغان. بۇ كىشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان پېشقەدەم ناخشا-مۇزىكىچى ۋە مېھنەتكەش دېھقانلار بىز تېخى ئۆگىنىپ بولالمىغان 12 مۇقامنىڭ ئاز بولمىغان قىممەتلىك خەزىنىسى ۋاقىتسىز كېتىپ قالدى دەپ قايغۇرۇپ، يىغا-زارە بىلەن ماتەم بىلدۈرگەن.

يۇقىرىقى بىر قاتار پاكىتلاردىن 12 مۇقام تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات كۈرىشىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدەك 12 مۇقامنى رەتلەش، سىستېمىلاشتۇرۇش، بېيىتىش، ۋارىسلىق قىلىش جەھەتلەردە تېخى بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىشلەشكە تېگىشلىك ئاز بولمىغان مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك تارىخىي مەجبۇرىيەتنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

**2. "12 مۇقام" مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى**

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكا، ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ ئىلمىي ئاساسى بولغان 12 مۇقامچانلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى سۈپىتىدە تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ كۈرەش، مېھنەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئىلمىي مەھسۇلى.

قىسقىسى، 12 مۇقام سۆزى — مۇزىكا، ناخشا ئاھاڭلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك دەرىجىگە يەتكەن، ئەڭ يۇقىرى ھۆرمەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولالىغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر بىلەن دائىرە ئىچىدە سىستېمىلاشتۇرۇلغان مۇزىكا قانۇنى ۋە مەنتىقىسىگە مۇناسىپ، چوڭ ھەجىمدىكى ئون ئىككى پارچە مۇزىكىلىق ئەسەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ كەلدى.

مۇقام سۆزى مۇشۇنداق مەنىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، مۇزىكا، ناخشا ئاھاڭلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك دەرىجىسىگە يەتكەن، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولالىغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان مۇزىكا قانۇنىيەت مەنتىقىسىگە مۇناسىپ كېلىدىغان چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكا ئاھاڭلار "مۇقام" دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

15-ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان يۇسۇپ قىدىرخان، ئاماننىساخان قاتارلىق بىر قىسىم مۇقامچى، مۇزىكىشۇناسلار ئۆتمۈش ئەسىرلەردىن بېرى ئىجاد قىلىنىپ كېلىۋاتقان مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ مەزمۇن، رىتىم، مۇزىكا قانۇنىيىتىگە ئاساسەن مۇقاملىرىمىزنى ئۆز سىستېمىسى بويىچە 12 قىسىمغا بۆلۈپ، "12 مۇقام" دەپ ئاتاپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن 12 مۇقام تەركىبىگە يەنە نۇرغۇن ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلىپ قوشۇپ، 24 سائەت توختىماي چالسا يېتىدىغان سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، سىستېمىلاشتۇرغان. بىر كېچە-كۈندۈزنىڭ 24 سائەتكە بۆلۈنگىنىگە ئوخشاش 12 مۇقامنىمۇ 24 تارماق، 72 نەغمە پەدىگە بۆلگەن. ھەربىر مۇقام ئاتالغۇسى بويىچە بىر پۈتۈن مەزمۇنغا ئىگە قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



12 مۇقامنىڭ ئەسلى ئىسمى ۋە ھەربىر مۇقامنىڭ نېمىنى مەقسەت قىلغان ھالدا نېمە مەزمۇننى كۆزدە تۇتۇپ ئىجاد قىلىنغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇ مۇقاملارنىڭ ھازىرقى ئىسىم ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدا تۆۋەندە ئايرىم-ئايرىم ھالدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. "راك" مۇقامى

ئەسلى ئىسمى "راھابى" مۇقامى بولۇپ، "راھابى" دېگەن سۆز — ئازادلىق تىلەش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە بۇ مۇقامنىڭ ئەسلى ئىسمى "راك" بولماستىن، بەلكى "راق"، "رەك" مۇقامىدىن ئىبارەت بولغان. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىل تەلەپپۇزلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە "راق"، "رەك" دېگەن سۆزلەر "راك" دېگەنگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. لۇغەت مەنىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، "راھابى" دېگەن سۆز — ئازادلىق تىلەش، كەڭچىلىك، كەڭ كۇشادىلىققا ئېرىشىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

"راق" دېگەن سۆز داۋا بولمىدىغان، شىپا بولمىدىغان، داۋالىق يولى ئىزدەش، ئىزدىگۈچى، ئالغا بېسىپ ئىلگىرىلەش دېگەنلەرگە ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

"رەك" دېگەن سۆز — تومۇر-تومۇرنىڭ ئۇرغۇشى، چىرايىنى تۇرۇپ غەزەپ بىلەن سۆزلەش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

"راق"، "رەك" مۇقامىنىڭ ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نېمە ئۈچۈن "راك" مۇقامى دېگەن سۆزگە ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى كېيىنكى مۇلاھىزىمىزدە توختىلىمىز.

دىمەك، بۇ مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدىكى مەزمۇنىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە توغرا كەلسە "راق" مۇقامى ياكى "رەك" مۇقامى دېيىلسە توغرىراق بولىدۇ.

**2. "چەببىيات" مۇقامى**

خورلۇقتىن باش كۆتۈرەلمىگەن ئەمگەكچى خەلق زۇلمەتلىك قاراڭغۇ تۇماننى ئاغدۇرۇپ، نەپىس، گۈزەل يورۇقلۇقنى ئىزدەپ، بۇ ھەقتە يېزىلغان خەلق قوشاقلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆز كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىش مەقسىتى بىلەن بۇ مۇقامنى ئىجاد قىلغان. بۇ مۇقامنىڭ 14 — 15-ئەسىرلەردىن بۇرۇنقى ئىسمى "ھۇسەينى" مۇقامى بولۇپ، "ھۇسەينى" دېگەن سۆز نەپىس گۈزەللىكنى ئەسلەش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى ئىسمى "چەببىيات"، بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا "چەببىيات" مۇقامىدىكى "چ" نېمىنى، قەيەرنى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. باياد (بايان ئەمەس) ئەسلەش دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. يەنە گۈزەللىكنى ئەسلەش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بۇ يەردىكى "چـ"، "ھـ" ھەرپلىرى ئېيتىلىشتا تىل تەلەپپۇزىنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن ئۆزئارا ئالمىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى "ھەببىيات" دەپ ئېيتىلسا ئەسلى مەزمۇنغا تېخىمۇ يېقىنراق بولىدۇ. يەنى كىچىك "ھ" بىلەن ئېيتىلسا "قوزغىتىش"، "قوزغاش"، "ئويغىنىش"، "شامال چىقىرىش ئامىللىرى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چوڭ "ھ" بىلەن ئېيتىلسا "گۈزەل زىرائەت"، "زىرائەت ئۇرۇقلىرى ھەم مۇھەببەت" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


3. "مۇشەۋۋەك" مۇقامى

بۇ مۇقام ئەزگۈچى تەييارتاپ زالىملارنىڭ يالغانچىلىق، كاززاپلىق بىلەن كۆن كەچۈرۈشلىرىگە نەپرەت بىلدۈرۈپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ چىنلىق، توغرىلىق ۋە مەردانىلىق بىلەن تولغان قەلبىنى بايان قىلىپ بېرىش، ھەمدە كەمبەغەللەرنىڭ تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى ئىزھارلاش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان. بۇ مۇقامنىڭ 14 — 15-ئەسىردىن بۇرۇنقى ئىسمى "راست" مۇقامى ئىدى. "راست" دېگەن سۆز چىنلىق، توغرىلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. "مۇشەۋۋەك"نى لۇغەت مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، "مۇشەۋۋەر" دېگەن سۆز مەسلىھەت، كېڭەشىش، ئۆلپەتلىشىش، ئۆم بولۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزگە "ك" قوشۇلسا مۇڭدىشىش، مۇڭزار، كەمبەغەللەرنىڭ مۇڭزارى، چىنلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

4. "چارگاھ" مۇقامى

بۇ مۇقام قەدىمكى زاماندىكى كونا ئېقىنلاردىن بولغان تارىم، قىزىل، دولان قاتارلىق دەريالار ئارىلىقىدىكى چىمەنلىك، بوستانلىقلاردا ناۋا قىلىشۋاتقان بۇلبۇل قاتارلىق گۈزەل قۇشلارنىڭ كەمبەغەللەر ئارزۇ-ئۈمىدلىرىگە تەڭكەش بولۇۋاتقان خۇشخۇي يېقىملىق ئاۋازىنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەپ بېرىش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان. بۇنىڭ 15-ئەسىردىكى ئىسمى "ھىجاز" مۇقامى بولۇپ، "ھىجاز" دېگەن سۆز "دەريا ئارىلىقىنىڭ مەنزىرىسى" دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ھازىرقى ئىسمى "چارگاھ"نىڭ لۇغەت مەنىسى بويىچە ئېيتقاندا، "چار"

دېگەن سۆز ــ تۆت، تۆتىنچى، تۆتتۇر دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە؛ ”گاھ“ دېگەن سۆز ــ ئۇزۇن، ۋاقىت، كۆرۈنۈش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ”چارگاھ“ دېگەن سۆز بولسا تۆتىنچى مۇقام ياكى تۆت تەرەپنىڭ كۆرۈنۈشى، تۇمان پەردىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن دەريا ئارىلىقىدىكى تۆت تەرەپنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىك كۆرۈنۈشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇندىن باشقا ”چارگاھ“ دېگەن سۆز ــ مەنزىرىلىك ئورۇن، ئوتلاق، گۈزەل يايلاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

5. ”پەنجىگاھ“ مۇقامى

بۇ مۇقام فېئودال دىنىي روھانىلارنىڭ ”كەمبەغەللەر پەس، ئەقىلسىز بولىدۇ، بۇلارنى خۇدا شۇنداق ياراتقان“ دېگەن ھاقارەتلىك ئەپسانىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ يۈكسەك ئىرادە ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان. بۇنىڭ 14 ــ 15-ئەسىرلەردىكى ئىسمى ”بۇزرۇك“ مۇقامى بولۇپ، ”بۇزرۇك“ دېگەن سۆز ئۇلۇغلۇق، يۈكسەكلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ھازىرقى ئىسمى بولغان ”پەنجىگاھ“ 5-مۇقام، 5-ئورۇندا تۇرىدىغان مۇقام دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

6. ”ئۆزھال“ مۇقامى

بۇ مۇقامنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى ”كۈچەك“ ئىدى. ”كۈچەك“ دېگەن سۆز كىچىك پېئىللىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى ئىسمى بولغان ”ئۆزھال“ دېگەن سۆزدىكى ”ئۆز“

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېزىلگۈچى ئەمگەكچىلەرنىڭ، ئەزگۈچى فېئودال مۇتەئەسسىپلەرنى يات كۆرۈپ، كەمبەغەللەر ئۆزئارا بىر-بىرىنى ئۆز كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ كەمبەغەللەرنىڭ ھالى، مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆزھالى دېگەن جاراڭلىق سادانى ياڭرىتىش مەقسىتىدە مۇشۇ مۇقامغا — "ئۆزھال" ئىسىم قىلىپ قويۇلغان.

7. "ئىراق" مۇقامى

بۇ مۇقامنىڭ ئىسمى دەريا قىرغىقىنىڭ ئۇرۇشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمگەكچى خەلق ئۆز ۋۇجۇدىدىن چىققان قان ۋە تەرنىڭ كۈچلۈك ئېقىنغا ئايلىنىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلارغا قارشى كۆتۈرگەن غەزەپ دولقۇنلىرىنىڭ ئورنىدا زۇلۇم دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇشى لازىملىقىنى ئىزھارلاش مەقسىتىدە بۇ مۇقامنى ئىجاد قىلغان.

8. "ناۋا" مۇقامى

بۇ مۇقامدىكى ناۋا سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى جاسارەت، كۈچ-قۇۋۋەت دېگەن بولىدۇ. بۇ مۇقام دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچاق، كۈچسىز، بىچارە مەخلۇقلار بايلار، جاسارەت ۋە كۈچ قۇۋۋەت ئىگىسى قۇللار، كەمبەغەللەر دېگەن پىكىرنى دەلىللەش مەقسىتى بىلەن ئىجاد قىلىنغان. بۇ مۇقامنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى ئىسمى ئوخشاشلا "ناۋا" مۇقامى

9. "ئوشاق" مۇقامى

ئوشاق دېگەن سۆز "ئاشىقلار"، "پىدائىيلار" دېگەن مەنىدە

بولۇپ، ئۇ ھەقىقىي ئاشىقلىق ۋە جاسارەتلىكلىككە قارىتىلغان. يەنى يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئىچىدىكى ئاشىقلىق، مۇھەببەت دېگەن نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەيش-ئىشرەت، كەيپى-ساپا ۋە پەس ئارزۇ ھەۋەسلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى؛ ھەقىقىي ئاشىقلىق ۋە مۇھەببەتنىڭ ئاق كۆڭۈل مېھنەتكەشلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى؛ كەمبەغەللەرنىڭ قاياشى كەمبەغەل ئىكەنلىكى؛ جاھاندىكى بارلىق كەمبەغەللەرنىڭ يۈرىكىنىڭ بىر، ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى-ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچۇن ئورتاق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئومۇم قانۇنىيەت يۇزىسىدىن بۇ مۇقام ئىجاد قىلىنغان.

### 10. "بايات" مۇقامى

بۇ مۇقام — يىراق ئۆتمۈشتىكى شەھەرلەرنىڭ قاپقارا تۈتەكلىرى ئىچىدە داد-پەرياد چېكىپ، دارغا ئېسىلىۋاتقان، گۆلەخ، مەيخانىلاردا خورلىنىۋاتقان، ئاچ يالىڭاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان كەمبەغەللەر ۋە يېتىم-يېسىرلارنىڭ زارىنى بايان قىلىش مەقسىتى بىلەن ئىجاد قىلىنغان. بۇ مۇقامنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى "ساباھان" مۇقامى بولۇپ، "ساباھا" دېگەن سۆز شەھەر كۆرۈنۈشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بۇ مۇقامنىڭ ھازىرقى ئىسمى بولغان "بايات" سۆزىدىكى "ت" ھەرپى "د" ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ سۆز "بايات" ئەمەس باياد دەپ ئېيتىلسا توغرا بولىدۇ. "باياد" — ئەسلەش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. "باياد" "ئەبيات" دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، "ئەبيات" دەپ ئېيتىلسا شېئىر،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قوشاق، مۇناجات قاتارلىق مەنىلەردە بولۇپ، شەھەر كۆرۈنۈشىنى ئەسلەش توغرىسىدا يۇقىرىقى مەزمۇنلار بويىچە يېزىلغان شېئىر، قوشاقلارنىڭ مەنىسىنى مۇشۇ مۇقام ئاھاڭى ئارقىلىق بايان قىلىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

11. "ئەجەم" مۇقامى

بىز ئالدى بىلەن بۇ مۇقامنىڭ نېمە ئۈچۈن "ئەجەم" دەپ ئاتالغانلىقى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى: سۇي، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭغا كىرىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچى ئەرەب ئەمەلدارلىرى ۋە دىن تارقاتقۇچىلار ئۆزلىرىدىن باشقىلارنى ياكى ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىمىغان ئۇيغۇرلارنى ئەجەم دەپ ئاتىغان. ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناخشا-سازلىرىنى كەمسىتىپ، بۇ شەيتاننىڭ پەيلى، ئىسلام دىنىغا توغرا كەلمەيدىغان ئەجەملەرنىڭ پەيلى دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن فېئودال ئەزگۈچىلەر، ئۇسسۇللۇق ناخشا، ساز ئويۇنلىرىنى كەمسىتىپ ۋە چەكلەپ، "ئەجەم" دەپ ئاتايدىغان بولۇۋالغان. ئۇلار پەس كۆرۈپ كەمسىتكەن نەرسىلەر كەمبەغەللەر ئۈچۈن ئەزىز بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئۇسسۇللۇق ناخشا، ساز، مۇزىكا-مۇقاملىرىنى ئەزگۈچىلەرگە قارىتا راست سەنلەرنىڭ ئەمەس، بىزنىڭ "راست ئەجەم"، بىز سىلەرگە يات، سىلەرگە نىسبەتەن بىز ئەجەم، دېگەن. مانا مۇشۇنداق تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى "ئەجەم" ناملىق بۇ مۇقام مەيدانغا كەلگەن.

12. "سىگاھ" مۇقامى

بۇ مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدىكى ئارسلانلىقى ۋە كۈرەشچانلىق روھىغا مەدھىيە ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئىپادىلەش مەقسىتىدە ئىجاد قىلىنغان. بۇنىڭ قەدىمكى ئىسمى "بۇسلىك" مۇقامى بولۇپ، "بۇسلىك" دېگەن سۆز ئارسلاننى ھەيران قالدۇرۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى ئىسمى بولغان "سىگاھ"دىكى "س" ھەرپى ئېيتىلىشتا تىل تەپەلەپپۇزىنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىلەن "ش" ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەتكەن بولسا لۇغەت مەنىسىدە "سىگاھ" يەنى "شىگاھ" دېگەن سۆزلەر مەپتۇن بولغۇچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، مەپتۇن — ھوشسىزلىقتىن ئويغىنىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، بىز 12 مۇقام دېگەندە چوقۇم ئۇنىڭ سىستېمىلىق ئاھاڭ، ساز، مۇزىكا، مەشرەپ-نەغمىلىرىنى، كلاسسىك تېكىستلىرىنى كۆزدە تۇتىمىز. چۈنكى، 12 مۇقام ئاھاڭلىرى قارىمۇ قارشىلىق كۈرىشى ئىچىدە داۋام قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ تەبىئىي ئاپەت ۋە ئەزگۈچى سىنىپلارغا قارشى ئېلىپ بارغان نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىۋى كۈرەش تارىخىنىڭ روھى تولۇق سىڭدۈرۈلگەن.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخ ۋە ئەسىرلەر جەريانىدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا يۈزلىگەن، مىڭلىغان مۇقام ئاھاڭ تارماقلىرىنى ئىجاد قىلىپ، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا ھازىرقىدەك مۇكەممەللەشكەن 12 مۇقام شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن 12

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



مۇقامنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ، كىملەر تەرىپىدىن، نېمە مەقسەت بىلەن ئىجاد قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزىلەر بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە 12 مۇقام ئاھاڭلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىللىق بىلەن تىڭشاپ ۋە مۇھاكىمە قىلىپ كۆردۇق، چۈنكى ھەرقايسى مۇقاملار ئۆز سىستېمىسى بويىچە چېلىنىپ ئاخىرلىشىپ، پەدە يۆتكەش باسقۇچىغا كەلگەندە تەمبۇر، دۇتار، قالۇنلارنىڭ تارىلىرىدىن يىغلىغان جاراڭلاپ، كىشىنىڭ يۈرەك بىغىشلىرىنى تىترىتىپ، ئۇزاق ئۆتمۈش ئەسىرلەرنىڭ زۇلمەتلىك كىشەنلىرىنى، كونا زاماننىڭ نالە-پىغان، مۇڭ-زارلىرىنى ھېكايە قىلىدۇ. شۇنىڭدەك تارىختىكى زالىم فېئودال ۋاڭ، قانخور ھاكىم بەگ، رەھىمسىز بايلارنىڭ زۇلمىغا قارشى غەزەپلەنگەن مۇشت، كىرىشكەن چىش، ئېقىۋاتقان قان-تەر، ئوتتەك يانغان غەزەپلىك كۆزلەرنى، قەيسەر، قەھرىمانە گەۋدىلەرنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئۆتمۈشتىكى قارا تۇمانلار ئىچىدە تۇرۇپ بۈگۈنكىدەك ئەركىن، بەخت-سائادەتلىك كۈنگە تەلپۈنۈپ، بۇلبۇل ناۋا قىلىۋاتقان يېزا چىمەنلىكلىرى، شاد-خۇرام ئۆسۈۋاتقان ئەمگەكچىلەر ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ توي كۈلكىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. دېمەك، 12 مۇقامنىڭ ئوبيېكتىپ قۇرۇلۇشىدىن يۇقىرىقىدەك ئەمەلىي مەۋجۇدىيەت جاراڭلاپ تۇرىدۇ. مۇشۇ ئەمەلىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزىمۇ 12 مۇقامنىڭ كەڭ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىجادىي تۆھپىسى ئىكەنلىكىنىڭ كەم-كۈتسىز پاكىتىدۇر.

سىستېمىچانلىقنى ئۆزگىچىلىك قىلغان 12 مۇقامنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ،

لىكىن ئۇلارنىڭ شەكىل قۇرۇلۇشى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشايدۇ. ھەربىر مۇقام مۇنداق بىرنەچچە قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

1. چوڭ نەغمە: بۇ قىسمى توققۇزدىن ئونغىچە ناخشا ۋە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مەرغۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ چوڭقۇر ھېسسىيات ۋە بەدىئىيلىككە ئىگە بىرقانچە مۇقەددىمە، ناخشا، ئاھاڭلار ئارقىلىق مۇزىكىنىڭ توپ پىكىرىنى ئېچىپ بېرىشنى باشلاپ، ئۈچ ياكى تۆت ئۇدارلىق تەزىگە كۆچىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇھەببەت ۋە نەپرىتى ئوچۇق بولغان قىزغىن، خۇشال كەيپىيات ئىچىدە تېخىمۇ يۇقىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا گەۋدىلىك، تېتىك تىپلارغا ئىگە ئاھاڭلار بىلەن ئاياغلىشىدۇ.

2. داستان قىسمى: بۇ ئۈچتىن ئالتىغىچە بايان خاراكتېرلىك ناخشىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەربىر ناخشىنىڭ كەينىدىن بىردىن مەرغۇل بولىدۇ. ئۇ دەسلەپتە ئوتتۇرا تېما بىلەن باشلىنىدۇ. كېيىن بارا-بارا يۇقىرى كەيپىياتقا كۆچىدۇ.

3. مەشرەپ قىسمى: بۇ ئۈچتىن ئالتىغىچە (بايان خاراكتېرلىك) ئۇدارلىرى بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئۇسسۇللۇق ناخشىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن سالماق باشلىنىپ، كېيىن 2-ياكى 3-مەشرەپكە كەلگەندە قىزغىن روھىي كەيپىياتتا بىردىنلا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈستۈن كەيپىياتتا ئاخىرلىشىدۇ.

"تەزە" — چوڭ نەغمىدىكى ئاساسىي مۇزىكا بولۇپ، تەزىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولمىغان بىرمۇ مۇقام يوق. تەزە كۆپ ھاللاردا شائىرلارنىڭ كۆپ بوغۇملۇق، كۆپ مىسرالىق، بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن، مەزمۇنلىرى ئۆزئارا تۇتاش بولغان غەزەللىرى بىلەن ئوينىلىدۇ. باشلىنىش مۇزىكىسى تەزىگە ئۆتۈش بىلەنلا مەشرەپ ئويۇنى ئورۇنلىنىدۇ، ھەممە سازەندىلەر تەڭ چېلىش ۋە نەزمە ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. تەزىدىكى داپ ئۇرغۇسى، نەغمە رىتىمى تولاراق مۇقاملاردا سالماق بىرنەچچە ئۇدارلىق شەكىل بولۇپ، كىشىلەرنى ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا ئۈندەيدۇ. تەزىدە يەنە مەرغۇل ۋە چۈشۈرگۈ بولىدۇ.

"سەلقە" — چوڭ نەغمىدىكى ئاساسلىق مۇزىكىلارنىڭ بىرسى. "سەلقە"سىز بىرمۇ مۇقام يوق. كۆپىنچە مۇقاملاردا سەلقەلەر "چوڭ سەلقە"، "كىچىك سەلقە" دەپ ئىككىگە ئايرىلغان؛ چوڭ سەلقە بىلەن كىچىك سەلقەنىڭ مۇزىكا رىتىمى پەرقلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارغا سېلىنغان شېئىرلارنىڭ ۋەزنىمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغان بولىدۇ. چوڭ سەلقە تولاراق يەتتە بوغۇملۇق خەلق قوشاقلىرى، كىچىك سەلقە ئارۇز ۋەزنىنىڭ غەزەلىيات ئاساسىدا ئورۇنلىنىدۇ.

"تاكىت" — چوڭ نەغمىدىكى ئاخىرقى مۇزىكا بولۇپ، ئۇ چوڭ نەغمىدە داستانغا ئۆتۈشتىكى بىر ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چوڭ نەغمىلەر قىسمىدا يەنە "نۇسخا"، "جۇلا"، "سەنەم"، "پەشرو"دىن ئىبارەت تۆت ئاساسلىق مۇزىكا بار.

"نۇسخا" چەببىيات، ئەجەم، سىگاھ، ئىراق مۇقاملىرىدىن باشقا مۇقاملاردا ساقلىنىپ كەلگەن مۇزىكا بولۇپ، ئۇنىڭ مەرغۇللىرى بار. ئۇنىڭ تاكىتلىرى جىددىي ۋە ئۆزگىرىشچان

بولۇپ، ئۇ خېلى كۆپ تەرەپلىمە چېلىنىدۇ. ئۇنىڭ بەزى ئاھاڭلىرى قوشاق شەكلىگە چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بەزى ئاھاڭلىرى غەزەل شەكلىگە چۈشۈرۈلگەن.

"جۇلا" ئەجەم، سىگاھ، ئىراقتىن ئىبارەت مۇقامدىن باشقا مۇقاملار تەركىبىدىكى مۇزىكا، بۇ مەرغۇلسىز بولىدۇ. "جۇلا"نىڭ نەغمىلىرى كۆپىنچە خەلق قوشاقلىرى ئاساسىدا قوشاق مىسرالىرىنى تەكرارلاپ ئوقۇش بىلەن ئوينىلىدۇ. "سەنەم" — چارگاھ، ئەجەم، ناۋا، سىگاھ، ئىراق مۇقاملىرىدىن باشقا مۇقاملاردا ئۇچرايدۇ. "سەنەم" بەزى مۇقاملاردا بىر غەزەلدىن، بەزىلىرىدە بىرقانچە مىسرالىق خەلق قوشاقلىرىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. "سەنەم" داپنىڭ قىزغىن ۋە شوخ ئۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. "سەنەم"دىكى داپ ئۇرغۇسى ۋە نەغمە رىتىمى شوخ، ئۇسسۇللۇق، "سىيرىلما" قوش ئۇدارلىق شەكىلدە بولۇپ، يۇقىرى ماھارەتلىك ئۇسسۇللۇق مۇزىكا خىسلىتىگە ئىگە، "پەشرو" — راك، مۇشاۋرەك، پەنجىگاھ، ئۆزھال، بايات مۇقاملىرىدا قوش ئۇدارلىق تاكىت بىلەن ئوشاق مۇقامىدا قوش، تاق ئۇدارلىق تاكىت بىلەن ئۇچرايدۇ. قالغان مۇقاملاردا "پەشرو" ئۇچرىمايدۇ. "پەشرو"لار خۇددى "جۇلا"، "سەنەم"لەرگە ئوخشاش مەرغۇلسىز بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئامانىسساخان ئۆزى بىۋاسىتە ئىجاد قىلغان، ئىشرەت ئەڭگىز، ئابى چەشمە — (كۆز ياش بۇلاقلىرى) ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئۇسلۇبقا ئىگە. بىز بۇنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ ئۇنى 12 مۇقام رەتلىنىشتىن ئىلگىرى گۈرۈپپىلاشقان مۇزىكا شەكىللىرىنىڭ مىسالى بولۇشى مۇمكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەپ پەرەز قىلىشقا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭدا بەزى مۇقام ئىسىملىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقىغا قاراپ كېيىن ئىجاد قىلىنغان، سىستېمىلاشقان، 12 مۇقام خەزىنىسىگە قوشۇلغان مۇقام مۇزىكىسىنىڭ خاتىمىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا ھەقلىقمىز.

كونا-يېڭى مۇقام ئاتالغۇلىرى بولسۇن، مۇقام، مەشرەپ، قوشاقلارنىڭ ئېيتىلىشى بولسۇن، يەكەن، دولان يېزىلىرىدا، ئاقسۇ، كورلا، قۇمۇل يېزىلىرىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان مۇقاملار بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەر خىل ئاتىلىشى ۋە ھەر خىل ئۇسلۇب، شىۋەلەر بىلەن ئوقۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر بىز ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئاھاڭ، نەغمە، داستان، مەشرەپ سادالىرىدا يەنە چوڭ ھەجىمدىكى كلاسسىك مۇزىكىلىق ئەسەر 12 مۇقام ئاساسلىرىنىڭ كۆچلۈك سالمىقىنى ئىنتايىن تەبىئىي ھېس قىلىۋالالايمىز.

12 مۇقامنىڭ 14 — 15-ئەسىرلەردىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى شۇنداقلا ھازىرقى ئىسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ سەۋەبى: تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. بەزى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئىسلام دىنىنى تارانقۇچى ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى ئىسلام دىنىغا بويسۇندۇرۇلغان ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن مەدەنىيەت ھۆكۈمرانلىقى يۈرگۈزۈپ، بارلىق ئۇيغۇرچە ماتېرىيال، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، ناخشا-سازلارنىڭ ۋە باشقا بۇيۇملارنىڭ ئاتالغۇلىرىنىڭ مەزمۇنىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئىسلام دىنىغا توغرا! كەلمەيدۇ دەپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەرەبچە، پارسچە ئاتاشقا

بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇ چاغدىكى بەزى دىنىي ئەمەلدارلار، يۇقىرى تەبىقە تالىپلىرى، ئەرەبچە، پارسچە سۆزلىگەنلەرنى بىلىملىك زىيالىي ھېسابلىغان. دېمەك، سىرتتىن كىرگەن ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا 12 مۇقامغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ناخشا-سازلار ئاھاڭلىرىنىڭ كۆپ قىسمىمۇ ئەرەبچە، پارسچە ئاتالغۇلار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بەزى مۇقاملارنىڭ ھازىرقى ئىسمى بىلەن بۇرۇنقى ئىسمىنىڭ ئوخشاشماسلىق سەۋەبلىرىمۇ كېلىپ چىققان.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، ئايرىم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا 12 مۇقام چەتتىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن دېگەنگە ئوخشاش ئەپسانە خاراكتېرلىك خاتا قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنداق قاراش تارىخىي ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتكە پۈتۈنلەي خىلاپ، تارىخچى شاڭ دا بۇ ھەقتە (640-يىللىرى): ”ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا، نەغمە، ناخشا-ئۇسسۇللىرى ھىندىستانغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن“ دەپ يازغان.

7-، 8-، 9-ئەسىرلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا، مۇقام، ناخشا-ئۇسسۇللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىراق قاتارلىق جايلارغىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

15-ئەسىردە يەكەنگە ئىراق، ئىران، كەشمىر، ئەنجان، خارەزم، پەلەستىن، دېھلى (ھىندىستان) قاتارلىق نۇرغۇن چەت دۆلەتلەرنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىن ئادەملەر كېلىپ، ئۇيغۇر مۇزىكا مۇقام ئالىمى يۈسۈپ قىدىرخاندىن ناخشا، مۇقام، سازلارنى ئۆگىنىپ كەتكەن.

ياپونىيىلىك تارىخچى لى چەنسەن يازغان «سوڭ، تاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەلنەغمىلىرى» (گومورو تەرجىمە قىلغان) دېگەن تەتقىقات كىتابىدا كۇچانىڭ 12 رىتىملىق كۈي قانۇنىيىتى، ياپونىيە مۇزىكىچىلىقىدا كۆپ يېڭىلىق پەيدا قىلغان دەپ يازغان.

ئەزەربەيجان رېسپوبلىكىسىنىڭ تارىخ ئالىمى مىرزا ئىبراھىموۋ "ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلغان، يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن 12 مۇقام مۇزىكىسى باشقا مىللەت مۇقاملىرىنىڭ ئاتاسى" دەپ كۆرسەتكەن...

قىسقىسى، 12 مۇقام چەت ئەلنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەنئەت ئىلمىگە قوشقان ئىجادىي تۆھپىسى، مەملىكىتىمىزنىڭ قىممەتلىك مۇزىكا بايلىقى. بىزنىڭ 12 مۇقامىمىز، ياۋروپا، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئەرەب، ھىندىستان قاتارلىق چەت دۆلەت ۋە رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ سىمفونىيە، مۇزىكا، نەغمە، مۇقام، ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ سىستېمىسىغا پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدۇ.

### 3. 12 مۇقامنىڭ خەلق ناخشىلىرى بىلەن بولغان بىرلىك مۇناسىۋىتى

12 مۇقام ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى، كلاسسىك ئەدەبىيات تېكىستلىرىنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئاساسى قىلغان. 12 مۇقامنىڭ ئەسلىدىكى تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى ھەربىر قىسمىدىكى رىتىمنىڭ ئۆزگىرىش ئۇسۇلى، ئاساسلىق كۈي شەكلىنىڭ ئالمىشىش ئۇسۇلىدۇر. 12 مۇقامدىكى مۇزىكىنىڭ تۈرگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۆزگە

خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چوڭ-كىچىك داستان، مەشرەپ، نەغمە مەرغۇللىرىدىكى ئاھاڭلارنىڭ ھەممىسى ۋەقەلىك جەھەتتىن كۈچلۈك خاراكتېرلىك مەزمۇنغا ئىگە. شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىجاد قىلىنىپ، كۆپىيىپ، راۋاجلىنىپ، تەرەققىي قىلغان تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ھەرقانداق بىر خەلق ناخشىسى، ھەربىر ئورۇننىڭ تەبىئىي شارائىت، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئەكس ئېتىشىنى ئاساس قىلغان ھالدىكى ئۇسلۇب، شىۋە بويىچە لېرىكىلىق، يېقىملىق، جاراڭلىق، لەرزان ئېيتىلىدىغان، مۇرەككەپ بولمىغان رىتىملارغا ئىگە ئاھاڭلاردىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. بولۇپمۇ ھەربىر خەلق ناخشىسى تارىخىي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، شۇ زامان، شۇ ماكاندىكى خەلق تۇرمۇشىنى ئىخچام قوشاقلار بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان مەزمۇنلۇق ئاھاڭغا ئىگە بولغان بولىدۇ. مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇب، رىتىم جەھەتتىن ئالغاندا 12 مۇقام بىلەن خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى گۆش بىلەن ئۇستىخاننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش زىچ. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇبتىكى خەلق ناخشىلىرى كۆپىيىپ، سىستېمىلىق ئاساستا رەتلىنىپ، 12 مۇقامنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماق قىسىملىرىغا قوشۇلۇپ، 12 مۇقامنى بېيىتقان. مەسىلەن، خوتەن خەلقى ئىچىدە كەڭ تارقالغان "خوتەن سەنىمى" دەپ ئاتالغان سەنەم بىلەن "چەببىيات سەنىمى"نى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، مۇقام ئاھاڭلىرىنىڭ خەلق ناخشا مۇزىكىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن قويۇقلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇقامنىڭ ئۆزگىچە نۇرغۇن خەلق ناخشىلىرى كىرگۈزۈلۈپ سىستېمىلاشتۇرۇلغان. بۇ خىل خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى ۋە تېكىستى ئوچۇق، چۈشىنىشلىك بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى تۇيغۇسىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. مەسىلەن:

نازىمەن ئاھ نازىمەن،
باغدا پىشقان نازىمەن.
بىۋاپالىق قىلغۇچە،
ئۆلگىنىمگە رازىمەن.

ئىشىك ئالدى ھەر تاللا،
شاخ-شاخىدا مارجانلا.
بىزنى دېگەن يارانلا،
ھەر كوچىدا ۋەيرانلا.

"راك"نىڭ سەلقەنىدىن:

ئىرغاي بىلەن ئېلىپ بولماس سايىنىڭ تاشىنى،
دەرد كەلگەندە تۇتۇپ بولماس كۆزنىڭ ياشىنى.

قارچۇغامنى قوشلاتمىغان تاغلار قالمىدى،
يارىم بىلەن ئوينىمىغان باغلار قالمىدى.

(”چەببىيات“ داستانىدىن)

ئۇزاق تارىختىن بېرى خەلق ئىچىگە تارالغان «غېرىب-سەنەم»، «پەرھاد-شېرىن»، «تاھىر-زۆھرە»، «لەيلى-مەجنۇن»، «چىن مودەن»، «ھەمراھ ۋە ھۆرىلقا»، «يۇسۇپ-ئەخمەت» قاتارلىق خەلق داستانلىرىنىڭ ئاھاڭ ۋە بېيىت نەزمىلىرى 12 مۇقام ئاھاڭلىرى بىلەن ۋە 12 مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئاساس قىلغان خەلق ناخشىلىرى بىلەن ئېيتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، «غېرىب-سەنەم» دىكى 42 ناخشا-ئاھاڭ، «تاھىر-زۆھرە» دىكى 18 ناخشا-ئاھاڭ، «لەيلى-مەجنۇن» دىكى 27 ناخشا-ئاھاڭ، «پەرھاد-شېرىن» دىكى 21 ناخشا-ئاھاڭ، «چىن مودەن» دىكى 17 ناخشا-ئاھاڭ، «ھەمراھ ۋە ھۆرىلقا» دىكى ئۈچ ناخشا-ئاھاڭ، «يۇسۇپ-ئەخمەت» دىكى تۆت ناخشا ئاھاڭلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك 12 مۇقام ئاھاڭلىرى بىلەن ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

دېمەك، تارىختىن بېرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ داستان، مەشرەپ، ھېكايىلىرىنىڭ نەزمە بېيىتلىرى 12 مۇقام ئاھاڭلىرىسىز، 12 مۇقام خەلق ناخشىلىرىسىز تەرەققىي قىلغان ئەمەس. شۇنداقلا 12 مۇقام سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ مەيدانغا چىققاندىن كېيىن خەلق ناخشىلىرىنىڭ تەرەققىياتى 12 مۇقامسىز زورايغان ئەمەس. بۇ مەسىلە — سەنئەت ئىلمىدىكى بىر خىل ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ دىئالېكتىكىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قەيەرنىڭ (مەيلى قەشقەر ياكى ئىلىنىڭ بولسۇن) ئىكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر ئۇيغۇر خەلق ناخشىسىلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ باش، ئوتتۇرا، ئاخىرى ياكى ياندۇرۇش، تۇراق، ئۇدار، رىتىملارنىڭ بىرەر قىسمىدا ياكى ھەممىسىدە 12 مۇقامنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قايسىبىر تارماقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاھاڭ، ئۇسلۇب، شىۋىلىرى بولىدۇ. 12 مۇقامنى يۇكسەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر تۇپ قارىغاي دەپ ئالساق، خەلق ناخشىلىرى ئۇنىڭ ياپراق ۋە يىلتىزلىرىدىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭدىمۇ بىرخىل دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. مەسىلەن، تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىرغاقلىرىغا جايلاشقان مەكىت، مارالبېشى، كورلا، چاقىلىق قاتارلىق جايلاردىكى نۇرغۇنلىغان خەلق ناخشىلىرى ۋە ئون نەچچە خىلغا بۆلۈنىدىغان دولان سەنەملىرىمۇ 12 مۇقامنىڭ تەركىبىي قىسمىغا كىرىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاھاڭ تۈزۈلۈشى جەھەتتە مەردانە، جاراڭلىق بولۇپ، يايلاق ھاياتىنى ئەسلىتىپ بېرىدۇ. قەشقەر — مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئانا ماكانى. بۇ رايوندىكى خەلق ناخشىلىرىنى سىستېمىلىق رەتلەپ چىقىدىغان بولساق يۈزلىگەن، مىڭلىغان خەلق ناخشىلىرى تېپىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىمۇ مۇقامدىن خالىي بولمىسا كېرەك. بۇنىڭدىن تېپىك ئىككى مىسال ئالساق، خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان «مىزانگۇلۇم» دېگەن خەلق ناخشىسى "ئىراق" مۇقامىدىن؛ «ئەرزىم دادەي» دېگەن خەلق ناخشىسى "سىگاھ" مۇقامىنىڭ مەشرەپ قىسمىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان. بۇندىن باشقا كۇچا خەلق ناخشىلىرى 170 نەچچىدىن ئاشىدۇ. بۇنىڭدىكى «لەۋەن يارلار»، «ئويناڭ دەردى بار بالىلار» پەنجىگاھ مۇقامىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان. تۇرپان خەلق ناخشىلىرىمۇ خۇددى شۇنداق. تۇرپان خەلق ناخشىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئاتاقلىق «زېمىن داستانى» نىڭ ئاھاڭلىرى "سىگاھ" مۇقامىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان. قۇمۇلنىڭ 127 ناخشىدىن تەركىب تاپقان 12 مەشرىپى

(قۇمۇل مۇقامى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئوخشاشلا 12 مۇقامنىڭ ھەر خىل داستان، مەشرەپ، نەغمە سازلىرىدىن پايدىلىنىپ، قۇمۇل شىۋىسىگە ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان. ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى ئالساقمۇ خۇددى شۇنداق. مەسىلەن، ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يېقىملىق، رىتىملىق، جاراڭلىق، مەردانە بولۇشىدىكى سەۋەب ئاھاڭ ۋەقەلىكىنىڭ خاراكتېرىگە، شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي كۇرەش شارائىتىغا يۇكسەك ماھارەت بىلەن بىرلەشتۇرۇلگەنلىكىدە. ئىلى خەلق ناخشىلىرىدا ھەرقايسى ۋەقەلىككە ئىگە قوشاقلارغا 12 مۇقامنىڭ ھەرقايسى تارماقتىكى ئاھاڭلىرىنىڭ ماس كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ ئېلىپ، شۇ ۋەقەلىككە ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزگەرتىپ، ئىجاد قىلىپ سىڭدۇرگەن. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئىلى ناخشىلىرىنىڭ قايسىبىرىنى قوشاقسىز تەمبۇر، غېجەك، دۇتار، ساتار بىلەن چالساق ئۇنىڭ سادالىرى، شۇنداق بىر مەزمۇنغا ئىگە ۋەقەلىكنى سۇرەتلەپ بېرىدىغان ھېسسىياتلارنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۇرىدۇ. ئىلى خەلق ناخشىلىرى سىستېما، رىتىم، ئۇدار جەھەتتىن ئەڭ يۇقىرى نوتىلىق سەۋىيىگە ئىگە. خەلق ناخشىلىرى مانا مۇشۇنداق ئەمەلىي تۇرمۇش، دەۋر ئۆزگىرىش خاراكتېرىگە ئىگە ۋەقەلىكنى مەزمۇن قىلغان ئاساستا پارچە-پارچە بۆلەكلەر بويىچە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ يېتىلىشكەن. مەسىلەن، «ئۆستەڭ»، «كۆچ-كۆچ»، «سېپىل»، «جۇنۇن» قاتارلىق ناخشىلارنى ئالساق بۇنىڭ ئىچىدىكى «ئۆستەڭ» ناخشىسى ئىلى خەلقى ئارىسىدا 50 يىلدىن بۇيان ئېيتىلىپ كەلمەكتە. قان-تەر بەدىلىگە فېئودال بەگلەر ئۇچۇن ئۆستەڭ قېزىپ، سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن كەمبەغەل دېھقانلار:

ئۈستەڭنىڭ سۈيى تاشسا،
چوڭ كۆرەنى سوقماقچى.
ئەقىلسىز نادان بەگلەر،
ھاشا بىلەن توسماقچى.

دېگەن مەزمۇندىكى نۇرغۇن قوشاقلارنى "چەببىيات" مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىپ ئوقۇپ، شاڭيۇ، بەگلەرگە قارشىلىق بىلدۈرگەن. بۇندىن باشقا "جۇنۇن"، "سېپىل" قاتارلىق ناخشىلاردا "ئۇشاق" مۇقامىنىڭ نەغمە، داستان ئاھاڭلىرى تولۇق ئىپادىلىنىدۇ.

شۇ زامانىدىكى ئەلى سېپىلىنىڭ ئىچىدە فېئودال ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران غوجاملار، تۆرە، بايلار تۇراتتى. "سېپىل"، "جۇنۇن" ناخشىلىرىغا سېلىنغان قوشاقلار شەھەر ئىچىگە جايلىشىۋالغان ئاشۇ خىلدىكى تەييارتاپ ئاق سۆڭەكلەرگە قارشى تەشۋىقات رولىنى ئوينىغان. مەسىلەن:

سۇلتان غوجام سورايدۇ،
"سېپىل سوققانلار نەلىك".
بىز بەگكە نېمە قىلغان،
بىكار ياتىدۇ شەلىك.

سېنى دېدىم، سېنى دېدىم،
كەچتىم بۇ جاندىن.
يۈرەك باغرىم پارە-پارە.

كۆز يېشىم قاندىن.

«گۈلەمخان» ئوپېراسىدىكى:

گۈلەمخانىنىڭ ئەسلى يۇرتى،
ئويمان بۇلاقتۇر.
گۈلەمخاننى زورلاپ ئالغان،
شاڭيۇ چولاقتۇر.

شاڭيۇلار يامان دەيدۇ،
بىزنىلا كۆرەمدىكىن.
تىللىماي قويۇپ بەرسەڭ،
شۇ چاغدا بولامدىكىن؟!

دېگەن قوشاقلار ”ئۆزھال“ مۇقامىنىڭ ئاھاڭلىرىدىن ئۆزگەرتىپ ئېيتىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ”ناۋا“ مۇقامىنىڭ ئاھاڭلىرىدىن ئېلىنغان:

زېمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس.
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق،
ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دېگەن قوشاقلار بىلەن ئېيتىلغان ”ئۆرلىگەي“ ناخشىسى، ”ئەجەم“ مۇقامىنىڭ مەشرىپىدىن ئېلىنغان:

كېچە-كۈندۈز ئوما ئورساق،
ئۈنچە بىلەن باغ قالدى.
قولىمىزغا ئاش تەگمىدى،
يۈرەكلەردە داغ قالدى.

دېگەن قوشاق بىلەن ئېيتىلغان ”ئورما ناخشىسى“ (1-، 2-، 3-) ؛ ”چەببىيات“ مۇقامىنىڭ 2-مەشرىپىدىن ئېلىنغان:

باينىڭ باللىرى دەيدۇ،
بىر-بىرىدىن دودەن.
يامۇلدا تولا ياتتىم،
قانداق قىلىمىز مودەن.

دېگەن قوشاق بىلەن ئېيتىلغان ”چىن مودەن“ ناخشىسى قاتارلىقلار بار. مودەنخان غۇلجىلىق بىر كەمبەغەلنىڭ قىزى، ئەينى ۋاقىتتىكى زالىم شائىيۇ، بەگلەر چىن مودەننىڭ تۇرمۇش قۇرماقچى بولغان كەمبەغەل يىگىتىنى كۆرەگە پالاپ، مودەنخانغا سۆيىقەست قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ. شۇ چاغدا، ھارۋىكەشلىك قىلىدىغان بىر كەمبەغەل پۇقرا مودەنخاننىڭ يىگىتىنىڭ تۈرمىدىن قېچىپ كېتىشىگە ياردەملىشىدۇ. دېمەك، ”چىن مودەن“ دېگەن ناخشا مۇشۇ ۋەقەلىككە ئاساسەن دېھقانلار

تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. بۇلاردىن باشقا يەنە ئىلى سەنەملىرىگە دائىر 15 ناخشىنى ئالساق بۇ ناخشىلار "چەببىيات" مۇقامىنىڭ بىرىنچى داستان قىسمىغا دائىر ئاھاڭلاردىن ئېلىنغان. قىسقىسى دەسلەپكى قەدەمدىكى تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا ئىلى ناخشىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك 12 مۇقامغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. مەيلى قەدىمكى ئېيتىلىشى، ئاھاڭىنىڭ ئۆز نۇسخىسى بولسۇن، مەيلى ھازىرقى ئېيتىلىۋاتقان بويىچە بولسۇن، ھەممىسى شۇنداق. مەسىلەن، كونا جەمئىيەتتە ئىلى رايونىدا خورلانغان مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان نامراتلار، قاراڭغۇ زىنداندا ئازابىنى كۆرۈپ، خاڭ ئاستىدا ئىشلەيدىغان ساناقسىز ئىشچىلار، ھەر خىل ھۈنەرۋەنچىلىكتە شاگىرت بولۇپ ئىشلەيدىغان سەرگەردان يېتىم-يېسىرلەر، شاڭيۇ غوجاملارغا قۇل ئورنىدا ئىشلەيدىغان ياللانما دېھقانلار، ماكانسىز ئىشچىلار بولسۇن، خورلۇققا، زۇلۇمغا قارشى توختىماي ناخشا ئېيتتى. بولۇپمۇ، مەسۇم توقۇم، مەشرەپ ئاخۇن، ناۋاتخان ئاچا قاتارلىق كەمبەغەل ئىشچىلار (ناۋاتخان ئاچا ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بىلەن ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغان) ھەر قېتىم ناخشا ئېيتقاندا، 12 مۇقامغا دائىر 30 — 40 ناخشىنى بىراقلا ئېيتىپ ئاندىن توختىتاتتى. ئۇلار قايسىبىر ۋاقىتتا ناخشا ئېيتسۇن ئوخشاشلا 12 مۇقامنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسمىدىن باشلاپ، "ئاھ ئۇرارمەن"، "دەردىڭ يامان"، "ئەرزىم-دادەي" قاتارلىق خەلق ناخشىلىرى بىلەن ئاياغلاشتۇراتتى. مەسىلەن، "راك" مۇقامىنىڭ، "يارنىڭ كۆڭلىنى سەن شاد ئەيلىگىن، يۈز تۈمەنىنىڭ قايغۇدىن بىر يولى ئازاد ئەيلىگىن" دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شېئىرلىرىدىن باشلاپ:

بۇنداقمۇ بولارمەنمۇ،
بالاغا قالارمەنمۇ.
جاپانى تولا تارتىپ،
ھالاۋەت كۆرەرمەنمۇ.

دېگەن خەلق قوشاقلىرى بىلەن ئاياغلاشتۇراتتى. دېمەك، "راك" مۇقامى بىلەن باشلىنىدىغان ناخشىلارنى "سىگاھ" مۇقامىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان خەلق ناخشىلىرى بىلەن ئاياغلاشتۇراتتى.

يۇقىرىقىلار 12 مۇقامنىڭ خەلق ناخشىلىرى بىلەن بولغان بىرلىك مۇناسىۋىتىنى دەلىللەشتىكى يېتەرلىك پاكىتلاردۇر.

## 4. 12 مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات قورالى بولۇپ كەلدى

2000 يىلدىن بۇيانقى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى 12 مۇقامنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرغان. ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان مەزگىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن شىنجاڭغا كىرگەن دىن تارانقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قاتتىق توقۇنۇشلار بولغان. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرى ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىمىغان ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ،

ئايرىم ھاللاردا قىرىش-چېپىش ئۇسۇلى بىلەن ئىسلام دىنىغا مەجبۇرىي بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنغان. ئاساسلىقى خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئىسلام دىنىغا بويسۇندۇرۇش بىلەن بويسۇنماسلىق ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن قېتىم كەسكىن جەڭلەر بولغان. بۇ خىل ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۇپەيلى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى دىن تاراتقۇچى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى نۇرغۇن شېئىر-قوشاقلارنى توقۇغان.

16-ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ۋە "12 مۇقام" ئۇستازلىرىنىڭ بىرى بولغان قىدىرخاننىڭ «دىۋان قىدىر» ناملىق ئەسىرىدىكى "تېگىشلىگەن قان" ناملىق شېئىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ زاماندىكى ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۇچۇن قورال ئىشلەتكەن ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

قىلىچ، نەيزە ئۇرۇلماقتا تۇمەنىمىڭ كەمبەغەل جانغا،
تۆكۈلگەن لەختە قانلارنى تېگىشتى بىر مۇسۇلمانغا.
جاھاننى قەتلە ئەتمەكتە سېتىپ قۇللارنى سۇلتانغا،
دىيارىمنى خاراب قىلدى چېچىپ دېشۋارىنى ھەريانغا.
تاجاۋۇز، قەتلە، ئاھلاردىن كۆمۈلسەكمۇ باياۋانغا،
ئېگىلمەسكە قەسەم قىلدۇق ئەرەبلەردەك شەھىدانغا.

بۇ شېئىردا شۇ تارىخىي دەۋردىكى، يەنى 8-، 10-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش-كىرمەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋەقەلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەھشەتلىك بولغانلىقى بايان قىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بېرىلگەن. شۇڭا، شائىر قىدىرخان بۇ شېئىرنى مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىپ ئوقۇپ، خەلق ئىچىگە تاراتقان. قىدىرخاننىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك نەزمىسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۇرگەن، مۇسەددەس ئۇسلۇبى بىلەن يېزىلىپ، مۇقام ئاھاڭلىرى بىلەن ئوقۇلۇپ، خەلق ئىچىگە كەڭ تارالغانلىقىنى ئاڭلىغان (شۇ زامان سۇلتانلىرىنىڭ بىرى بولغان) سۇلتان ئىبنى سۇلتان تەسىرلەنگەن ھالدا قىدىرخاننىڭ بۇ شېئىرىغا يۇكسەك باھا بەرگەن ۋە قىدىرخان شېئىرلىرىنى توپلاشقا بۇيرۇق بېرىپ مۇنداق دېگەن:

"ئولۇس تەبئىتىنىڭ ساپ يامغۇردىن،
بولۇپ سىراپ ئەل، نەزنىڭ دۇرىسىدىن.
سۆزۈڭ بېغى ئەۋجى پەلەك چەكتى ئالەمنى،
كى سۇردۇڭ ئەرشىئى لەۋھىغە قەلەمنى.

1865-يىلدىن 1877-يىلغىچە جەنۇبىي شىنجاڭنى بېسىۋالغان چەت ئەل تاجاۋۇزچىسى، ياقۇپ بەگ ( قوقان خانلىقىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنىڭ باشلىقى — بەدۆۋلەت) قەشقەر، خوتەنلەردە 50 مىڭدىن ئارتۇق دېھقاننى ئېزىپ قانلىق قىلىچىنى كەمبەغەللەر ئۈستىدە ئويناتقان دەۋرلەردە، قەشقەردە ئۆتكەن باتىز ساتارچى ئىسمىلىك ئاتاقلىق ناخشىچى 12 مۇقامنى ئۇزلۇكسىز ئېيتىش ئارقىلىق تاجاۋۇزچى ياقۇپ بەگنىڭ چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىي تېررورلۇقى ئۈستىدىن

غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلغان. ياقۇپ بەگ خەلقىنىڭ ئۆزىگە بولغان قارشىلىقىنى بېسىش ئۈچۈن بىر مەزگىل ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنى مەھكىمىسى بولغان شەرىئەتتىن پايدىلىنىپ كەمبەغەل دېھقانلارنى بېسىقتۇرۇپ، پادىشاھ، فېئودال ئاخۇن بايلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش "پەرز"، "ۋاجىپ"، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ "خوتۇنى تالاق"، "ئۆزى كاپىر" دېگەن دىنىي ئىسيانلارنى تارقاتقان. يىغىلىپ، ساز چېلىپ، نەغمە-ناۋا قىلىش، ناخشا ئېيتىش هارام، شەيتاننىڭ پەيلى دەپ كەمبەغەللەرنىڭ 12 مۇقامنى ئېيتىشىنى چەكلىگەن. شۇ چاغلاردا بائىز ساتارچى كەمبەغەل پۇقرالار، سەرگەردان يېتىمچىلەر ئارىسىدا 12 مۇقام ئارقىلىق تۆۋەندىكى شېئىر-قوشاقلارنى ئوقۇپ، ئىستىبدات هۆكۈمرانلىقنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلغان.

بەدۆۋلەت مازار بولدى،
يوقسۇللار قازا بولدى.
تەييارتاپ سۇتخورلار،
دېهقانغا بالا بولدى.

خەلق ئىچىگە كەڭ تارالغان بۇ ناخشا-مۇقاملار ياقۇپ بەگكە، شۇ زاماندىكى ئادالەتسىزلىكنىڭ تارازىسى بولغان مەھكىمە شەرئىگە قارشى ئېتىلغان ئوق بولغىنى ئۈچۈن، ۋەھشىي ياقۇپ بەگ مەھكىمە شەرئىنىڭ هۆكمى ئارقىلىق ئاتاقلىق مۇقامچى بائىز ساتارچىنى ساتارغا قوشۇپ باغلاپ، زىندانغا تاشلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بائىز ساتارچىغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلغان بۇ قانۇن قەيەردىن كەلگەن؟ ھەممىگە مەلۇم، ياقۇپ بەگنىڭ بۇ مەھكىمە شەرئىيسى 1840-يىللىرى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مۇستەملىكە قورالى سۈپىتىدە ھىندىستاندىكى ئەنگلىيە مەتبەسىدە ئەرەبچە، پارسچە ئىشلەنگەن «ئالەم گىرىيە» (پەتىۋا چىقىرىش قانۇنى) دېگەن كىتابنىڭ تارماق ماددىلىرى ئاساسىدا تەييارلانغان ۋە شۇنى ئاساس قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىپ، بائىز ساتارچىنى زىندانغا تاشلاپ ئۆلتۈرگەن. 1877-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ياقۇپ بەگنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى خانىۋەيران قىلىشقا باشلىغان. بۇ ۋاقىتتا ئامالسىز قالغان ياقۇپ بەگ كورلىدا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك كەمبەغەل دېھقانلار تۆۋەندىكى قوشاقلار بىلەن مۇقام ئاھاڭلىرىدا ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەلب خۇشاللىقلىرىنى ئىزھار قىلىشقان.

بەدۆۋلەتمۇ ئۆلۈپتۇ،
ئۆلگەن بولسا بولاپتۇ.
ئۇنىڭ ياتقان گۆرىدە،
ئىت-بۆرىلەر ھۇۋلاپتۇ.

زەھەر يەپتۇ قوتاندا،
بوگۇن ماتەم قوقاندا.
كەمبەغەللەر خۇشال بولدۇق،
ئۆرتەپ ئۇنى ئوتاندا.

(”ئۆرتەپ ئۇنى ئوتاندا“ — ياقۇپ بەگ كورلىدا زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ ئاپئاق غوجىنىڭ يېنىغا قويغان. بۇنى ئاڭلىغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ۋە ساناقسىز نامراتلار، ياقۇپ بەگنىڭ ئۆلۈكىنى گۆردىن سۆرەپ چىقىپ، ئوتۇن بىلەن ئۆرتەپ كۆيدۈرۈپ تاشلاپ خۇشاللىق مۇقام ناخشىلىرىنى ئېيتقان. بۇ مىسرا ئاشۇ ئىشقا قارىتىلغان).

خېلى ئۇزاق تارىختىن بۇيان چارروسىيە مۇستەملىكچىلىرى ئۆزىنىڭ شۇم قولىنى شىنجاڭغا ئۇزلۇكسىز سوزۇپ كەلدى. بۇنىڭغا قارشى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدا نۇرغۇنلىغان ھېكايە، تەمسىل، شېئىر-قوشاق ۋە ناخشىلار مەيدانغا چىقتى. مەسىلەن، چارروسىيە مۇستەملىكچىلىرى ئىلىنى بېسىۋالغان، 1881-يىلدىن 1888-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى خەلقىنى قوراللىق كۆچۈرۈپ كېتىشكە ۋەھشىيلىك بىلەن ئۇرۇنغان چاغدا ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى چارروسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە قىرىش-چېپىشىدىن قورقماستىن ”ئۇزھال“ مۇقامىنىڭ بەزى ئاھاڭلىرىغا «كۆچ-كۆچ» ناخشىسىنى سېلىپ ئوقۇپ، مۇستەملىكىچىلىككە، كۆچۈشكە قارشىلىق بىلدۈرگەن.

چار پادىشاھ لەشكەرلىرى،
ئالتۇن كولاپ تاش كەستى.
دېھقانلارنى كۆچ-كۆچ دەپ،
قىلىچ بىلەن باش كەستى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆچ دېسەڭمۇ كۆچمەيمىز،
ئىلى بىزنىڭ يېرىمىز.
دەھشەتلىك ئېغىر كۈندە،
تۆكۈلدى قان تەرىمىز.

خادىك هارۋىسى دەيدۇ،
ئالدى چاقى پەس ئىكەن.
چار پادىشاھ يۇرتىدا،
كۈن ئالماقمۇ تەس ئىكەن.

دېگەنگە ئوخشاش چارروسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى توقۇلغان قوشاقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ ناخشا مۇقام قوشاقلىرى ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ چارروسىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

ياپون جاھانگىرلىكى مەملىكىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ فاشىستىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان ئاشۇ يىللاردا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە، جۈملىدىن شىنجاڭ خەلقىگە ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسى يۈكلەندى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىدە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى مىڭلىغان ئونمىڭلىغان شېئىر-قوشاقلار يېزىلىپ، 12 مۇقام ئاھاڭلىرىدا ئېيتىلىپ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى چوڭقۇر ئىزھار قىلىندى. مەسىلەن، ئەمگەك بىلەن ھايات كەچۈرگەن ئاتاقلىق

ناخشىچى ۋە مۇقامچى ھەسەن تەمبۇرنى ئالساق، ئۇ ئىلى خەلق ناخشىلىرىنى رەتلەپ، سىستېمىلاشتۇرۇپ چىقىشتىن تاشقىرى يەنە ”ئاھ خەلقىم“، ”گۈلزارلىقتا قەست قىلغان ھايات كۆرمەيدۇ“ قاتارلىق ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى، ۋەتەننى مەدھىيىلەيدىغان نۇرغۇن ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلىپ ئوقۇپ، تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. جۈملىدىن مانا مۇشۇنداق قايناق ئىنقىلابىي كۈرەش ئىچىدە 12 مۇقامنى بېيىتىشتا ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان. ئۇندىن باشقا نۇرغۇن شېئىرلارغا ”ئۆزھال“، ”ئۇشاق“ قاتارلىق مۇقام ئاھاڭلىرىنى سېلىپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتا 12 مۇقامنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان.

پېشقەدەم ئاتاقلىق خەلق ئارتىسى مەرۇپ ئاكىمۇ 18 يېشىدىلا دۇتار چېلىشنى باشلاپ، 12 مۇقامنى ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن ھايات كەچۈرگەن. ئۇ 1937-يىلدىن 1942-يىلغىچە ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدە يېزىلغان دراما، كومېدىيە، كوچا تەشۋىقات ئويۇنلىرىدا ئاساسلىق روللارنى ئالغان ۋە ئالاھىدە ماھارەت كۆرسىتىپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ”ياپوننى قوغلاپ ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش“ دېگەن تېمىدا يېزىپ چىققان قوشاقلىرىنى ”ناۋا“ مۇقامىنىڭ ئاھاڭلىرىغا سېلىپ، كوچا تەشۋىقاتلىرىدا ئوقۇپ، ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


شەرقتىن بىر سادا كەلدى،
شىۋىرغان جۇت ھاۋا كەلدى.
تۇتەك باسقان ئاراللاردىن،
سېرىق شەيتان ۋابا كەلدى.

ۋابادىن دىل يارا بولدى،
بۇ دىشۋار ئەل-ئارا بولدى.
بېسىۋالغان زېمىنلارنىڭ،
خەرىتى قاپقارا بولدى.

كېتەر قىشنىڭ زېمىستانى،
ئېلىم جۇڭخۇا گۈلىستانى.
غەزەپتىن بىرلا قوزغالدى،
تۇمەنمىڭ ئىشچى دېھقانى.

چېچىپ يەنئەن ئادالەتنى،
پاچاقلاپ شۇم جاھالەتنى.
ۋەتەنپەرۋەر بولۇشقا ئۇ،
بىرەر يۈكسەك سائادەتنى.

فرونتلاردا بۈيۈك ئىنسان،
كۆرەش قىلغاچقا مىليون جان.
فاشىست قانخور ياپونلارنى،
قىلىشتى يەر بىلەن يەكسان.

ئانا ئەللىك قېرىنداشلار،
قازاق، ئۇيغۇر ۋەتەنداشلار.
ياپون قانخورنى قوغلاشتا،
مۇقام سازىڭنى تەڭ باشلا.

بۇ مەرھۇم مەرۇپ ئاكىنىڭ ۋەتەن توغرىسىدىكى قوشاقلىرىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت.

ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى يازغان «بوراندىن كېيىنكى ئاپتاپ» ناملىق سەھنە ئەسىرىدىكى شېئىرلار "چەببىيات" مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ ئورغۇن قېتىم تەشۋىق قىلىنغان. مەرھۇم ئابدۇكېرىم ئابباسوپ يازغان «پارتىزان قىزى» (ياپونغا قارشى قەھرىمان قىز) ناملىق ھېكايە سەھنىلەشتۈرۈلگەندە "ناۋا"، "ئۆزھال" مۇقام ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ تەشۋىق قىلىنغان ۋە باشقىلار.

## 5 . 12 مۇقامنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىشقا تېگىشلىك مەنبەلەر

بىز ئىشقا كىرىشىشتىن ئاۋۋال ئورغۇنلىغان پېشقەدەم تارىخىي شەخسلەر بىلەن مۇڭداشتۇق. ئاز بولمىغان پېشقەدەم ناخشىچى، سازەندىلەر بىلەن سىرداشتۇق. تارىختىن بېرى ھەرقايسى دەۋر كىشىلىرى جۈملىدىن كەڭ خەلق ئاممىسى ئاساسىدا ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان 12 مۇقامغا دائىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي ۋەقەلەر ئۈستىدە ماتېرىيال توپلىدۇق. ئاز بولمىغان ئىجابىي ۋە سەلبىي رىۋايەتلەرنىمۇ ئاڭلىدۇق. بىر قىسىم تارىخىي كىتاب، ھەر خىل قولىيازمىلارنىمۇ كۆردۇق ھەمدە ئۇلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردۇق. مۇشۇ ئاساستا تۆۋەندىكىدەك مەنبەلەر ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز تەتقىقات ئېلىپ بېرىش لازىم دەپ قارىدۇق.

1. 12 مۇقام ئاھاڭلىرىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر يېزىلغان ۋە ئىزاھلانغان خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، چاغاتاي تىلى، ئەرەبچە، پارسچە ۋە باشقا تىللاردىكى تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە قولىيازمىلار خېلى بار. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خەلقنىڭ قولىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان 12 مۇقامغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارمۇ خېلى بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەمەلىي ھاياتىغا، 12 مۇقامنىڭ ئوبيېكتىپ قۇرۇلۇشىغا بىۋاسىتە ماس كېلىدىغان نۇقتىلاردىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن كۆپرەك ئۇچرىشىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك.

تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ يېزا قىشلاق، شەھەر رايونلاردا خەلق ئىچىدە شۇ يەرنىڭ يەرلىك نامى بىلەن ئاتىلىپ يەرلىك شىۋە بويىچە ئوقۇلۇپ كېلىۋاتقان، ھازىرقى 12 مۇقام تەركىبىگە كىرگۈزۈلمىگەن ناھايىتى كۆپ ناخشا-مۇزىكا ۋە ئاھاڭلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىن 12 مۇقامغا قوشۇلىدىغان نۇرغۇن بايلىقلارنى تېپىپ چىقىش تامامەن مۇمكىن. بۇ ھەقتە تېخى سىستېمىلىق، تەشكىللىك تەتقىقات ۋە ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلغىنى يوق.

2. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا 12 مۇقامغا دائىر 14 —

15-ئەسىرلەردىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئىجاد قىلىنغان بىرمۇنچە ئاھاڭلارنىڭ ئىسمى كۆرسىتىلگەن. لېكىن بىز بۇلارنى تېخىچە تېپىپ چىقالمىدۇق. قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئىلى، قۇمۇل، ئاقسۇ، چەرچەن قاتارلىق جايلاردىكى 70 — 80 ياشلاردىن ئاشقان بىر قىسىم پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ ئىچىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئاھاڭلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم. بۇلارنى ۋاقتىدا ئىزدەپ تېپىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. يۇقىرىقىدەك بىرقانچە ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلى بىز ھازىر ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان مۇقام ئاھاڭلىرىنى تولۇق دەپ ئېيتالمايمىز. مەسىلەن، ”ئىراق“ مۇقامىنىڭ داستان قىسمى يوق. بۇنىڭدىكى بىرىنچى قىسمى بەش داستان نەغمىدىن، ئىككىنچى قىسمى سەككىز نەغمىدىن تەركىب تاپىدۇ. ”بايات“ مۇقامىنىڭ چوڭ نەغمە قىسمى تولۇق ئەمەس. بۇنىڭ بىرىنچى قىسمى بەش نەغمىدىن، ئىككىنچى قىسمى ئالتە نەغمىدىن تەركىب تاپىدۇ. ”سىگاھ“ مۇقامىنىڭ داستان قىسمى بىلەن مەشرەپ قىسمى يوق. بۇنىڭدىكى بىرىنچى قىسمى ئون داستان نەغمىدىن، ئىككىنچى قىسمى — ”ساباھ“ (شەرق شامىلى) 15 مەشرەپ نەغمىدىن تەركىب تاپىدۇ. دېمەك يۇقىرىقى نۇقتىلاردا داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەرلىك ماتېرىياللارنى خەلق ئىچىدىن ئىزدەپ تېپىپ رەتلەپ، يۇقىرىقى مۇقامنىڭ كەم قىسمىنى تولدۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

3. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، خەلق ئىچىگە تارالغان، لېكىن بىز تېخىچە

www.uyghurkitap.com تۇيغۇر كىتاب تورى



تەتقىق قىلىپ چىقالمىغان نۇرغۇن ئاھاڭ ۋە داستانلار بار. مەسىلەن، شادىياتلار بېغى، نورۇز (يېڭى يىل)، سۇمۇرۇغ ئاۋازى، يارنىڭ بەند بولۇپ قېلىشى، تاڭ سەھەردىكى داپ ئۇسسۇلى، يىرتىلغان كىيىم، قان-تەر بىلەن ئاققان ياش، تورغاي ئاۋازى، نۇرلۇق چىراغ، شىكار ماكانى، نورۇز ئانىرى، ھەرە پەردىسى، كۆكۈل قوزغىغۇچىلار (بۇ ئامانىيساخاننىڭ "ئىشرەت ئەنگىز" مۇقامىنىڭ نەغمە، مەشرەپ قىسمى بولۇشى مۇمكىن)، باھار ئالقىشلىرى، يانتاق چېچىش، يۈسۈپ ئەخمەت (بۇ تېپىلغان بولسىمۇ تېخى تولۇق رەتلەنمىگەن) قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا يەنە 16-ئەسىردىن كېيىن ئىجاد قىلىنىپ، تېخىچە تولۇق تېپىلىپ بولمىغىنى ئۇچۇن 12 مۇقام تەركىبىگە قوشۇلمىغان ئالتە ئاھاڭ بار. (1) "سەلمەك" ئاھاڭى مەرۋايىت سىزىقى، بۇ "بايات" مۇقامىنىڭ تۆۋەن ئاھاڭىدىن ۋە "ئەجەم" مۇقامىنىڭ يۇقىرى ئاھاڭىدىن باشلىنىدۇ. (2) گەردانىيە ئاھاڭى (پىرقىراپ چۆگىلەپ ئۇسسۇل ئويناش)، بۇ ئۇشاق مۇقامىنىڭ ئاخىرى، "مۇشاۋرەك" مۇقامىنىڭ يۇقىرى ئاھاڭىدىن باشلىنىدۇ. (3) نورۇز (يېڭى يىل)، بۇ "چەببىيات" يۇقىرى ئاھاڭى ۋە "سىگاھ" مۇقامىنىڭ تۆۋەن ئاھاڭىدىن باشلىنىدۇ. (4) "گەۋشەت" ئاھاڭى (خۇشاللىق مەنزىرىسىدىكى جاسارەت)، بۇ "چارىگاھ" مۇقامىنىڭ تۆۋەن ئاھاڭى ۋە "ناۋا" مۇقامىنىڭ يۇقىرى ئاھاڭىدىن باشلىنىدۇ. (5) "ماۋرە" ئاھاڭى، (ھاياتلىق كۈرىشى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان) بۇ "ئۆزھال" مۇقامىنىڭ تۆۋەن ئاھاڭى، "ئىراق" مۇقامىنىڭ يۇقىرى ئاھاڭىدىن باشلىنىدۇ. (6) "شاھناز" (فېئودال ۋاڭ-شاھزادىلەرنىڭ

غۇرۇرىغا قارشى) ئاھاڭى، بۇ "پەنجىگاھ"نىڭ تۆۋەن ئاھاڭى، "راك" مۇقامىنىڭ يۇقىرى ئاھاڭىدىن باشلىنىدۇ. بۇلارنىمۇ داۋاملىق تەكشۈرۈپ تېپىپ، تەتقىق قىلىپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. قىسقىسى، بىز ھازىر ئېيتىۋاتقانلاردىن باشقا 12 مۇقامنىڭ ھەرقايسىسىدا يەنە ئالتىدىن 12 گىچە مۇشۇ خىلدىكى ئاھاڭلىق داستان، مەشرەپ، مەرغۇل، نەغمىلەرنىڭ بارلىقى ئېنىق. بۇنىڭدىن 12 مۇقامنى يەنە ئۇزاق مۇددەت سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ، ئىزچىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ قامۇسى بولغان 12 مۇقامنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىپ، 12 مۇقامنىڭ ئوبيېكتىپ تارىخىي قانۇنىيىتىنى ئىلمىي ئاساستا تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ھازىرقى بۇرۇلۇش دەۋرىدىكى پەنگە يۈرۈش قىلىش تەلىپىگە لايىقلىشالايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان گارمونىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشىمىز لازىم.

يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەش مەسىلە 12 مۇقام توغرىسىدىكى دەسلەپكى مۇلاھىزىمىزنىڭ بىر قىسمى، جۈملىدىن 12 مۇقامغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرقانچە تەرەپلەر ھەققىدىكى قىسقىچە تەسىراتىمىزدىن ئىبارەت. بىز بۇندىن كېيىن يەنىمۇ جاسارەتكە كېلىپ، 12 مۇقامنى توپلاش، رەتلەش، تولۇقلاش، قىسقىسى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش بىلەن ئەتراپلىق شۇغۇللىنىپ، بۈيۈك سەنئەت مىراسىمىزغا ئەبەدىلئەبەد ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# «قۇتادغۇبىلىك» ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى توغرىسىدا

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى، جۇملىدىن پەلسەپە، ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىنى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان. شۇڭا ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى دەۋردىكى مەدەنىي مىراسلىرى ئەسىرلەردىن بۇيان ئېلىمىزدە ياشاپ كەلگەن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بايلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخى بىلەن زىچ باغلانغان. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى بار. «قۇتادغۇبىلىك» مانا شۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىلىك بىر نامايەندىسى.

شىنجاڭ تارىختا دۇنيا بويىچە ئۈچ چوڭ دىن، ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسىنىڭ گىرەلەشكەن جايى. تارىخىي ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار مەنبەسى بىرقەدەر مەركەزلەشكەن، شۇنداقلا ”يىپەك يولى“نى بويلاپ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇلغان جاي. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش جۇڭگو پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1**

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىنى XI ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى، ئەدىب يۇسۇپ خاس ھاجىپ 1068-يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەن. داستان 85 باب، 13 مىڭ 290 مىسرا شېئىر ۋە ئۈچ مەدھىيە شېئىردىن تەركىب تاپقان. ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى يۇسۇپ خاس ھاجىپ 1018-يىلى بالاساغۇندا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى قەشقەردە ئېلىپ بېرىلغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىپ تاماملىغاندا، 50 ياشتىن ئاشقان، ئىلىم جەھەتتە پىششىپ يېتىلگەن ئەدىب بولۇپ، 1085-يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ قەبرىسى قەشقەردە. يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نى ھىجرىيە 462-يىلى (مىلادى 1068-يىلى) يېزىپ تاماملاپ، قاراخانىلارنىڭ خان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان قەشقەردىكى ئوردىسىنىڭ ھۆكۈمرانى ئەبۇ ئېلى ھەسەن تاۋغاچ بۇغرا قاراخانغا تەقدىم قىلغان. «قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىلار خانلىقىنىڭ 180-يىلى يېزىلىپ تاماملانغان. قاراخانىلاردا بۇ دەۋردە مەلۇم تەرەققىيات بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ۋە ئىجتىمائىي قاتلاملار ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق ھەم زىددىيەتلەر مۇرەككەپلىشىپ ئۆتكۈرلەشكەنىدى. مۇئەللىپ مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، قاراخانىلارنىڭ ئوردىسىدا "ھاجىپ" (يېقىن ۋەزىر، خاس مەسلىھەتچى) لىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇندىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەسەن بۇغراخان ۋە ئالىملار بۇ ئەسەرنى قەدىرلەپ، يۈسۈپكە ئىككىنچى قېتىم "ئۇلۇغ ھاجىپ" ئۇنۋانىنى بەرگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۆزىنىڭ ئىنتايىن مول ئىچكى مەزمۇنى ۋە جانلىق ئەدەبىي ئۇسلۇبى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىمۇ دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

2

«قۇتادغۇبىلىك» شەرق ۋە جۇڭگو تارىخىدا بىر تارىخىي دەۋرنى تەشكىل قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرى ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ مۇجەسسەم ئىنكاسى بولغانلىقى، ئىدېئولوگىيىنىڭ بىرمۇنچە مۇھىم ساھەلىرى (مەسىلەن: ئەقىل-پاراسەت، بىلىم، ئەخلاق-پەزىلەت) بويىچە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ۋە تەربىيىۋى ئىدىيىلەرنى بەدىئىي ۋاستە بىلەن نامايان قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغانلىقى بىلەن ئۇيغۇر پەلسەپە، ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بىر پارلاق نامايەندە سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئەسەر XIX ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسىنىڭ زور دىققىتىنى ئۆزىگە جەلب قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم بىر تېمىسى بولۇپ قالدى.

مەلۇمكى، "قۇت" سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى قەدىمدىن بۇيان بەخت-دۆلەت، سائادەت، تەلەي، مۇبارەك، مۇقەددەس

دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە "ئادغۇ"نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن "قۇتادغۇ"، "بەخت دۆلەت بەرگۈچى" ياكى "بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى" دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياسالغان. قەدىمكى "بىلىك" سۆزى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى "بىلىم" ياكى "ئىلىم" دېگەن مەنىدە بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن سۆزنى "بەخت-سائادەت بەرگۈچى بىلىم" دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» — قانداقتۇ ۋەقەلەرنى نەقىل قىلغۇچى بىر تارىخ، نە رايون-جاي ۋە شەهەرلەرنى تەسۋىرلىگۈچى بىر جۇغراپىيە، قانداقتۇ دىنىي كىشىلەرنىڭ ئىجتىهاتلىرىنى توپلىغان بىر كىتاب، نە هېكمەلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئاساس قىلغان پەلسەپە ۋە نە شەيخلەرنىڭ هېكمەتلىك سۆزلىرىگە تايانغان نەسىهەتنامە ئەمەس. يۇسۇپ خاس هاجىپ بەزىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك مەنسەپ ئەهلىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن بىھۇدە، مەنىسىز ئەخلاق دەرسى بەرگۈچى قۇرۇق نەسىهەتچى ئەمەس، بەلكى ئىنسان هاياتىنىڭ مەنىسىنى تەهلىل قىلغان ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت هەم دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان بىر هايات پەلسەپىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەڭ كەڭ مەنىدىكى مۇتەپەككۇر ئالىمدۇر.

بۇ كىتاب ئوتتۇرا ئەسىر شېئىرىيىتىنىڭ مەسنەۋى (ئىككىلىك شەكلى) ۋە ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان. هازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغىنى كېيىنكى چاغلاردا كۆچۈرۈلگەن ۋېنا، قاهىرە، پەرغانە نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋېنا نۇسخىسى — مىلادى 1439-يىلى، يەنى «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كېلىپ 370 يىلدىن كېيىن ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ھىرات شەھىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا. ئۇ، 1474-يىلى ئىستانبۇلغا كەلتۈرۈلگەن. 1790-يىلى ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس ھاممېر پورگىشتال ۋېناغا ئېلىپ بېرىپ، ۋېنادىكى پادىشاھلىق كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرغان (ھازىرمۇ شۇ يەردە ساقلانماقتا). XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ، ۋامبېرى ۋە رادلوف كىتابنى تۇنجى قېتىم قىسمەن ترانسكرىپسىيە ۋە تەرجىمىسى بىلەن دۇنياغا ئاشكارىلىغان.

قاھىرە نۇسخىسى — ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، جەمئىي 11 مىڭ 600 مىسرادىن ئىبارەت. بۇ نۇسخىنى قاھىرە "ھىدىۋ" كۇتۇپخانىسىنىڭ نېمىس مۇدىرى دوكتور مورىتىز 1896-يىلى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان. كېيىن تۈركىيە تىل جەمئىيىتى بۇ نۇسخىنىڭ فوتوسىنى تۈركىيىگە كەلتۈرۈپ 1943-يىلى شۇ پېتى بېسىپ چىقارغان.

پەرغانە نۇسخىسى — ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ۋە ھەممىدىن تولۇق نۇسخا بولۇپ، جەمئىي 12 مىڭ 190 مىسرادىن ئىبارەت. بۇنى تۇنجى قېتىم 1914-يىلى تاتار ئالىمى زەكى ۋەلىدى تۇغان پەرغانىنىڭ نەمەنگان شەھىرىدىن تاپقان ۋە شۇ چاغلاردا رۇس جامائەتچىلىكىگە بىر قۇر تونۇشتۇرغان. بۇ نۇسخا ئاردا بىر زامان يوقىلىپ كېتىپ 1924-يىلى ئۆزبېك ئالىمى ئابدۇراۋۇپ فىترەت تەرىپىدىن قايتا ئاشكارىلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان. 1934-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر

ئاكادېمىيىسى بۇ نۇسخىنىڭ فوتو كۆپىيىسىنى تۈركىيە تىل جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلغان. تۈركىيە تىل جەمئىيىتى 1943-يىلى بۇ نۇسخىنىڭ فوتو باسمىسىنى نەشر قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن تۈركىيە ئالىمى رېشىت رەھمەتى ئارات ئۆزۈن يىل ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، بۇ نۇسخىلارنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ تولۇقلاپ، 1947-يىلى تولۇق مەتىن (تېكىستى) نى ترانسكرىپسىيە بويىچە نەشر قىلدۇرغان ۋە 1959-يىلى ھازىرقى زامان تۈركچىسىگە قىلىنغان نەسرىي تەرجىمىسىمۇ ئېلان قىلىنغان.

بىز «قۇتادغۇبىلىك» تىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە، تارىخ ۋە دىنشۇناسلىق، دۆلەت، جەمئىيەت ۋە قانۇنشۇناسلىق، مائارىپ، ئائىلە ۋە ئەخلاقشۇناسلىق، تېبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل-ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، فولكلور، دراماتورگىيە، ھەربىي، ئىستراتېگىيە ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق، تاكتىكا جەھەتلەردە يېتىشكەن چوڭ ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىل جەھەتتە بىرمۇنچە دىئالېكتلارنى پىششىق بىلگەندىن باشقا، ئەرەب-پارس تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى. بەزى ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ زامانلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان ئوتتۇرا ئىران تىللىرىدىن سوغداق (سوغد) تىلىنى بىلەتتى.

مۇھىمى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز مىللىتىنىڭ قەدىمكى مەدەنىي مىراسلىرى ۋە خەلقنىڭ جانلىق تىلىدىن مول ئوزۇق ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتلەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بولسۇن، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق ئەدەبىياتىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ نادىر ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتالىغان.

ھەممىدىن دىققەتكە ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا شۇكى، بۇ كىتاب تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە، خانغا مەدھىيە ئوقۇپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە تۆت ئوبرازنىڭ سەممىي نەسىھەتلىرى ئارقىلىق خانغا قاتتىق تەلەپ ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن. بۇنى خانغا قارىتا بىرخىل تەنقىد دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەسىدىچى ساراي شائىرى ئەمەس، ئۆز زامانىسىنىڭ رېئال ھاياتىدىن ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدە تۇرغان ئىلغار پىكىرلىك بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ۋە ۋەتەنپەرۋەردۇر. شائىر ياشىغان دەۋرنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىسى شۇ ئىدىكى، ئىچكى-تاشقى ئۇرۇشلارغا ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىلىپ، قاراخانىلار سۇلالىسى بىرقەدەر تىنچ مۇھىتقا كۆچكەن، بولۇپمۇ ئىچكى-تاشقى سەۋەبلەر بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت گۈللىنىشكە باشلىغانىدى. بۇ مەدەنىيەتتە بىر تەرەپتىن، ئەرەب-ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرى كۈنسايىن كۈچىيىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شامان، مانى، بۇددا دەۋرلىرىدە شەكىللەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالماقتا ۋە بەلكى زور سالماقنى ئىگىلىمەكتە ئىدى. بىر تەرەپتىن تىل-يېزىق، ئەدەبىيات ۋە باشقا ساھەلەردە ئەرەب ئاسسىمىلياتسىيىسى باشلىنىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەرەب ئاسسىمىلياتسىيىسىگە قارشى كەسكىن كۈرەش مەيدانغا كەلگەنىدى.

3

بۇ دەۋردىكى ئادەملەر بىلەن بىلىمنىڭ، بىلىم بىلەن دۆلەتنىڭ، قانۇن بىلەن دۆلەتنىڭ، خەلق بىلەن قانۇننىڭ، خان بىلەن پۇقرانىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئاددىي دىئالېكتىكا ئۇسۇلى بىلەن ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

1. ”قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر“.

2. دۆلەتنى پەقەت بىلىملىك ئادەملەر روشەن قانۇن، ئېنىق بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق باشقۇرۇشى كېرەك.

3. خان، پادىشاھ، بەگلەردە ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ بولۇش-بولماسلىقى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي نورمىلىرى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشى ياكى بۇزۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك.

بۇ ئۈچ مۇناسىۋەتنىڭ بىر-بىرىگە بولغان باغلىنىشىنى بىر گەۋدە قىلىپ، ئۇنىڭ زور ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۆتكۈر تىل، يۇقىرى ماھارەتلىك كىنايە ئۇسۇلى ئارقىلىق كۆرسەتكەن. لېكىن، تارىختا ئۆتكەن بۈيۈك پەيلاسوپلاردىن پلاتون، ئارىستوتېل، فارابى قاتارلىق ئالىملارمۇ بىر گەۋدە قىلىنغان بۇ ئۈچ مەسىلىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش دۆلەتشۇناسلىق ئىلمىي سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ قويالمىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن «قۇتادغۇبىلىك» تىكى تۆۋەندىكى بىرنەچچە مىساللارنى كۆرسىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆتەيلى. مەسىلەن:

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قۇل دەپ ھېچ كىشىن.

817 كىرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

5574 سىنىڭدە پۇقرانىڭ ھەققى ئېرۇر ئۈچ،
بۇ ھەقنى ئۆتەسەن ھېچ ئىشلەتمە كۈچ.

5575 بىرى، ئۆز ئېلىڭدە كۈمۈشنى پاك ئەت،
ئەي ئىلمى كۆپ ئەرسەن، ئايارىن كۆزەت.

5576 بىرى، توغرا قانۇننى خەلقىڭغە بەر،
بىرىن-بىرى ئەزمەكنى ئەلدىن كۆتەر.

5577 ئۈچىنچى، ئىمىن قىل پۇتۇن يوللىنى،
يوقاتقىن قاراقچى ۋە ئوغرىلىنى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى ئىدىيىسى قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئاساسىي مەسىلە ئىدى. شۇڭا، «قۇتادغۇبىلىك» قانۇن بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى، دۆلەتنى ئادىل قانۇن ئارقىلىق

باشقۇرۇشنىڭ تەلىماتى سۈپىتىدە هازىرغىچە نامايان بولماقتا. مۇنداق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ”يۈسۈپ خاس هاجىپ“ ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ بۈيۈك سەردارى سۈپىتىدە دۆلەتشۇناسلىق مەسىلىسىگە ئائىت يۇقىرىقىدەك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان

يۈسۈپ خاس هاجىپ كىشىنى قايىل قىلىدىغان بۇ قانۇن ئىدىيىسىنى بۇنىڭدىن مىڭ يىلچە ئىلگىرىكى ئاشۇ تارىخىي شارائىتتا ”قانۇن ئالدىدا هەممە ئادەم باراۋەر“ دېگەن هۆكۈمنى ئۆز خاقانى ئالدىدا، خەلقى ئالەم ئالدىدا تەنتەنە بىلەن جاكارلىغان. شەكسىزكى، قانۇن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى بىرخىل ۋاستە. يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ قانۇن ئىدىيىسىدە ھەممىدىن مۇھىم ئورۇننى تۇتىدىغان ئامىل ئىجتىمائىي ئادالەتنى ۋە ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنى ئادىل قانۇن بويىچە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئەينى چاغدا ئىجرا قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، قانۇن ئالدىدا هەممە ئادەم باراۋەر دېگەن هۆكۈمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ”قانۇن هۆكۈمداردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، هۆكۈمدار هەرقانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغى قانۇندۇر. ھەممىدىن ئۇلۇغى قانۇننىڭ ئادىل تەتبىق قىلىنىشىدۇر“. لېكىن، تارىختا ئۆتكەن ئاتاقلىق پەيلاسوپلاردىن پلاتون، ئارىستوتىل، فارابى قاتارلىقلارنىڭ مۇشۇ مەسىلىدىكى كۆزقاراشلىرى يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ كۆز قاراشلىرىغا زىتتۇر. قىسقىسى، يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ بىلىملىك ئادەملەرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشى بىلەن

بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى ئەمەلىي ھادىسىلەر بىلەن باغلاپ تەپسىلىي چۈشەندۈرگىنىگە قارىغاندا، ئادالەت، قانۇن، دۆلەت ھاكىمىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ تەلىپىگە يارىشا توغرا ھەل قىلالىغان.

4

ئىلىم-پەنگە موھتاج بولۇۋاتقان ھازىرقى زامان ئەللىرى 20-ئەسىرگە كەلگەندە ئۆز دۆلەتلىرىنى بىلىملىك كىشىلەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنى بىلىم ئۈستىگە قويماقتا. شۇڭا، بۇنداق سۆزلەرنىڭ ھازىر ئېيتىلىشى ئانچە ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، ئالىم شۇ تارىخىي دەۋر ئىلىم بىلىمنىڭ قەدىر-قىممىتى ھەققىدىكى پىكىرلەرنى تۆۋەندىكى بېيىتلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ:

2603 ئەي ئەقلى تولۇق ئەر، بىلىملىكنى بىل،
بىلىملىك كىشىنى سەن ئەل چوڭى قىل.

208 پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپئى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

313 بىلىم بايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى بېيىتلەر ئارقىلىق ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىنىڭ نامايەندىسى بولغان ئىلىم-پەن، مەدەنىيەتنىڭ رولى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىگە يۈكسەك باھا بېرىپ، بىلىم ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى بەدىئىي ماھارەت بىلەن نەزمىيلەشتۈرگەن. شائىر بارلىق قەدىر-قىممەت، ئىززەت ۋە ھۆرمەتنىڭ بىلىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى؛ نادانلىقنىڭ، بىلىمسىزلىكنىڭ كىشىلەر يىرگىنىدىغان قەبىھ نەرسە ئىكەنلىكىنى، بىلىمنى جەمئىيەت ۋە خەلق ئۈچۈن ئىشلەتمىسە، ئۇ خۇددى سايىنىڭ تېشىغا ئوخشاش قەدىرلەنمەيدىغانلىقىنى؛ گويا ئىپار ئۆزىنىڭ خۇش پۇرىقىنى يوشۇرالمىغىنىدەك، بىلىمۇ ئۆزىگە خاس نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بەخت-سائادەت مەنبەسى ئىكەنلىكىنى تەكرار سۆزلىگەن. بۇنىڭدىن مىڭ يىلچە ئىلگىرى بۇنداق ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىلمىي سۆزلەرنىڭ ئېيتىلىشى كىشىلەرنى بى ئىختىيار تەپەككۇر قىلىشقا ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، ئىنسانلار ئۇزۇن زامانلار داۋامىدا سانسىز ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، ئىدىيىۋى تەربىيە جەھەتتىن دۇچ كەلگەن بوران-چاپقۇنلار نەتىجىسىدە، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەنئەنىلىرىنى، جۈملىدىن تارىخىي، ئىلمىي، مەدەنىي مىراسلىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرۇشنىڭ يولىنى بىلىم ۋە بىلىم بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشتىن تاپقان. شۇڭا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان سەۋەبلەرنى بىلىم-مەدەنىيەت دەپ ھېسابلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆز خەلقىگە بىلىملىك بولۇشىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپلا قالماستىن، دۆلەت باشقۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ بىلىملىك بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. بولۇپمۇ، بىلىملەر ئىچىدە ھەندىسە (گېئومېتىرىيە)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ماساھە (يەر يۈزىنى ئۆلچەش ئىلمى)، ھېساب، ئەدەبىيات ۋە باشقا ھەر خىل تىل ئىلمى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلغان. ئەگەر ھۆكۈمرانلار بۇ ئىلىملەرنى ئۆگەنمىسە، بىلىملىك بولمىسا، دۆلەتنى ئادىل باشقۇرالمايدۇ، خەلقنى بەخت-سائادەتكە ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ، دەپ كۆرسەتكەن.

ئۇ يەنە ئۆگىنىشكە تېگىشلىك دەپ سەييارىلارنىڭ ئورۇنلىشىشىنى كۆرسىتىشتىن تاشقىرى، ئالەم بوشلۇقىنى 12 بۇرجقا بۆلىدۇ.

مەسىلەن: 1-قۇۋى (ھەمەل)، 2-ئود (سەۋر)، 3-قۇچىق (ئەسەد)، 4-ئەرەنتىر (جەۋزا)، 5-ئارسلان (سۈنبۇل)، 6-بۇغداي بېشى (سەرەتان)، 7-ئولگى (مىزان)، 8-چادال (ئەقرەپ)، 9-يا (ھوت)، 10-ئوغلاق (قەۋس)، 11-كۆنەك (جەدى)، 12-بېلىق (دەلۋە).

بۇ 12 بۇرجنى ئۇچتىن تۆتكە ئايرىپ چىقىدۇ:

> 142 ئۈچ يۇلتۇز باھارنىڭ، ئۈچى يازغىدۇر،
> قىشنىڭدۇر ئۈچىسى، ئۈچى كۈزگىدۇر.

دېيىش ئارقىلىق ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت تۆت پەسىلنى ئايرىيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى مەدرىس پەلسەپىسى ۋە كېيىنكى بەزى پەيلاسوپلارنىڭ "مۇتلەق روھ" پەلسەپىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئادەمنىڭ بىلىملىك بولۇشى تەقدىرگە باغلىق ئەمەس، ئادەم ئانىسىدىن بىلىملىك بولۇپ تۇغۇلمايدۇ، قورساقتىن بىلىملىك قىلىپ بالا تۇغىدىغان ئانىمۇ مەۋجۇت ئەمەس، ئادەمنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئەقىل دېڭىزى ئىكەنلىكىنى شەرھلىگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۆلەت ئىشىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدىغان دىپلومات خادىملارنىڭ بىلىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، دىپلوماتىك ئەلچىلەرنىڭ دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە بولغان تەسىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۆۋەندىكى بېيىتلەردە بايان قىلغان:

2633 ئۇ بىلسۇن ھېساب ۋە گېئومېترىنى،
كەسىر ھەم يەر ئۆلچەش ئىلىملىرىنى.

2636 پۈتۈن تىلدا سۆزلەشنى بىلسۇن تىلى،
پۈتۈن خەتنى ئوقۇسۇن، پۈتۈسۇن قولى.

2634 يەنە دامكا-شاھماتنى ئۇ بىلسۇن خوپ،
ئويۇنغا چۈشكۈچىنى ئالسۇن ئۇتۇپ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى ياشىغان شۇ ئەسىردىكى "نام ئەلاچىلىقى" ئېقىمدىكىلەرگە ئوخشاشلا، خۇداغا ئېتىقاد قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نۇقتىئىنەزىرىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ماتېرىيالىزملىق خاھىشقا ئىگە ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆز ئەسىرىدىكى بىرقانچە بېيىتلەردە ھاياتنىڭ ماددىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، ماددىي دۇنيا بولمىسا ھاياتنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن: ئۇ ھاياتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى «تۆت خىل ماددا» (تۆت تادۇ) نىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا باغلىق دەپ قۇياش مەركەز سىستېمىسىنى كۆرسىتىپ، بۇ جەرياندا تەپەككۇر قىلىش، بىلىش ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىياتى بويىچە بىلىملىك بولۇپ يېتىشىدۇ، بىلىمنى ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش ئارقىلىق ئىگىلىگىلى بولىدۇ، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

## 5

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئەخلاق ئىنساننىڭ قىممەتلىك پەزىلىتىدۇر» دېگەن ئىنسانپەرۋەرلىك مەسىلىسىگە دائىر پەلسەپىۋى كۆز قارىشى «قۇتادغۇبىلىك» تە خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ.

مۇئەللىپنىڭ قارىشىچە، كىشى شۇنداق توغرا بولۇشى كېرەككى، ئىچى-تېشى ئوخشاش بولۇپ مۇناپىقلىق قىلمىسا، خەلققە خىيانەت قىلماي يامان ئىشلاردىن يىراق، ئاق كۆڭۈل بولسا، خەلق ئالدىدا يۈرىكىنى ئالقىنىدا تۇتۇپ، مانا مېنىڭ يۈرىكىم دەپ خەلققە كۆرسىتەلىسە، يەنى ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ پاك يۈرىكىنى خەلققە كۆرسىتەلىسە، شۇ چاغدا سەن ئەخلاقلىق ھەقىقىي ئادەم! ھەقىقىي ئەخلاق چوڭقۇر ئەقىلدىن كېلىپ چىقىدۇ، دەيدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» قەدىمىي ۋە يۈكسەك مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەدەبىي مىراسى. ئۇ، ئەدەبىي ئەسەر بولۇش بىلەن بىللە ھەم تارىخ، ھەم پەلسەپە، ھەم "سىياسەتنامە" ياكى دۆلەتشۇناسلىق، ھەم ئىجتىمائىي تەلىم-تەربىيە، شۇنداقلا ئۇزاق ئۆتمۈش ھايات بىلەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى رېئال ھاياتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن سىستېمىلىق بىر ئىلمىي ئەسەر. شۇڭا ئۇ ئۇيغۇر تارىخىنى، بولۇپمۇ قاراخانىلار سەلتەنىتى تارىخى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىنى، قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ پەلسەپە، قانۇن، ئېتىكا، تەلىم-تەربىيە، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

بەزى ئالىملار بۇ ئەسەرنى "تېخى قول تەگمىگەن ئابىدە" دەپ قارايدۇ، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا «قۇتادغۇبىلىك»نى داۋاملىق تەتقىق قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئېلىمىزدىمۇ، «قۇتادغۇبىلىك» دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى مۇھىم نۇقتىلىق ئىلمىي تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. جۈملىدىن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيەتلىرى مۇھىم نۇقتىلىق تەتقىقات تېمىسى قىلىپ تۇتۇۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەرگە "شاكىلىنى تاشلاپ، جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش"تىن ئىبارەت تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ مەدەنىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش پرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ يېڭى باھارى

ئىلىم-پەنگە يۈزلىنىش قىلىنغان 80-يىللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى — «بۇلاق» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان تارىخي ئەھمىيەتلىك ئىش. ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا بېسىلغان بىر دادىل قەدەم.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەتچىلىرىنىڭ 4-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا، يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن نەزىرىيە، ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتىن ئېنىق قائىدىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىز كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشتا مۇشۇ قائىدىنى قىبلىنامە قىلىمىز.

مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس فېڭ جياشېڭ: "شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇ تارىختا مەدەنىيەت رايونى بولۇپ كەلگەن" دەپ كۆرسەتكەن. بىز مۇشۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئاساسىدا، قەدىمكى زامان، يېقىنقى زامان كلاسسىك ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىمىزنى سىستېمىلىق ھالدا تەتقىق قىلىپ، زامانىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، كونىدىن يېڭىنى يارىتىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ياخشى خىزمەت

قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

مەملىكىتىمىز يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. ئىلىم-پەن تەتقىقات خىزمىتىمۇ يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويدى. پۈتۈن خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يۆتكەلدى. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش — ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى. "مەدەنىيەت رايونى" ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى. كۆمۈلۈپ ياتقان مول ۋە قىممەتلىك بايلىقنى خەلققە تەقدىم قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. بىز چوقۇم "مەدەنىيەت رايونى"نى يېڭى دەۋرنىڭ مەدەنىيەت گۈلزارىغا ئايلاندۇرالايمىز.

بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشتىكى مەقسىتىمىز-پرولېتارىياتنىڭ باي، جەڭگىۋار مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قاراپ يۈرۈش قىلىش داۋامىدىكى ئۇلۇغ كۈرىشىنى، خەلقنىڭ تارىختىكى ئۇلۇغ رولىنى، بايلىق يارىتىشتىكى ئىجادىي روھىنى ئىلمىي ئاساستا ئەكس ئەتتۈرۈش؛ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن شۇ مەقسەت ئۈچۈن ئەينەك سۈپىتىدە پايدىلىنىش.

لېنىن «ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ۋەزىپىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە "پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئاللىقانداق نامەلۇم جايلاردىن كېلىپ چىققان نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا ئۆزلىرىنى پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەر

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى



تەرىپىدىنلا ئويلاپ چىقىرىلغان نە سىمۇ ئەمەس، شۇنداق دەپ ھېسابلاش پۈتۈنلەي خاتا. پرولېتارىيات مەدەنىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتى، فېئودالىزم جەمئىيىتى ۋە تۈرلەر جەمئىيىتىنىڭ زۇلمى ئاستىدا يارىتىپ چىققان پۈتۈن بىلىم زاپاسلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇشى كېرەك" دەپ كۆرسەتكەن.

مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش — يېڭى ئەدەبىيات-سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبىيېكتىپ قانۇنىيىتى.

يولداش ماۋ زېدۇڭ: "بىز بارلىق ئېسىل ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەنقىدىي يوسۇندا قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز زامان، ئۆز ماكانىمىزدىكى خەلق تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئەدەبىيات-سەنئەت خام ئەشيالىرىدىن ئەسەرلەر يارىتىشتا ئەينەك قىلىشىمىز لازىم" دېگەنىدى.

ۋەتىنىمىز جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ بىر دۆلەت، مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرى مول ۋە رەڭگارەڭ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ۋەتىنىمىزدىكى قىممەت باھالىق ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمۇ ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان قىممەت باھالىق بايلىقتۇر. بىز ئۇچۇن نۇرغۇنلىغان ئېسىل مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن، مەشھۇر

مۇتەپەككۇر، شائىر، ئالىملىرىمىز ئىلىمىزنىڭ باشقا ئاتاقلىق ئەدىبلىرى بىلەن بىر قاتاردا دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ ئالاھىدە چوڭ شۆھرەت قازىنىپ كەلمەكتە. ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى تارقىلىپ كېلىۋاتقان «ئوغۇزنامە»، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك» كە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئۆلمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئەسەرلىمىز بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ.

مانا بۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان بەدىئىي، ئىلمىي، نەزىرىيىۋى ئەسەرلەردە، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى رېئال ھايات، غايە-ئىدىيە، قانۇن نەزىرىيىلەر چوڭقۇر چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مول بەدىئىي ئىستىداتىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتكەن. كىشىلەر قەدىمكى دەۋردىكى مۇتەپەككۇر شائىرلىرىمىزنىڭ تارىخىي ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلىرىنى قانچە ئوقۇسىمۇ زېرىكمەيدۇ. سەۋەبى، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىلمىيلىققا ئىگە ئىكەنلىكىدە؛ شۇ زامان، شۇ ماكاندىكى ئىجتىمائىي ھاياتنى چىنلىق بىلەن تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەنلىكىدە.

ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزۇن تارىخىي جەريانىدا بارلىققا كەلگەن، ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۈرىشى بىلەن زىچ باغلانغان نۇرغۇنلىغان ئەپسانە، رىۋايەتلىرى بار. تارىختىكى زور ئۆزگىرىشلەر، زور يېڭىلاش ھەرىكەتلىرىدە نۇرغۇن قەھرىمان شەخسلەر، مۇتەپەككۇرلار، شائىرلار، پەيلاسوپلار، تارىخشۇناسلار، ئەدەبىيات-سەنئەت ئالىملىرى مەيدانغا كەلگەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ تارىخىي دەۋرلەردە مەلۇم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىلغار روللارنى ئوينىغان. بىز ئۇلارغا تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى بىلەن مۇئەييەن تارىخىي باھا بېرىشىمىز كېرەك.

ماركس 1844-يىلى يازغان «ئىقتىسادىي ئىلىم پەلسەپىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: "ئىنسان ئىلمى"نى ئوتتۇرىغا قويغان. "ئەدەبىيات ئىنسان توغرىسىدىكى پەن" دەپ كۆرسەتكەن. ماركس ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان "ئىنسان ئىلمى"نى تارىخ ئىلمى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن بىۋاسىتە باغلىغان.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقات خىزمىتى — يېڭى دەۋردىكى پەنگە يۈزلىنىش قىلىنىۋاتقان يېڭى ئادەملەرنىڭ، ھەرقايسى سەپلەردە جەڭ قىلىنىۋاتقان قەھرىمانلارنىڭ روھىي ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز ئىلىم-پەنگە يۈزلىنىش قىلىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت گۈلزارىنى يارىتىشتا ئۈچ چوققىغا چىقىشىمىز كېرەك. بۇ ئىدىيە-نەزەرىيە چوققىسى، ئىلىم-پەن چوققىسى، ئەدەبىيات-سەنئەت چوققىسى. بۇ ئۈچ چوققىغا يېتەلمىسەك، تۆتتە زامانىۋىلىشىش بىر قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

80-يىللار ئەدەبىيات-سەنئەت ئىلمىي تەتقىقاتى بويىچە يېڭى چوققىغا قاراپ قەدەم تاشلىشىمىزنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى قەدىمكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تونۇشى ۋە تەتقىقات ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ راۋاجلىنىش سەۋىيىسىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، 11-ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئالىم، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەشھۇر مۇتەپەككۇر، تىلشۇناس مەھمۇد

قەشقەرى، 13-ئەسىردىكى ئاتاقلىق شائىر ئەخمەت يۈكنەكى، 15-ئەسىردىكى مەشھۇر شائىر نەۋائى، لۇتفى... 17-، 18-ئەسىرلەردە ياشىغان زەلىلى، خىرقىتى، نوبىتى، نازارى قاتارلىق ئەدىبلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتىمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ ھەقتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان. بىز بۇ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىز ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىمىزنى تېخى ئەستايىدىللىق بىلەن سىستېمىلىق ھالدا ئېلىپ بارالمىدۇق.

لىن بياۋ، ”تۆت كىشىلىك گورۇھ“ فاشىستىك دىكتاتۇرا يۈرگۈزگەن يىللاردا بىزنىڭ بۇ خىزمىتىمىز ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالدى. نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك بايلىقلىرىمىز يوقالدى، تەتقىقاتچىلىرىمىز كاردىن چىقىرىلدى. بىز بۇ ئېچىنىشلىق تەجرىبە-ساۋاقنى ئەستە مەھكەم تۇتۇشىمىز، بۇ ساھەدىكى ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىمىزدە سولدىن ياكى ئوڭدىن كېلىدىغان ھەرخىل كاشىلىلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۆتمۈشتىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ماركسىزمنىڭ تارىخىي نۇقتىئىنەزىرى بويىچە كۆپلىگەن پاكىتلىق ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، كونكرېت ۋە تارىخىي رەۋىشتە تەھلىل، تەتقىق يۈرگۈزۈشىمىز لازىم. لىن بياۋ، ”تۆت كىشىلىك گورۇھ“نىڭ فاشىستىك دىكتاتۇرىسى ھۆكۈم سۈرگەن ئون نەچچە يىلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئازادلىقتىن بۇيانقى 30 يىل جەريانىدا پارتىيە رەھبەرلىكىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەدەبىي مىراسلارنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش جەھەتلىرىدە بەزى خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ بۇ مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىش، تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىز تېخى تولۇق بولمىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ۋە خۇسۇسىيىتىنى تونۇش ۋە يەكۈنلەش — سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇنىڭدەك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ماركسىزملىق ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى بېيىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن بىز قەدىمكى زامان ئەدەبىي سەنئەت مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا، ئەلۋەتتە ماركسچە مەيدان، كۆز قاراش ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئۇنىڭدىن ئىلمىي يەكۈن چىقىرىپ، ئەدەبىي مىراسلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. بۇ يەردە ئۇنى سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىيات-سەنئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمۇ سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ليودۋىگ فېيرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» دېگەن ئەسەرلىرىدە تامامەن تارىخىي ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىپ چىققان. ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى "قەدىمكى" بولغانلىقى بىلەن ئۇ ماركسىزمنىڭ مۇھىم كلاسسىك ئەسەرلىرى قاتارىغا كىرەلمەيدۇ قالغىنى يوق. ئىلمىي تەتقىقات ئوبيېكتى جەھەتتىن ئېيتقاندا، "قەدىمكى" بىلەن "ھازىرقى"نى مۇناسىۋەتسىز دەپ قاراش، ئەمەلىيەتتە بىرخىل

مىتافىزىكىلارچە كۆز قاراش ياكى تارىخنى ئىنكار قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا تەتقىقات خىزمىتى ئېلىپ بېرىشتا، بىزدە تەكرار ئۆگىنىش، يۈكسەك ئىلمىي تەلەپچانلىق پوزىتسىيىسى بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا قەدىمكى زامان كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشتا بىر ھەقىقىي ئىلمىي يول ئېچىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايمىز.

"تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" يوقىتىلغاندىن كېيىنكى بۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە مەملىكىتىمىزنىڭ جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ ئىلىم-پەن، تەتقىقات، ئەدەبىيات-سەنئەت مۇنبىرىدە جانلىنىشلار بارلىققا كەلدى. "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ بۇ ساھەدىكى جىنايەتلىرى ئېچىپ تاشلاندى، جەمئىيەتتە ياخشى كەيپىيات يارىتىلدى. مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەتتە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى خادىملارنىڭ ئالدىغا يېڭى، ئورۇنلىمىسا بولمايدىغان جەڭگىۋار ۋەزىپىلەر كەينى-كەينىدىن قويۇلماقتا. 2000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى تۇپلىنىپ كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى، ھازىرقى ئادەملەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى يوقىلىش ئالدىدا تۇرغاچقا بىزنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشىمىزنى كۈتمەكتە. . .

ھازىرقى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بېيىتىش، يېڭىنى يارىتىش خىزمەتلىرى ئىنتايىن جاپالىق، سەۋر-تاقەت، چىدام-غەيرەت ۋە پۇختىلىق، جاۋابكارلىق، قىسقىسى ئىنقىلابىي روھ ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. ئىشىنىشكە

www.uyghurkitap.com



بولىدۇكى، بارلىق تەتقىقات خادىملىرىمىز، كەڭ ئامما پارتىيە رەھبەرلىكىدە زىچ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغانلا بولساق كلاسسىك ئەدەبىيات-تەتقىقات خىزمىتىدە چوقۇم زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يېڭىدىن-يېڭى تۆھپىلەرنى قوشالايمىز.

كلاسسىك ئەدەبىيات-تەتقىقات خىزمىتىدە قولىدىن ئاز-تولا ئىش كېلىدىغان يولداشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىلىم-پەن بۇلاقلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىمىز. «بۇلاق» قايناپ-ئېتىلىپ ئېقىپ تۇرسۇن، يېڭى دەۋرىمىز ئۈچۈن مول مېۋە بەرسۇن! . . .

# فاشىزمغا قارشى جۇڭگو ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق ئۇتۇقلىرى

ئىنسانىيەت مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە ئىككى قېتىملىق دۇنيا
ئۇرۇشىنى بېشىدىن كەچۈردى، بۈگۈن پۈتۈن دۇنيا 2-دۇنيا
ئۇرۇشىدا فاشىزم ئۈستىدىن قىلىنغان غەلىبىنىڭ 50 يىللىقىنى
خاتىرىلىمەكتە. بۇ 50 يىل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزاق
ئەسىرلىك تارىخىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى قىسقا بىر
مۇساپە. بۇ ئۇرۇشنىڭ قارا تۇتەكلىرى پەيدا قىلغان چوڭقۇر يارا
ئىزلىرى ئادەملەرنىڭ ئېڭىدا تېخى تونۇگۈنلا بولۇپ ئۆتكەن
ئىشتەك ساقلىنىپ تۇرماقتا.

## 1

دۇنيا خەلقى بۇ ئۇرۇشنىڭ بالايىئاپەتلىك يىللىرىدا ئۆز
تەقدىرىنىڭ ناھايىتى مۇشكۈل بىر دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۆزدى.
مانا بۇ تارىخىي رېئاللىق ئۇرۇش ئوتى يامراپ كەتكەن
مەملىكەتلەردە بەدىئىي ئەدەبىيات ئەينى زاماندا يورۇتقان ۋە
ئۇرۇشتىن كېيىنكى كۆپ ۋاقىتلارغىچە يورۇتۇپ كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاساسىي تېما بولۇپ قالدى. 2-دۇنيا ئۇرۇشى تېمىسى بويىچە يارىتىلغان دۇنياۋى ئەدەبىيات تېما، تېماتىكا دائىرىسى، مەزمۇن كۆلىمى ھەم چوڭقۇرلۇقى، ژانىرلار تەرەققىياتى، بەدىئىي، تەربىيىۋى رولى، ئۆزئارا تەسىرى، بەدىئىي مەھسۇلاتلىرى ۋە سەۋىيە دەرىجىسى بويىچە دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ ئاجايىپ شانلىق بىر سەھىپىسىنى ھاسىل قىلدى.

خەلقچىل، ئىنسانپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار ئەدىبلەر تارىختىن بۇيان ئىلغار ئىنسانىيەت بىلەن تەقدىرداش بولۇپ، ئۆز ۋەتىنى، ئۆز خەلقىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، خەلقىگە، ۋەتىنىگە، جۇملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بەخت، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئىزدەپ كەلگەن. تارىختا ئۆتكەن ئەكسىيەتچىل كۈچلەرگە، ئەكسىيەتچىل ئىدىيىۋى ئېقىملارغا، ئىجتىمائىي ئادەلەتسىزلىكلەرگە، زۇلۇم-زورلۇققا قارشى چىققان. زوراۋان ۋە قارا كۈچلەرنى پاش قىلغان، ئۇلارغا زاۋاللىق تىلەپ، خەلققە ھېسداشلىق قىلغان. ياۋروپا ھەم ياپونىيىدە فاشىستىك ئىدىيىلەر ۋە فاشىستىك سىياسىي كۈچلەر پەيدا بولۇشى بىلەنلا دۇنيانىڭ ئىلغار يازغۇچىلىرى ئۇلارغا جىددىي دىققەت قىلغان، فاشىزمنىڭ ئىنتايىن زوراۋان ۋە ئىنتايىن ئەكسىيەتچىل سىياسىي ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغانلىقىنى، دۇنيانى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىش خەۋپىنى تونۇپ يەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۆز ئىجادىيەتلىرى ۋە ئەدەبىي، ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق فاشىزمغا قارشى تۇرغان، دۇنيا خەلقىگە ئۇنىڭ ماھىيىتى بىلەن خەۋپىنى تونۇتۇشقا تىرىشقان. 1935 — 1937-يىللىرى پارىژ ۋە

لـونـدون قـاتـارلىق جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن پۈتۈن دۇنيا ئىلغار يازغۇچىلىرىنىڭ فاشىزمغا قارشى يىغىنلىرى بۇ نۇقتىنى ئېنىق كـۆرسـىتـىـپ بېرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، دۇنيا ئىلغار يـازغـۇچىلىرىنىڭ فاشىزمغا قارشى تېمىلاردا ئەسەر يېزىشى ۋە فاشىزمغا قارشى پائالىيەتلىرى 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدىكى يـىـلـلاردىـلا باشـلانغان. فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىيات ئـۇرۇشنىڭ ئالدىدىلا بىخلىنىپ چىققانىدى. دۇنيادىكى ئىلغار يازغۇچىلارنىڭ بۇنداق سىياسىي سەگەكلىكىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ئـارقا كۆرۈنۈشى بار، ئەلۋەتتە، 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، روسـىـيـىـدە ئـۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قـىـلـىـشى، بۇنىڭ تەسىرى بىلەن ياۋروپا ئەللىرىدە ئىشچىلار هـەرىـكـىـتـىنىڭ ئەۋج ئېلىشى، كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ ئـارقـا-ئـارقـىـدىـن قـۇرۇلـۇشـى، جاهانگىر مەملىكەتلەردىكى پرولـېـتـارىـياتنىڭ بىرقانچە قېتىملىق قوراللىق قوزغىلىڭى، مەسىلەن، 1918 — 1919-يىللىرى فىنلاندىيە، ۋېنگرىيىدە ۋە گـېـرمـانىيىنىڭ باۋارىيە رايونلىرىدا يۈز بەرگەن ئىشچىلارنىڭ قـورالـلـىـق قـوزغىلىڭى، 1920-يىلى ئىتالىيىدە يۈز بەرگەن ئىشچىلارنىڭ زاۋۇتلارنى، دېهقانلارنىڭ پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرىنى تـارتـىـۋېلىش هەرىكىتى، 1919 — 1920-يىللىرى ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردە يۈز بەرگەن ئىشچىلارنىڭ سـوۋېـت روسـىـيىسىنى قوللاش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان زور كۆلەملىك ئىش تاشلاشلىرى، 1918-يىلى ياپونىيىدە يۈز بەرگەن ئاچ قالغان پۇقرالارنىڭ گۈرۈچ بۇلاش هەرىكىتى، 1918-يىلىدىكى گېرمانىيە نويابىر ئىنقىلابى، 1919-يىلى باشلانغان چاۋشيەننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ياپون مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى، ھىندىستاندىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈشى، تۈركىيە كامال ئىنقىلابى، مىسىرنىڭ مۇستەقىللىق ھەرىكىتى، جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشى، ئەفوپىيىنىڭ ئىتالىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشى، ئىسپانىيىنىڭ فاشىزمغا قارشى مىللىي ئىنقىلابىي ئۇرۇشى قاتارلىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ۋە كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ فاشىزمغا قارشى ئاكتىپ تەشكىلاتچىلىق ۋە تەشۋىق تەرغىباتچىلىق پائالىيەتلىرى قاتارلىق ھەرىكەتلەر دۇنيا يازغۇچىلىرىنى فاشىزمغا قارشى ئىلغار ئىدىيىلەر بىلەن قوراللاندۇردى.

ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مادارچىلىق پوزىتسىيىسى سەۋەبىدىن ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىشىنى چەكلەپ قىلىش مۇمكىن بولمىدى، ئۇلار ياۋروپادىكى بەزى ئەللەرنى گېرمانىيىگە سېتىۋېتىش يولى بىلەن گېرمانىيىنى سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشقا قىزىقتۇرماقچى بولدى. دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىشنىڭ ھارپىسىدىلا ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە جاھانگىرلىرىنىڭ يول قويۇشى، ھەتتا ھەمكارلىشىشى بىلەن گېرمانىيە 1938-يىلى 3-ئايدا ئاۋستىرىيىنى يۇتۇۋالدى، ئارقىدىنلا گىتلېر فاشىستلىرى پولشىدا تىنچ ئاھالىنى ۋەھشىيلەرچە قىرغىن قىلدى، پۈتۈن ئۇرۇش مەزگىلىدە پولشىدا ئۆلتۈرۈلگەن پولەكلەر 6 مىليوندىن ئاشتى، بۇ پۈتۈن ياۋروپادا

گىتلېر فاشىستلىرى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان يەھۇدىيلارنىڭ ئومۇمىي سانىغا باراۋەر كېلىدۇ. ئۇرۇشنىڭ بۇ باسقۇچىدا گېرمانىيە فاشىستلىرى دانىيە، نورۋېگىيە، بېلگىيە، ليۇكسېمبۇرگ، گوللاندىيە، ئارقىدىن فرانسىيىنىڭ ئۆزىنى بېسىۋالدى، ئۇرۇشنىڭ تىغ ئۇچىنى غەربكە قارىتىپ، بېرىتانىيە ئۇرۇشىنى قوزغىدى. گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ تەھدىتى بىلەن ۋېنگرىيە، رومىنىيە، بولغارىيە، يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەر فاشىستىك ئىتتىپاقىغا قاتناشتى، ئەمما يۇگوسلاۋىيىدە سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇپ، گېرمانىيىپەرەس ھۆكۈمەت ئاغدۇرۇپ تاشلانغاچقا، گېرمانىيە قوشۇنلىرى 1941-يىلى 4-ئايدا يۇگوسلاۋىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 1941-يىلى 6-ئاينىڭ 22-كۈنى فاشىستلار گېرمانىيىسى 190 دىۋىزىيە ئەسكەر، 3700 دىن ئارتۇق تانكا، 5000 ئايروپىلان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەڭ كۆلەملىك تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىدى. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىزمنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىگە كىردى.

فاشىستلار گېرمانىيىسى ئۆزىنىڭ تۆمۈر چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان مەملىكەتلەردە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋاقىتىنچە قولدىن كەتكەن زېمىنىدا فاشىستىك ۋە مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى، بۇ مەملىكەتلەرنىڭ زېمىن ئىگىلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىنى غالجىرانە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، قولىغا چىققانلىكى نەرسىنى گېرمانىيىگە توشۇپ كەتتى، بۇ مەملىكەتلەرنىڭ خەلقىنى ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئۇلارنى قۇل قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


مىللەتچىلىك سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، بۇ خەلقلەرنى قىرغىن قىلدى، خورلىدى ھەمدە جازا لاگېرى، يىغىۋېلىش ئورنى، كانلار ۋە ھەربىي زاۋۇتلاردا ئاپتومات ئاستىدا ئىشلەتتى، قېرىلار، ئاياللار ۋە باللارنىڭ تۈركۈملەپ ئېتىپ تاشلىنىشى بۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئۇرۇش دەۋرىدىكى رېئاللىقىنىڭ مەزمۇنى بولدى. بۇ مەملىكەتلەردىكى يازغۇچىلارنىڭ، شائىرلارنىڭ تەقدىرى، خۇددى ئەزەربەيجان شائىرى سەمەت ۋۇرغۇننىڭ "ۋەتەننىڭ قىسمىتى سېنىڭ قىسمىتىڭ!" دېگەن مىسراسىدا ئېيتىلغاندەك، ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرىدىن باشقىچە بولمىدى. ئىشغالىيەت رايونىدىكى خەلقەر يوشۇرۇن تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، پارتىزانلار ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ، فاشىست ئىشغالىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلانغاندا، شائىر، يازغۇچىلارمۇ بۇ كۈرەشنىڭ ۋە قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىق يازغۇچىلىرى ھەربىي سەپەرۋەرلىككە قاتنىشىپ، ئالدىنقى سەپكە باردى. قولىغا قورال ئېلىپ جەڭ قىلدى. ھەربىي مۇخبىر ۋە تەشۋىقاتچى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇرغۇن يازغۇچىلىرى فاشىزمغا قارشى ئالدىنقى سەپتە قۇربان بولدى. فاشىزمغا قارشى قەيسەر جەڭچى، شائىر مۇسا جەلىل، چېخ يازغۇچىسى يولىئۇس فۇچىك قاتارلىقلار فاشىستلارنىڭ تۈرمىسىدە دەھشەتلىك تۈردە قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى.

كۆلەم، چوڭقۇرلۇق ۋە سەۋىيە يېقىدىن ئېيتقاندا، ئەينى دەۋردىكى سوۋېت يازغۇچىلىرى فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇردى. ئۇلار فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا، ھەرخىل ژانىرلاردا ناھايىتى نۇرغۇن

ئەسەرلەرنى يازدى ۋە نەشر قىلدۇردى. مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى ئېلېكسېي نىكولايېۋىچ تولستوي (1883 — 1945) 1-دۇنيا ئۇرۇشى ۋە روسىيىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىچكى ئۇرۇش تېمىسىدا يېزىلغان ترىلوگىيىسى — «سەرسانلىق-سەرگەردانلىقتا» دىن كېيىن، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا «رۇس خاراكتېرى» قاتارلىق ھېكايىلەرنى ۋە «رىيازەتلىك يىللار»، «دەھشەتلىك ئىۋان» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازدى. ئالېكساندىر ئالېكساندىروۋىچ فادېيېۋ (1901 — 1956) ئىچكى ئۇرۇش تېمىسىدا يازغان «تاشقىن»، «تەتۈر ئېقىم» ناملىق پوۋېستلىرى ۋە «تارمار» ناملىق رومانىدىن كېيىن، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە ھەربىي مۇخبىر سالاھىيىتى بىلەن ئالدىنقى سەپتە يۈرۈپ، «قامال قىلىنغان كۈنلەردىكى لېنىنگراد» ناملىق ئوچېركلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى ھەم 1943-يىلدىن 1945-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەشھۇر رومانى — «ياش گۋاردىيە» نى يېزىپ چىقتى. يازغۇچىنىڭ بۇ مۇنەۋۋەر ئەسىرى ئۇرۇشتىن كېيىن 1-دەرىجىلىك ستالىن مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 1950-يىلى دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان، 1952-يىلى لېنىن تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن رۇس يازغۇچىسى ئىليا ئېرېنبورگ (1891 — 1967) نىڭ «ساداقەت» ناملىق پوۋېستى، «پارىژنىڭ قولدىن كېتىشى» ۋە «بوران-چاپقۇن» ناملىق رومانلىرى سوۋېت يازغۇچىلىرىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدا يازغان كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

www.uyghurkitap.com
تۇغۇر كىتاب تورى



## 2

جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى دۇنيا خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولدى. 1929-يىلى پارتلىغان دۇنيا ئىقتىسادىي بوھرانى ئاساسەن ئېكسپورتقا تايىنىپ جان باقىدىغان ياپونىيىگە قاتتىق زەربە بەرگەنىدى؛ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ياپونىيىدە فاشىستىك كۈچلەر باش كۆتۈردى. بۇ ئۇرۇشخۇمار فاشىستىك كۈچلەر 1931-يىلى 18-سېنتەبىردە جۇڭگوغا قارىتىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى باشلاپ، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋېلىپ، دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاسىيادىكى مەنبەسىنى شەكىللەندۈردى. 1936-يىلىغا كەلگەندە، ياپون مىلىتارىستلىرى مەملىكەت ئىچىدە ھەربىي فاشىستىك دىكتاتۇرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يولغا قويۇپ، جۇڭگوغا ئومۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇز قىلىشنى، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىگە قاراپ كېڭەيمىشنى ۋە تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى قوزغاشنى پىلانلىدى.

ياپونىيە فاشىستلىرى 1937-يىلى 7-ئاينىڭ 7-كۈنى جۇڭگوغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى باشلىدى. جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىكسەپ بايرىقى ئاستىدا، ياپون فاشىستلىرىغا قارشى سەككىز يىل قانلىق جەڭ قىلدى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى سەككىز يىللىق ئۇرۇش دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭ ئالدىدا جۇڭگو يازغۇچىلىرى فاشىزمغا، ۋەتەن ساتقۇچلۇققا ۋە فېئودالىزمغا قارشى تېمىلاردا ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يازدى.

جۇڭگودا 20-يىللارنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن كېيىن، زور بىر تۈركۈم ئىنقىلابىي يازغۇچىلار قوشۇنى يېتىشىپ چىققان، ئۇلار ھەر خىل يېڭى ئەدەبىيات ئۇيۇشمىلىرى، تەشكىلاتلىرى ۋە تەتقىقات جەمئىيەتلىرىگە ئۇيۇشۇپ، ئاخىرىدا سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغان؛ ئورگان ژۇرنىلى چىقىرىپ، ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ نۇرغۇن ھېكايە، رومانلىرىنى تەرجىمە قىلغان، بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان. سولقانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى لۇشۇننىڭ (1888 — 1936) «ئۇنتۇش ئۈچۈن ئەسلەش»، «دوست دۆلەتلەر ئەجەبلەنمەكتە» قاتارلىق جەڭگىۋار فېليەتونلىرى، ماۋدۇن (1896 — 1981) نىڭ «تۇن يانغاندا» ناملىق رومانى، باجىننىڭ «ئائىلە» ناملىق رومانى، لاۋشېنىڭ «شياڭزى تۆگە» ناملىق رومانى، شاۋجۇننىڭ «نى خۇنجى» ناملىق ئەسىرى، ساۋيۈنىڭ «گۇلدۇرماما»، «كۈن چىققاندا»، «دالا» قاتارلىق درامىلىرى، تيەن خەن، شيايەنلەرنىڭ درامىلىرى، جېياڭ جېنچيۈنىڭ «قىيىنچىلىق ئىچىدىكى ئەر-خوتۇن» ناملىق كىنو ئەسىرى، سەي چۇشېڭنىڭ «بېلىقچىلار كېمىسىدىكى نۇر» ناملىق كىنو ئەسىرى قاتارلىق ئەسەرلەر مۇشۇ بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ياپونغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن، شائىر ئەي چىڭنىڭ «شىمال»، «ئادەم تېرىسى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى ۋە فاشىزمغا قارشى تېمىدىكى شېئىرلىرى، زاڭ كېجيانىڭ ھەجۋىي شېئىرلىرى، مەشھۇر يازغۇچى گو مورونىڭ «تاڭدى گۈل» ، «چۈي يۈەن» قاتارلىق تارىخىي درامىلىرى، شيايەننىڭ «فاشىزم باكتېرىيىسى» ناملىق ئەسىرى، چېن بەيچېننىڭ «مەنسەپتە ئۆرلەش» ناملىق ئەسىرى، ئازاد رايونلار بويىچە ئەڭ مەشھۇر يازغۇچى بولغان جاۋ شۇلىنىڭ «شياۋئېرخېينىڭ تويى» ، «لى يۈسەينىڭ قوشاقلىرى» ، «لى جياجۋاڭنىڭ ئۆزگىرىشى» ناملىق ھېكايىلىرى ۋە باشقا كۆپلىگەن يازغۇچىلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەسەرلىرى دۇنياغا كەلدى. جۇڭگونىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سەنئەتكارلىرىدىن تۆت چوڭ ئارتىسنىڭ بىرى بولغان مېي لەنفاڭ (1894 — 1961) ئىشپىيونلار، ۋەتەن خائىنلىرى قايتا-قايتا تەھدىت سېلىپ قىستىسىمۇ، پايدا-مەنپەئەتكە قىزىقتۇرسىمۇ، يۈكسەك مىللىي روھىنى ئىپادىلەپ، ياپونلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىشنى رەت قىلدى. تۇرمۇش غۇربەتچىلىكىدىن بېيجىڭدىكى قورۇسىنى سېتىۋېتىپ كۈن كەچۈردىكى، سەھنىگە چىقمىدى، پەقەت ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىنلا ئاندىن قايتىدىن سەھنىگە چىقتى. تۆت چوڭ ئارتىسنىڭ يەنە بىرى بولغان چېڭ يەنچيۇمۇ ياپونلارغا ئويۇن قويۇپ بېرىشنى رەت قىلىپ، سەھنە ھاياتىدىن ۋاز كېچىپ، تاغدا جاپالىق تېرىقچىلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزدى. مۇزىكانت نيې ئېر، شەن شىنخەيلەر «پىدائىيلار مارشى» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. «پىدائىيلار مارشى» نىڭ ”قوزغال، قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار. . “ دېگەن غەزەپلىك، يالقۇنلۇق مىسرالىرى دۆلەت شېئىرى

سوۋېتتە ھازىرغىچە ياڭراپ كەلمەكتە. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە 1942-يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى يەنئەندە ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. بۇ يىغىندا ماۋ زېدۇڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» نى ئېلان قىلدى. بۇ نۇتۇق ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتىنى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈردى. جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ فاشىزمغا قارشى تېمىدا يارانقان ئەدەبىياتى بۇ تېمىدىكى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى.

1937-يىلى ياپونغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ رايونى ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ مۇھىم ئارقا سېپىگە ئايلاندى. بۇ شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىنى ۋە دېڭىز بويىدىكى پورتلارنى ياپونلار بېسىۋالغان، جۇڭگونىڭ خەلقئارا قاتناش ترانسپورتى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان چاغ ئىدى. بۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارىدىغان ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرى ئېچىلىپ، ياپونغا قارشى ترانسپورت لىنىيىسى شەكىللەندى. بۇ لىنىيە ئۆتىدىغان ناھىيە، بازارلاردا ئايرودروم ۋە ئاپتوموبىل بېكەتلىرى قۇرۇلدى. 1937-يىلى نويابىردا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قۇمۇل ئايرودرومىغا كۆپلىگەن كۇرەشچى ئايروپىلان، يېنىك تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان، ئېغىر تىپتىكى بومباردىمانچى ئايروپىلان، رازۋېتكا ئايروپىلانى ۋە ترانسپورت ئايروپىلانلىرى كەلتۈرۈلگەن. قۇمۇل ئاپتوموبىل بېكىتىگە قورال بېسىلغان ئاپتوموبىللاردىن كۈنىگە 50 — 60ى كېلىپ تۇرغان. كېيىنچە قۇمۇل ئايرودرومىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئايروپىلان قۇراشتۇرۇلىدىغان بولغان، ئايروپىلانلارنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ئاپتوموبىل بىلەن توشۇپ كېلىنىپ، قۇمۇلدا قۇراشتۇرۇلۇپ ئىچكىرىگە ئېلىپ كېتىلگەن. 1937-يىلى قىشتا قۇمۇل ئاۋىئاتسىيە پونكىتىدا 15 — U تىپلىق قوش قاناتلىق كۆرەشچى ئايروپىلاندىن نەچچە يۈزى قۇراشتۇرۇلغان. شۇ يىلى 2-تۈركۈمدە قۇراشتۇرۇلغان ئايروپىلانلارنى ئىچكىرىدىن ئۇچقۇچىلار كېلىپ، ھەرقايسى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن. بۇ مەزگىلدە شىنجاڭدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان. خەلق قولىدا نېمىسى بولسا، شۇنى ئىئانە قىلغان، ياپون فاشىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئايروپىلان، ئاپتوموبىل، ئالتۇن ۋە نۇرغۇن كىيىم-كېچەك ئەۋەتىپ بەرگەن. ھەتتا ئاياللار ئۆز قوللىرىدىكى بىلەيزۈك، ئۈزۈك، قۇلاقلىرىدىكى زىرىلىرىنى ئىئانە قىلغان. پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدە ياپونغا قارشى داغدۇغىلىق تەشۋىقات ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، فاشىزمغا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مەزمۇندا مىڭلاپ شېئىرلار، قوشاقلار يېزىلغان، كونسېرتلار ئوينالغان. بۇ مەزگىلدە، ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يەرلىك ئارمىيە-ھۆكۈمەت، سودا-سانائەتچىلەر ۋە كەڭ يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى بولۇپ قالغان، بۇنىڭدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشقا زور تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، جۈملىدىن ئۇيغۇر يېقىنقى

زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئەينى زاماندىكى ۋەكىللىرىدىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئىمىن تۇرسۇن ، نىم شېھىت ئارمىيە داموللا، نۇر بوساقوۋ، زۇنۇن قادىر، ئەھمەت زىيائى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئا. ئۆتكۈر قاتارلىقلار فاشىزمغا قارشى تېمىلاردا ئەسەر يېزىپ، فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىياتقا ئۆز ئۆلۈشىنى قاتتى. ئۇيغۇر يېڭى زامان شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارى، ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بۇ تېمىدىكى شېئىرلىرى، فېلىيەتونلىرى ۋە «كۆرەش قىزى» ناملىق ئوپېراسى بۇ تېمىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ خاراكتېرلىكتۇر. ھەسەن ئاكا، روزى تەمبۇر، جادوللايوف، مەروف ناسىر، ئابلىز ھاجى ئاتاقلىق سەنئەتكارلار، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرىنىڭ تىياتىر ئۆمەكلىرى ياپون فاشىستلىرىغا قارشى مەزمۇنلاردا ئاخشا ـ قوشاق، كومېدىيە، دراما، كوچا ئويۇنلىرىنى قويۇپ، كەڭ ئاممىۋى خاراكتېرلىك تەشۋىقات پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارغان.

فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىيات دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدا ناھايىتى كەڭ بىر كۆلەم ھاسىل قىلدى. ئۇنى يارىتىشقا دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر، رايونلار ۋە مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىلىرى، شائىرلىرى قاتناشتى، فاشىزمغا قارشى تېمىلاردا ۋە فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش رېئاللىقى تېمىلىرىدا ئەسەر يېزىش 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ھارپىسىدا باشلىنىپ تاكى ھازىرغا قەدەر يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت داۋام قىلدى. كۆپلىگەن يازغۇچىلار بۇ تېمىدا ئەسەر يېزىشقا ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئىجادىي ھاياتىنى بېغىشلىدى، فاشىزمغا قارشى ئەدەبىيات شانلىق ئۇتۇقلارنى قازاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ ئەدەبىيات مەزمۇنە فاشىزمنى ۋە جاھانگىرلىكنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى چوڭقۇر پاش قىلدى، تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئىشغالىيەتچىلىكنى ئەيىبلىدى، فاشىستلارنىڭ زوراۋانلىققا ۋە ھاكىممۇتلەقلىققە تايىنىپ، خەلقلەرنى ۋە مىللەتنى مەڭگۈ قۇل قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى، ئۆز ۋەتىنى ۋە ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشقان مىللىي قەھرىمانلارنىڭ ئالىيجاناب ئوبرازلىرىنى يارىتىپ، ئۇلارغا شانۇشەۋكەت ئاتا قىلدى، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ خائىنلىرىغا نەپرەت ياغدۇردى. خەلقلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقىنى تەكىتلەپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاچچىق تارىخىي ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، زۇلمەتنىڭ چەكلىك، يورۇقلۇقنىڭ چەكسىز بولىدىغانلىقىنى، زۇلۇم-زورلۇق ۋە بۇلاڭ-تالاڭنىڭ ئۆمرى قىسقا ئىكەنلىكىنى، باراۋەرلىك، ئۆزئارا ھۆرمەت، تىنچلىق ۋە ئورتاق تەرەققىيات يولىنىڭلا ئىنسانىيەتنى ئۇرۇش، قىرغىنچىلىق، ۋەيرانچىلىق، نامراتلىق، ئاچارچىلىق ۋە ئۆزئارا ئۆچمەنلىك ئاپەتلىرىدىن قۇتقۇزۇپ قالالايدىغانلىقىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خىتاب قىلدى، ئىنسانىيەتنىڭ كېلىچىكىنىڭ يەنىلا پارلاق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىيات بەدىئىي جەھەتتە يۈكسەك سەۋىيە ياراتتى. پېرسوناژلار ئوبرازىنى جىددىي، مۇرەككەپ، ئەگرى-توقاي ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلىي ۋە كەڭ كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە يارىتىش، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى

بىلەن روھىي قىياپىتىنى ئالاھىدە ئەجىر قىلىپ سۈرەتلەش، ئۇلارنىڭ مول ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ۋە ئالىيجاناب روھىنى غايىۋىلاشتۇرۇش ۋە تەبىئىيلەشتۈرۈش، قايناق، لىرىك ھېسسىيات بىلەن چوڭقۇر پەلسەپىۋىلىكنى بىرلەشتۈرۈش، يۈكسەك ئىنقىلابىي روھ بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىكنى ھەم قەھرىمانلىقنى تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن كۈيلەش ۋە بۇ ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلىدىغان چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىك بۇ ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى خاراكتېرلىك ئالاھىدىلىكى بولدى.

جەمئىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى تۈپ مەزمۇن قىلغان رېئالىزىم بۇ ئەدەبىياتتا ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئەللەردە ئاساسىي، غول ئېقىمغا ئايلاندى، ئەسىر ئاتلىغان ئەدەبىيات گىگانتلىرى ئارقىلىق 19-ئەسىردىن 20-ئەسىرگە ئۆتكەن بۇ مېتودولوگىيە راۋاجلاندى ۋە كېڭەيدى. بۇ ئەدەبىيات دەۋرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشلىرىگە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدىغانلىقى ۋە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى، ئەدەبىياتنىڭ ئوچۇق بىر سىستېما ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۇ ھەر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئەقىلگە ۋە ئېھتىياجغا مۇۋاپىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى تولۇقلاپ بارىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

2-دۇنيا ئۇرۇشى ئۇنى قوزغىغانلارنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە بولغان ئاقىۋەت بىلەن ئاياغلاشتى. بۇ ئۇرۇشتا جاھانگىرلىك باسقۇچىدىكى مونوپول كاپىتالىزم ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە مۇستەملىكە، يەنى كاپىتال، خام ئەشيا ۋە بازار ئىزدىگەن بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇنىيا خەلقى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مىللەتلىرىنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشتى. 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئوكيانىيىدە باشلانغان ئېزىلگەن مىللەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتى 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن كېڭەيدى ھەم جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئونلىغان، يۈزلىگەن مۇستەملىكىلەر مىللىي مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، ئۆز زېمىنى ۋە ئۆز ھوقۇقىنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، بۇ مەملىكەتلەردە مىللىي ئازادلىق ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ئەدەبىياتى دۇنياغا كەلدى. بۇ ئەدەبىيات فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسىدە ئويغانغان بولۇپ، فاشىزمغا قارشى ئەدەبىياتنىڭ زەنجىرسىمان تەسىرىنى ھاسىل قىلدى.

فاشىزمغا قارشى دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ مول مېۋىلىرى ئەدەبىي تەرجىمە يولى بىلەن 40-يىللارنىڭ باشلىرىدىن باشلاپلا ئۇيغۇرلار ئىچىگە كىرىشكە باشلىغانىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتى نەشر قىلغان گېزىت-ژۇرناللار ۋە باشقا مەتبۇئات تارماقلىرى ئۆزلىرى تېزلىك بىلەن يېتىشتۈرۈپ چىققان قابىل ۋە بىلىملىك زىيالىيلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، بۇ ئەدەبىياتنى ئۇيغۇر تىلىدا تونۇشتۇرۇشقا كىرىشكەن. 1950-يىلىدىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن مەدەنىيەت كېلىشىمىنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىغا ئاساسەن، سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مەتبۇئات-نەشرىياتلار بۇ ئەدەبىياتنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ نەشر قىلىپ، شىنجاڭغا كىرگۈزدى. بۇ

ئەھۋال 1950-يىلدىن 1962-يىلىغا قەدەر توپتوغرا 12 يىل داۋاملاشتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى فاشىزمغا قارشى دۇنىياۋى ئەدەبىياتنىڭ، كونكرېتراق ئېيتقاندا، سوۋېت ھەر مىللەت خەلقى ئەدەبىياتىنىڭ، ئېلىمىز ئەدەبىياتىنىڭ قىممەتلىك مەھسۇلاتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىندى. فاشىزمغا قارشى بۇ ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ بىۋاستە تەسىرى ۋە يېتەكلىشى بىلەن يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. بىزنىڭ نۇرغۇن يازغۇچىلىرىمىز فاشىزمغا قارشى بۇ ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى ۋە ئىلھامى بىلەن قوللىرىغا قەلەم ئالغان. بۇ بىر تارىخىي رېئاللىق، بىز بۇنى ئۇنتۇپ قالمايمىز.



www.uyghurkitap.com

# 12 مۇقام تەتقىقاتنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سرتدىكى تەسرىگە دائىر برنەچچە مەسىلە

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخغا قوشقان تۆت چوڭ تۆھپىسى بار.

(1) قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇت مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخى جۇڭگو مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخىنى بېيىتىپلا قالماستىن، شەرق ۋە غەرب دۇنياسىغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ يىللىرىدىن جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جىيادىڭ يىللىرىغىچە 360 يىل داۋام قىلغان بۇ مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخغا قوشقان ئىلمىي قىممەتكە ئىگە شانلىق تۆھپىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ جەرياندا بارلىققا كەلگەن نەققاشلىق، ھەيكەلتاراشلىق، تىل-ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، پەلسەپە، سەنئەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەدەنىي يادىكارلىق ۋە قولىيازمىلار ھەمدە بۇ ساھەدە يېتىشىپ چىققان سانسىزلىغان ئالىملار، سەلىخ تىكىن (ئايال) قاتارلىق سەنئەت ئەربابلىرى خەلقئارادىكى ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان. بۇ مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخىنىڭ شانلىق تۆھپىسىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ، يولداش دىڭ شياۋپىڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ بىۋاستە تەستىقى بويىچە، جۇڭگو دۇنخۇاڭ-تۇرپان

ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى تەسىس قىلىنغانىدى. بۇ جەمئىيەتنىكى ئالىملار بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. جۈملىدىن شىنجاڭدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىمۇ تەسىس قىلدۇق. ھازىر خەلقئارادا 12 دۆلەتنىڭ 32 تەتقىقات ئورنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئەت تەتقىقات ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. بىز 1989-يىل 3-ئايدا غەربىي گېرمانىيىگە بارغاندا، غەربىي گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان لىكوك قاتارلىق نېمىس ئالىملىرىنىڭ تۇرپان ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخىغا دائىر ئېلىپ چىقىپ كەتكەن مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇق ھەم ئېچىندۇق. بەزى يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ فوتو نۇسخىلىرىنى ئېلىپ كەلدۇق. بۇلتۇر غەربىي گېرمانىيە تۇرپان ئىدىقۇت سەنئەت مەدەنىيىتىگە دائىر 10 توم كىتاب ئىشلەپ نەشر قىلىپ تارقاتتى. بىز ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخىمىزغا ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى ئالىملىرىمىزنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت تارىخىدا جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان شانلىق بىر سەھىپىدۇر. ئىدىقۇت ئۇيغۇر سەنئەت مۇزىكا ئۇسۇللىرىدىكى تېخى ئېچىلمىغان بايلىقلار بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە.

(2) XI ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىر، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە نۇسخىلىرى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت ئالىملىرى بۇ شانلىق ئەسەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇردى، بۇنىڭ ئىچىدىكى مەدەنىيەت-سەنئەت، دراماتورگىيىگە دائىر بابلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ باردى، نەتىجىدە ھازىرغىچە بۇ ھەقتە 370 پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىلغان بولۇپ، بۇ ماقالىلار ئاساسلىق ژۇرنال، گېزىتلەردە ئېلان قىلىندى. بۇ ئىلمىي ماقالىلەردىن تاللاپ 4 توم كىتاب نەشر قىلىندى. 50 يىلدىن بېرى «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە ھەر خىل ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان خەلقئارادىكى ئالىملار 72 گە يېتىدۇ، بۇ ئالىملارنىڭ ئەسەر-ماقالىلىرى خەلقئارادا 80 نەچچە قېتىم ئېچىلغان ئىلمىي كونفىرېنسىيىلەردىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، چۈنكى، خەلقئارادىكى ئالىملار يۈسۈپ خاس ھاجىپنى دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن 10 چوڭ مۇتەپەككۇر، يەنى يۇناندىن پلاتون، ئارىستوتېل، ئىتالىيىدىن توماس ئاكونىيا، پولشادىن كوپېرنىك، ئەنگلىيىدىن فرانسىس بېكون، چارلېز دارۋىن، فرانسىيىدىن ۋولتېر، گېرمانىيىدىن كانت، جۇڭگودىن كۇڭزى قاتارلىق ئالىم، مۇتەپەككۇرلەر قاتارىدىكى ئادەم دەپ تونۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتىگە چوڭ قىزىقىش ۋە ھۆرمەت بىلەن قارىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى كۈندىن-كۈنگە كېڭەيتمەكتە. سوۋېت ئىتتىپاقى لېنىنگرادتا رۇسچىسىنىڭ، ئامېرىكىدا ئېنگلىزچىسىنىڭ، تۈركىيىدە تۈركچىسىنىڭ، سوۋېت قازاقىستاندا قازاقچىسىنىڭ، ئۆزبېكىستاندا ئۆزبېكچىسىنىڭ ياپونىيە، ئاۋستىرىيىدە ئەسلى

نۇسخىلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. پايتەختىمىز بېيجىڭدا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نۇسخىلىرىنىڭ نەشردىن چىقىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىككى قېتىم ئالىم ۋە ئاخباراتچىلار سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ سۆھبەت يىغىنلىرىغا يولداش ئىسمايىل ئەھمەد، سۇڭ خەنلياڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارمۇ قاتناشتى. يولداش تۆمۈر داۋامەتنىڭ بۇ يىغىندا سۆزلىگەن تۆت جۈملە سۆزى، يەنى: ئاتاقلىق ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر، قۇتادغۇبىلىك ئۇيغۇرنىڭ، «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ بىرى، «قۇتادغۇبىلىك» جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۇلۇغ گۆھەرلەرنىڭ بىرىدۇر، دېگەن سۆزى پايتەختتىكى خەلقئارا رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق 21 خىل چەت ئەل تىلىدا ئاڭلىتىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سۆز ۋە شۇ قېتىمقى سۆھبەت خەلقئارادىكى بىر قىسىم گېزىت-ژۇرناللاردا چوڭ تەسىر پەيدا قىلدى.

(3) ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى ۋە تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» XI ئەسىردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئەرەب دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەرمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان گۆھەر باھالىق تۆھپىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

(4) ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇقامىنىڭ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى ماھارەتلىك سەنئەت سىستېمىسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى قەدىمكى خەنزۇ ئالىم ۋە شائىرلىرى ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەسىرلىرىدە ئەتراپلىق شەرھلىگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭگو ۋە شەرق كىلاسسىك مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ناخشا-ئۇسسۇل مۇزىكا قامۇسى بولغان "12 مۇقام" ئۆز بېشىدىن شانلىق ھەم توسقۇنلۇق، قارشىلىق، ئېچىنىشلىق تارىخىي جەريانلارنى ئۆتكۈزگەن. بۇ جەريانلارنىڭ ھەر خىل زاماندىكى ھەرخىل ئۆتمۈشىنى XVI ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ھەم 12 مۇقام ئۇستازىنىڭ بىرى قىدىرخاننىڭ «دىۋانى قىدىر» ناملىق ئەسىرىگە يازغان مۇقەددىمىسىدىكى شېئىرلاردىن كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن:

كەمبەغەل كەيسە كۆلاھنى،
شەيخلىرنىڭ ئادەم ئەمەس.
ئۆلگىچە ئېيتسام مۇقامنى،
مەن ئۈچۈن ماتەم ئەمەس.

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جانكى قالۇن ساداسى.
ھېچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ باھاسى.

كەچتىم مەن زامانىڭدىن،
ياخشىكىم يامانىڭدىن.
ئاق سەللە، يېشىل سەللە،
بىزارمەن تامامىڭدىن.

دېمەك، قەدىرخان XVI ئەسىردىكى جاھىل ئىشان مۇتەئەسسىپلەرنىڭ 12 مۇقامغا بولغان قارشىلىقلىرىغا نەپرەت بىلدۈرگەن.

12 مۇقامنىڭ خەلقئارادىكى تەسىرىمۇ ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ھازىر ئۇنى فرانسىيە پارىژ شەرق مەدەنىيەت تەتقىقات ئورنى، ياپونىيە توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق ئىنستىتۇت ئۇيغۇر بۆلۈمى، سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات ئورنىدىكى بىر قىسىم ئالىملار ۋە سوۋېت ئۇكرائىنا بوكىۋۇ ئاكادېمىيە تىياتىرى قاتارلىق ئىلمىي ئورگانلار داۋاملىق تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. سوۋېت ئۇكرائىنا خەلقئارا ئەدەبىيات-سەنئەت ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتىنىڭ يېڭى ئەۋلادلىرى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىدە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر سەنئىتىگە ھەم ئۇيغۇر ئالىملىرىغا يۇكسەك باھا بېرىش بىلەن 12 مۇقام ئاساسىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل بۇلبۇللىرىدىن پاشا، گۈلجەننەت، مەريەم قاتارلىق ئۈچ نەپەر سەنئەتكارىمىزغا يۇقىرى مەدھىيە بىلەن يۇكسەك باھا بەرگەن. 1987-يىل 8-ئايدا جۇڭگو-سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ ئۇكرائىنىدا بىر قىسىم ئىجتىمائىي پەن ۋە سەنئەت ئالىملىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت يىغىنىدا پروفېسسور ۋ. ن. ۋىسكى بىزگە بۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش بېرىپ، ياۋروپا ۋە ئاسىيادا ئۇكرائىن، ئۆزبېك، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سەنئىتى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ 12 مۇقامى ئىلمىي سىستېمىغا چۈشكەن، يۇقىرى ماھارەتلىك سەنئەت نامايەندىلىرىنىڭ بىرىدۇر، بۇنداق ئىلمىي

www.uyghurkitap.com



سىستېما — يۇقىرى ماھارەتلىك 12 مۇقامىڭلار توغرىسىدا بىر يۈرۈش كىتاب ۋە تەتقىقات ئەسەرلىرىڭلار، بىر يۈرۈش ئوپېرا ۋە بالېتلىرىڭلار باردۇر، بىز بۇلارنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمىز ۋە بۇ ھەقتە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇشنى ئۈمىد قىلىمىز دېگەندە، مەن ئۇلارغا جاۋابەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇقامى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ كەڭ قانات يېيىۋاتقانلىقىنى، تەتقىقات نەتىجىسىدە يېزىپ چىقىلغان كىتاب، ئىلمىي ماقالە ۋە ئوپېرالار بىــــلەن خەلقىمىزنىڭ داۋاملىق يۈز كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. ھالبۇكى، بۇ قېتىمقى ئۇيغۇر 12 مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى يۇقىرىدىكى پىكىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ئىلمىي ۋە تەشكىلىي ئاساس بولۇپ قالدى.

مۇقام مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇكرائىنىدا ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغان نەرسە شۇ بولدىكى، ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ XVII ئەسىردە بارلىققا كەلگەن «دۇنپاس» ناملىق كلاسسىك مۇزىكىسىدىن بىر ۋاراق قــولــيــازمــا ســاقلىنىپ قالغانىكەن. ئۇكرائىنا بوكىۋۇ ئاكادېمىيە تىياتىرى بۇ بىر ۋاراق قوليازمىغا ئاساسەن، «ھاياتنىڭ سىمۋولى — كۈرەش» ناملىق چوڭ تىپتىكى بىر ئوپېرا ئىشلەپ چىقىپتۇ. بۇنىڭغا 370 بەتلىك تەتقىقات ئىزاھاتى بېرىلىپتۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ ئىلھامى بىلەن مەن شۇ يەردىلا ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئاساسىدا 12 ئوپېرا ۋە 12 توم ئىلمىي تەتقىقات ئەسىرى يېزىپ چــىقــىــش زۆرۈر ئــىــكەن دېگەن تونۇشقا كەلدىم، چۈنكى بۇ

تونۇشۇمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئىمكانىيەت بولىدىغانلىقىدىن
ئۈمىدۋار ئىدىم. شۇ كۈنى كەچتە ئۇكرائىنلىقلارنىڭ بىز تەقدىم
قىلغان ئوشاق مۇقام لېنتىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۈچ
چوڭ ئانا دەريانىڭ بىرى بولغان دنېپىر دەرياسى بويىدا ياڭرىتىشى
دوستلۇق سىمۋولى بولۇپ، بىزگە ۋە ئۇكرائىنا كىشىلىرىگە
ئۇنتۇلماس ئېستېتىك زوق بېغىشلىدى. بىز جۇڭگو-سوۋېت
خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقى ئۈچۈن ئورۇندالغان مۇقام ساداسىنىڭ
تەنتەنىسىدىن پەخىرلىنىش بىلەن ئېلىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭغا
قايتىپ كەلدۇق. 1987-يىل 7-ئاينىڭ ئاخىرى بىز
لېنىنگرادتىكى ئېرمىتاژ خەلقئارا مۇزېيىنى كۆردۇق. بۇنىڭ
شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈمىگە قەشقەر، خوتەن، كۇچا، تۇرپان
قاتارلىق جايلىرىمىزدىكى رۇسلار ئۆتمۈشتە ئېلىپ كەتكەن مەدەنىي
يادىكارلىقلىرىمىزغا دائىر نەرسىلەردىن پەقەت بىر قىسمىلا
قويۇلغان، بۇ بۆلۈم توغرىسىدا بېرىلگەن چۈشەندۈرۈش، ئىزاھات
ماتېرىياللىدا، ئۇيغۇر نەققاش-ھەيكەلتاراشلىقى، شىنجاڭنىڭ
ئوتتۇرا ئەسىردىكى ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى ئىكەنلىكى، شەرق
ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلمىي
سىستېمىغا چۈشكەن 12 مۇقامى توغرىسىدىكى جۈملىلەر
گەۋدىلىك بېرىلگەن. 1986-يىل 1-ئايدا، ئامېرىكىنىڭ
كالىفورنىيە شتاتىدا ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا
قاتناشتۇق. بۇ يىغىنغا بىز بىلەن بىللە قاتناشقان نيۇيورك
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىمى ئىكراس پوپپى، ۋاشىنگتون
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىمى پروفېسسور سېرى تاۋتاس، شۋېتسىيە
ئالىمى ۋىلھېلىم سولخى ئۆزلىرىنىڭ شەرق مەدەنىيىتى توغرىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يازغان ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيەت-سەنئىتى توغرىسىدا ئالاھىدە توختالغانلىقىنى ئېيتىش بىلەن كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىمى پروفېسسور ھېنروگىي. سى چې راۋز ئۆزىنىڭ ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتىگە دائىر يازغان كىتابىنىڭ 1-بابىدا ئۇيغۇر سەنئەت مۇزىكىسىغا، 12 مۇقامنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىغا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىگە بەرگەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە باھاسىنى تەنتەنە بىلەن سۆزلەپ بېرىپ، بۇ كىتابنى بىزگە تەقدىم قىلدى. 1989-يىل 3-ئايدا غەربىي گېرمانىيىگە باردۇق. غەربىي گېرمانىيە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمىزدە پروفېسسور ھەم دوكتور مارىئانىنا بروجىگەر، ئىنگى بولدان قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭغا ئائىت تەتقىقات تېمىلىرىنىڭ يازما نۇسخىسىنى بىزگە تەقدىم قىلدى. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) جۇڭگونىڭ بېيجىڭ ئوپېراسى (جىڭجۈي) نىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى؛

2) شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر مۇقامى، ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرى، ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى ھەققىدىكى تەتقىقات؛

3) شىنجاڭدا تۈركولوگىيە مەسىلىسى؛

4) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، تاجىك تىللىرى ۋە شېۋىلىرى؛

5) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى؛

6) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى؛

7) ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى (ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال-تەمسىللەر، ئەپسانە، لەتىپە، قوشاقلار)؛

8) شىنجاڭدا ئۇيغۇر سەنئەت ئەسەرلىرى؛

9) ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا، مۇقام، خەلق مۇزىكا ۋە ئۇسسۇللىرى؛

10) شىنجاڭدا ئىسلام تەتقىقاتلىرى، خەلق ئېتىقادلىرى، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئېتىقادلىرى؛

11) شىنجاڭدا ئاشخانا مەسىلىسى؛

12) شىنجاڭدا مائارىپ ئىشلىرى (ئوتتۇرا، ئالىي مەكتەپلەر، ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرى) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

شىنجاڭدا بىرىنچى قېتىم 12 مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلىشى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىپ، مۇقام تەتقىقاتىنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى. مۇشۇ باشلىنىش بىلەن، بىز ئۇيغۇر سەنئەت تەتقىقاتى ساھەسىدە ئۆزىمىزگە مۇنداق بىر سوئال قويۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، يەنى تارىخنىڭ، خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى خەنزۇ ئالىملارنىڭ، خەلقئارادىكى ئالىملارنىڭ ۋە تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ باھاسى بويىچە ئېيتقاندا، بىزدە قانائەتلەنگۈدەك سەۋىيە ھالەت بارمۇ؟ ئازادلىقتىن كېيىنكى ۋە 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى 12 مۇقامنى رەتلەش جەريانىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى، سەنئەت تەرەققىياتىمىزدا بارلىققا كەلگەن ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەپسۇسكى، پايتەختىمىزدە كۆپ قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرەكلىرىدە

www.uyghurkitap.com



ئالدىنقى قاتارغا ئۆتەلمىدۇق؛ 40 يىلدىن بۇيان مۇقام تەتقىقاتى بويىچە ئارانلا ئىككى كىتاب نەشر قىلىندى. 50-يىللاردىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ سەنئەت ھالىتى بىلەن ھازىرقى مىللەتلەرنىڭ سەنئەت تەرەققىياتىنى ئۇيغۇر سەنئىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، قەدىمكى خەنزۇ شائىر، ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىگە، خەلقئارا ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىگە بەرگەن باھاسىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، يەنى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئىلمىي ئاساس بىلەن يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە، دېگەن باھاسىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، ھازىرقى ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى تۇرغۇن ھالەتتە توختاپ قالدى. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇشىمىزدىكى مەقسەت ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىس، سەنئەتكارلىرىنى تەشكىللەپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، 12 مۇقام تەتقىقاتىنى دۆلەت سەۋىيىسىگە، خەلقئارا سەۋىيىگە، ھازىرقى دەۋر تەلىپىگە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىزغا ۋە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىگە 95% تىن كۆپرەكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋانغا ئىگە، يەتتە مىللەتتىن تەركىب تاپقان، ھەرخىل چەت ئەل تىللىرىنى بىلىدىغان 17 نەپەر ئالىم قاتناشتى. ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز قانداق باھا بېرىش مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم، بىز چەت ئەل ئالىملىرىغىلا چوقۇنمۇۋەرمەستىن، ئۆزىمىزنىڭ ئالىملىرىغا ئۆزىمىز يۇكسەك باھا بېرىشىمىز كېرەك، ئۆز ئالىملىرىمىزنى ھۆرمەتلىشىمىز ھەم

قەدىرلىشىمىز لازىم. بۇلارنىڭ باشقىلاردىن قېلىشمايدىغان ئىلمىي سەۋىيىسىگىمۇ توغرا باھا بېرىشىمىز لازىم، مۇشۇ روھ ئاساسىدا، 12 مۇقام تەتقىقاتىنى ئەتراپلىق، كەڭ كۆلەملىك ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، باشقىلارنىڭ قىلغانلىرىنىمۇ ئەلۋەتتە قوللىشىمىز كېرەك. بىزدە شۇنچىۋالا يۇقىرى سەۋىيىلىك ئالىملار بار ئىكەن، بىز ئەلۋەتتە باشقىلار قىلغاننى قىلالايمىز، باشقىلار قىلالمىغاننىمۇ قىلىپ كېتەلەيمىز. باشقىلار تەپەككۇر قىلالمىغانلارنىمۇ بىز تەرەققىيات ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىمىز بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىرالايمىز. 12 مۇقام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت-سەنئەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنىڭ بىرى ئىكەن، مۇشۇ تۆھپىنى ياراتقان ئۇيغۇر خەلقىگە شان-شەرەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئىلمىي جەمئىيەتتىن تېخىمۇ كۆپرەك ئەمەلىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرالمىساق، بۇ ساھەدىكى يۇقىرى ئۇنۋانلىرىمىزنىڭ قىممەت ۋە ھۆرمىتى قانچىلىك بولىدۇ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىس، سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، 12 مۇقام ئىلمىي تەتقىقاتى توغرىسىدا 12 تەتقىقات كىتابى يېزىپ چىقىشىنى، 12 مۇقام ئۈچۈن 12 ئوپېرا يېزىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. مۇشۇ يىغىننىڭ ئۆزىدىلا 11 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر 12 پارچە تەتقىقات كىتابى ۋە 12 ئوپېرا يېزىپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا پوزىتسىيە بىلدۈرۈشتى.

بۇ ھەممىمىزنى خۇشال قىلىدىغان ئىش. جەمئىيىتىمىزدە 59% تىن كۆپرەكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋانغا ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇتەخەسسىسلەر بار ئىكەن، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خەلقىمىزنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇۋاتقان 12 سەنئەت ئۆمىكىدە يۈزلىگەن ئاتاقلىق، تەجرىبىلىك، خېلى سەۋىيىلىك سەنئەتكارلىرىمىز بار ئىكەن. بۇ تەتقىقات ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلالمىساق، هازىرقى دەۋرنىڭ تەلىپىگە جاۋاب بېرەلمىسەك، تارىخقا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟

هەر مىللەت ئالىملىرى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، توۋت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭدا ئىلمىيلاشقان، هازىرقى دەۋرنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشقان ھەقىقىي ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى دېگەن هالەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مۇشۇ مەدەنىيەتنى، سەنئەتنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى بېيىتقان 12 مۇقامنى ياراتقان ئۇيغۇر خەلقىگە شەرەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن، هەر مىللەت ئالىم، شائىر، يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.



# 460 يىل ۋە تارىخىي بۇرچىمىز

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئۇستازى، مۇقامشۇناس، شائىر ئامانىساخان تۇغۇلغانلىقىنىڭ 460 يىللىقىنى خاتىرىلەش تەنتەنىسى ئىچىدە ش ئۇ ئا ر 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ئىككى چوڭ ئىش قىلدى.

بىرى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى نۆۋەتلىك دولان مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى دولان مۇقامىنىڭ بۆشۈكى بولغان مەكىت ناھىيىسىدە ئاچتى. ئەمگەكچان، سەنئەتكار، مېھماندوست دولان خەلقى بەش كۈن داۋام قىلغان بۇ يىغىنىمىزنى تولىمۇ قىزغىن قوللىدى، ئالقىشلىدى. دولان خەلقىنىڭ مۇنداق ئالىيجاناب روھى يىغىنغا قاتناشقان ئالىم، تەتقىقاتچىلىرىمىزدا ئۇنتۇلماس تەسىراتلارنى قالدۇردى.

يىغىنىمىزغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەر خىل ئىلمىي پائالىيەت ۋە ئىجادىي تۆھپىلىرى بىلەن داڭ چىقارغان 74 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىس، مۇقامشۇناس ۋە مەدەنىيەت-سەنئەت تەشكىلاتچىلىرى قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقان ۋە ئىلمىي كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلار ئىچىدە 70 ياشتىن ئېشىپ كەتكەن ھۆرمەت ئىگىلىرىمۇ، شۇنداقلا ئەمدىلا 20 ياشتىن ئاشقان ئۈمىدلىك ياش تەتقىقاتچىلىرىمىزمۇ بار. بۇ ھال بىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنىمىزنىڭ ياشلىشىۋاتقانلىقىنى، كېڭىيىۋاتقانلىقىنى، ھەرگىزمۇ ئۈزۈلۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۇ ۋە بىزنى چەكسىز سۆيۈندۈردۇ.

بۇ قېتىمقى يىغىن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش بويىچە، ئىلمىي دېموكراتىيىنىڭ يېڭىچە ئۇلگىسى تىكلەنگەن ئىلمىي يىغىن بولدى. يىغىندا، ئىلمىيلىككە، تارىخىي ئوبيېكتىپلىققا، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە 38 پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇلۇپ، مۇتەخەسسىسلەر ئۆزگىچە قاراشلىرىنى كەڭ-كۇشادە ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇھاكىمە قىلىشتى. نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىلدى. مەسىلەن: ياتتاق يېزىسىدىكى ئون مىڭ كىشىلىك دولان مۇقام پائالىيىتىدە دولان مۇقامىنىڭ خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەممە تەرىپىگە سىڭىپ مۇجەسسەملىشىپ كەتكەنلىكىدەك ئەمەلىيەت يەتتە تۈر بويىچە يۇقىرى سەنئەت ماھارىتى بىلەن كۆرسىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى بىلىم چۈشەنچىلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇتۇقلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك مۇقامشۇناس، شائىر قىزى ئامانىساخانىنىڭ بالىلىق ھاياتىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىغا قاراشلىق دولان يېزىلىرىدا ئۆتكەنلىكى، 20 يىللىق ھاياتىنىڭ سەئىدىيە خانلىقى ئوردىسىدا ئۆتكەنلىكى، يۇرتى توغرىسىدا بەزى ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار ئاساسىدا پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىندى.

يەنە بىرى، دولان مۇقامى ۋە ھەرقايسى يەرلىك مۇقاملارنىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامى بىلەن بولغان مېلودىيىلىك مۇناسىۋەت سىستېمىسىنىڭ ئىلمىيلىكى، تارىخىي ئوبيېكتىپلىقى،

رېئاللىقى توغرىسىدا ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىپ، پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىندى ۋە دۆلەتنىڭ ئىچى سىرتىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار كونكرېت مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. دولان مۇقامى ۋە ھەرقايسى يەرلىك مۇقاملار ئۇيغۇر 12 مۇقامىدىن ئىبارەت كلاسسىك مۇزىكا مىراسلىرىمىزنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. شۇڭا ھەرقايسى جايلاردىكى مۇقاملارنىڭ يەرلىك شىۋە، ئۇسلۇبىنىڭ شۇ يەردىكى ئۆرپ-ئادەت، ئىجتىمائىي تەرەققىيات بىلەن مۇجەسسەملىشىپ كەتكەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ۋارىيانتىنى ھۆرمەت بىلەن ئېتىراپ قىلىش لازىم، دەپ قارالدى. چۈنكى بۇ مۇقاملارنىڭ ھەممىسىدە ئورتاقلىق ئاساسىي گەۋدە بولىدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزمغا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىي ئوبيېكتىپلىقىغا ھۆرمەت قىلىپ، شۇ تارىخىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى ئەينەن بويىچە گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. 12 مۇقامنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان يەرلىك مۇقاملارنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىي بىرلىكى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش كېرەك، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى خەزىنىسىگە تىزىپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىش لازىم.

مۇقام ئۇستازى ئامانىنىساخان تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە بولغان 460 يىلدىن بېرى، ئۇيغۇر خەلقى مۇقاملارنى ”ئۇيغۇر 12 مۇقامى“ نامى بىلەن ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈرۈپ ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر، داھىيلار، جامائەت ئەربابلىرى، ئاتاقلىق مۇزىكا، سەنئەت ئىنىستىتۇتلىرى ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى ئۆز

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



تارىخىي ئالاھىدىلىكى بىلەن ئەھمىيەتلىك دەپ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: جۇئېنلەي زۇڭلى 1962-يىلى ئۈرۈمچى يەنئەن مېھمانخانىسىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇقامى بار، شىنجاڭنىڭ سەنئىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش كېرەك، دېگەن.

ئاكادېمىك گومورو، جامائەت ئەربابى، شائىر، يازغۇچى ماۋدۇن، مەدەنىيەت ئەربابى شيايەنلەرمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 12 مۇقامى تارىختا بولسۇن، ھازىر بولسۇن جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىدىكى قىممەتلىك بايلىق دېگەن. بېيجىڭ، شاڭخەي، شىئەن، لەنجۇ، يەنبيەندىكى سەنئەت ئىنىستىتۇتلىرىنىڭ دەرسلىكلىرىدە ئۇيغۇر 12 مۇقامى توغرىسىدا ئالاھىدە توختالغان.

بىز كۆرگەن لېنىنگراد ئېرمۇتاژ خەلقئارا مۇزېيىنىڭ شەرق ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈمى توغرىسىدىكى بىر ئىزاھاتتا: ئۇيغۇرلارنىڭ 12 مۇقامى شەرق سەنئەت مۇزىكا تارىخىدىكى بىر مۆجىزىدۇر، دېيىلگەن. گېرمانىيە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناس پروفېسسورى ئاننا بۇرۇژگەرنىڭ بىزگە تەقدىم قىلغان توققۇز ماددىلىق ئىلمىي تەتقىقات پىلانىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا، ئۇيغۇر 12 مۇقام ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر خېلى تەپسىلىي مۇندەرىجىلەر كۆرسىتىلگەن.

ئامېرىكىنىڭ سانىنا باربارا شەھىرىدە شەرق مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر ئېچىلغان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا: نيۇيورك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناس پروفېسسورى نېكراس فوففى، ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناس پروفېسسورى سىرتاۋتاسلار: "ئۇيغۇرلارنىڭ 12 مۇقامى ۋە

كلاسسىك ئەدەبىياتى بىزنىڭ تەتقىقات كۆز قارىشىمىز بويىچە ئېيتقاندا، شەرقتىن چىققان چولپان يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ" دېگەن.

ئۇكرائىنا دۆلەتلىك بوكۇۋ ئاكادېمىيە تىياتىرىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور ۋاتوۋسكى: "ئاسىيا ۋە ياۋروپادا قەدىمىي سەنئەتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ كەلگەن ئىككى سەنئەت بار. بىرى ئۇكرائىنا مىللىتىنىڭ سەنئىتى، يەنە بىرى ئۇيغۇرلارنىڭ 12 مۇقامى. دۇنيادا ھېچقانداق مىللەتنىڭ بۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان 12 مۇقامى يوق. بىز، ئۇيغۇرلارنىڭ 12 مۇقامىنى مىللىتىمىزنىڭ «دومباس» مۇقامىغا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىمىز" دېدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيوروسىنىڭ ئەزاسى، دۆلەت كومىسسارى لى تېيىڭ: "ئۇيغۇر 12 مۇقامى جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىباھا گۆھەر، بۇنى قېزىش، رەتلەش، نەشر قىلىش، تەتقىق قىلىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق بۇرچى" دېدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتى ئەخمەتجان قاسىمى 1947-يىلى 8-ئايدا ئىلى تاتار مەكتەپ كۇلۇبىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇشائىرە يىغىنىدا: مىللىتىمىزنىڭ 12 مۇقامى ئاساسىدىكى ئەدەبىيات-سەنئىتى تۈگىمەس بايلىقتۇر دېگەنىدى.

قىسقىسى، بۇ قېتىمقى دولان مۇقام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر، مۇقامشۇناسلار دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى-سىرتىدىكى تارىخىي ۋە رېئال پاكىتلار ئاساسىدا ئەتراپلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى يۇقىرى ماھارەت، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇقاملارنىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىردەك تونۇش ھاسىل قىلدى.

دولان غاچكۆل يېزىسىدا تۇرغۇزۇلغان 12 مۇقام ئۇستازى ئامانىيساخاننىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش مۇراسىمىغا نەچچە مىڭ كىشى قاتناشتى، پىئونېرلار ئەترىتى ھەيكەل ئالدىدا ھەربىر مۇقامغا بىردىن ئىشلەنگەن 12 كىتابنى ئوڭ قوللىرى بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، 12 مۇقامغا، 12 كىتابقا، ئامانىيساخانغا مەدھىيە دېكلاماتسىيىسى ئوقۇپ، مەيداننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن يىغىنغا قاتناشقان ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىس، مۇقامشۇناس، جامائەت ئەربابلىرى، دولان مۇقامى ئىلمىي مۇھاكىمىسىگە بىرلەشتۈرۈپ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە 12 كىتاب توغرىسىدىكى ئىلمىي كۆز قاراشلىرىنى كەڭ كۆشادە ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئىلمىيلىككە، تارىخىي ئوبيېكتىپلىققا، كلاسسىك بەدىئىيلىككە، دېموكراتىك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە 12 مۇقام تېكىستلىرىنىڭ يېڭىدىن رەتلەنگەن ئىلمىي سىستېمىسى بارلىققا كەلدى، بۇنىڭغا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان 28 نەپەر ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ نادىر نەزمىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ 12 كىتاب ئارقىلىق 12 مۇقام تېكىستلىرى بىلەن خەلقئارا نوتىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرنەچچە مەسىلە توغرا ھەل قىلىندى.

بىرىنچى، تېكىست تەكرارلىقى ھەل قىلىندى. كونا، پەقەت 31 نەغمىدىلا ئارتۇقچە تەكرارلانغان شېئىرلار 802 مىسرا

بولۇپ، بۇ پۈتۈن مۇقام تېكىستلىرى سانىنىڭ ئۈچتەن بىرىنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ قېتىمقى 12 كىتابتا ھەرقانداق ئېسىل شېئىر پەقەت بىر نەغمىدىلا ئوقۇلىدۇ، قەتئىي تەكرارلانمايدۇ.

ئىككىنچى، ساغلام بولمىغان تېكىستلەر، چۈشۈنۈكسىز تېكىستلەر بىر تەرەپ قىلىندى. بەزى پىر ئەۋلىيالارنى مەدھىيىلەيدىغان تەركىي دۇنيالىق، ئۈمىدسىزلىكنى تەرغىب قىلىدىغان يىغلاڭغۇ شېئىرلار ئورنىغا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ۋەكىللىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكنى، ئىنسانىي مۇھەببەتنى، سېخىي مەردانىلىكنى، پاك-دىيانەتلىكنى تەرغىب قىلىدىغان 98 پارچە ياخشى غەزەلنى تاللاپ كىرگۈزۈلدى. پەقەت چۈشەنگىلى بولمايدىغان، ئوچۇقلاشتۇرۇشقىمۇ ئىمكان بولمايدىغان شېئىرلار ئورنىغا يەنە شۇ كلاسسىكلىرىمىزنىڭ چۈشىنىشلىك شېئىرلىرى ياكى خەلق داستان قوشاقلىرىنىڭ نادىر تاللانمىلىرى كىرگۈزۈلدى.

ئۈچىنچى، تېكىست تىلىدىكى بەزى مەسىلىلەر تۈزىتىلدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان، نۇرغۇن سۆزلەر خاتا ئوقۇلۇپ ئېيتىلىپ كەلگەن، مەزمۇنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن، شېئىرنىڭ ۋەزنى بۇزۇۋېتىلگەن سۆزلەردىن 200 دىن كۆپرەك سۆز تۈزىتىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

تۆتىنچى، تېكىست ئاپتورلىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىش مەسىلىسى ھەل قىلىندى. مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدە، ئازكەم 200 مىسرا شېئىرنىڭ ئىگىسى يوق. بىرمۇنچە شېئىر-قوشاقلارنىڭ ئەسلى ئىگىلىرى ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن. بۇ قېتىم ئىشلىگەن 12 كىتابتا مۇنداق قالايمىقانچىلىق يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بەشىنچى، مۇزىكا بىلەن تېكىست، مەزمۇن بىلەن شەكىل ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ماسلاشماسلىق تۇگىتىلدى. ھەرقايسى مۇقاملارنىڭ مەشرەپ ئاھاڭلىرى ئىنتايىن شوخ، جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ بولسىمۇ بەزىلىرىگە ئىنتايىن مۇڭلۇق تېكىست سېلىنىپ قالغان. نەتىجىدە "مېنىڭدەك بىناۋا يىغلار، بەختى قارا يىغلار"، "ئىككى كۆزۈم قان يىغلىدى" دەپ ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ، ئاجايىپ شادلىق بەختىيارلىق ئۇسسۇلى ئوينايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىققان. بۇ ھەقتە چەت ئەللىك بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭمۇ پىكرى تۇغۇلغان. يۇقىرىقىدەك مەزمۇن بىلەن ئاھاڭ، ئۇسسۇل ماسلاشمايدىغان تېكىستلەر ئالماشتۇرۇلدى. ئاھاڭ بىلەن تېكىست (شەكىل بىلەن مەزمۇن) ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىلمىي سىستېمىغا چۈشۈرۈش تۈنجى قېتىملىق ئىش، يەنە داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئالتىنچى، تېكىستلەر ئوچۇقلاشتۇرۇلدى. 12 مۇقام تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئوچۇقلاشتۇرۇش تولىمۇ جاپالىق ئىلمىي ئەمگەك. بىز مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدىكى قەدىمىي ئۇيغۇرچە ياكى ئۆزلەشمىگەن ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرنىڭ بىر قىسمىنى شۇ مىسرا كۇپلېتىنىڭ ئەينەن مەزمۇنىنى ئەكس ئەتتۇرۇش، شۇ ۋەزىن ئالاھىدىلىكىگە ھۆرمەت قىلىش، مۇقامنىڭ شۇ ئاھاڭ مۇزىكا كۈيىگە جەزمەن چۈشىدىغان بولۇشتەك ئالدىنقى ئۈچ شەرت ئاستىدا ئوچۇقلاشتۇردۇق. (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ياكى ئۆزلىشىپ كەتكەن ئەرەبچە، پارسچە سۆزلەرگە ئالماشتۇردۇق). بۇنداق قىلىش مۇقامنى

ئامىمىۋىيلاشتۇرۇلدۇ، مۇقام سەنئىتى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئازكەم 3000 مىسرادىن تەشكىل تاپقان مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدە بىزنىڭ ئوچۇقلاشتۇرغىنىمىز 350 سۆز، نەۋائى شېئىرلىرىدىن مۇقامغا كىرگۈزۈلگىنى 375 مىسرا بولۇپ، ئوچۇقلاشتۇرۇلغىنى 70 سۆز. لېكىن مەزمۇندا قىلچە ئۆزگىرىش يوق، شېئىرنىڭ ۋەزنى بەھرىدىمۇ شۇنداق.

نەۋائى غەزەللىرىدىن بىزنىڭ ئوچۇقلاشتۇرغىنىمىز مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ نەشرگە تەييارلىغان «ئەلىشىر نەۋائى — غەزەللەر» كىتابىنىڭ نەسرىي يەشمىسىنىڭ مەزمۇنى بىلەن تامامەن ئوخشاش. ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، زەلىلى، گۇمنام، نىزارى، قەلەندەر قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوچۇقلاشتۇرغىنىمىز بولسا، شىنجاڭدىكى داڭلىق ئۇيغۇر ئالىملىرى تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» كىتابىنىڭ نەسرىي يەشمىسىنىڭ مەزمۇنى بىلەن تامامەن بىردەك.

يەتتىنچى، بىزنىڭ شۇغۇللانغىنىمىز كلاسسىك خەلق مۇزىكىسى تەتقىقاتى، ئۇنىڭ تېكىستلىرى تەتقىقاتىدۇر. تېكىستلوگىيە ئىلمى — ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە مەخسۇس پەن. بۇ پەندە تېكىست تەتقىقاتى مىقسەت قىلىنغان بولۇپ، مۇقام، ئاھاڭ، مۇزىكا كۇيلىرى بىلەن تېكىست ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەتقىق قىلىنىدۇ، زىددىيەت قارىمۇ قارشىلىقلىرى بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

3000 مىسرا تېكىست ئىچىدىكى 300 دىن ئوشۇقراق سۆزنى ئوچۇقلاشتۇرغىنىمىز كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن

www.uyghurkitap.com



شۇغۇللانغانلىقىمىز ئەمەس، بەلكى مۇقام تېكىستلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسى. بۇ — سەنئەت ۋە تېكىستولوگىيە قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن.

خەلقىمىز ئۆز بوۋىلىرىدىن قالغان تەۋەررۇك مىراستىن بەھرىمەن بولۇشنى خالايدۇ.

# شانلىق مىراس، ئۇلۇغ سوۋغات

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەمئىيىتى بىلەن 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى 43 نەپەر ئالىم، مۇتەخەسسىسنى تەشكىللەپ، بىر يىل تەييارلىق قىلىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر «دىۋانى ئەرشى»، «دىۋانى مەشھۇرى»، «دىۋانى نەۋبەتى»، «دىۋانى زۇھۇرى»، «دىۋانى قەلەندەر»، «دىۋانى مەھزۇن»، «دىۋانى ناقىس»، «نىزارى لىرىكىلىرى»، «سەددى ئىسكەندەر»، «پەرھاد-شىرىن»، «بەھرام ۋە دىلئارام»، «مەنتىقۇتتەيىر»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «باياز» ۋە «قەدىمكى دەۋرنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان ئەدەبىيات»، «قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدەبىيات»، «چاغاتاي تىلى دەۋرى ئەدەبىياتى»، «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن يېقىنقى دەۋرگىچە بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» (1-كىتاب)، «كېيىنكى دەۋر چاغاتاي تىل-ئەدەبىياتى» (1-كىتاب) قاتارلىق 20 كىتاب (بۇلارنىڭ كېيىنكى بەشى خەنزۇ تىلىدا)، ئۇيغۇر 12 مۇقامىغا دائىر «ئۇيغۇر 12 مۇقام مۇزىكىسىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ مېلودىيە ئالاھىدىلىكى»، «دولان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



مەشرەپ مۇقاملىرى (2)» ، «مۇقام تۆھپىكارلىرى» ، «ئۇيغۇر 12 مۇقامى ۋە ئىلى خەلق ناخشىلىرى» ، «مۇقام ھەققىدە مۇلاھىزە» ، «مۇقام پېشىۋالىرى» ، «ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتى» ، «مۇقام يۇرتىنىڭ يېڭى باھارى» قاتارلىق ئون كىتاب، جەمئىي 30 كىتاب تەييارلاپ بىرلا ۋاقىتتا نەشر قىلدۇردى.

بۇ كىتابلار تارىخىي قولىيازمىلار ئاساسىدا تەييارلانغان بولۇپ، بۇ قولىيازمىلارنىڭ ئالدىغا 500 يىل، كەينىگە 200 يىل بولغان.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر 12 مۇقامى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خەزىنىسىنىڭ، شۇنداقلا جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ قەدىمىيلىكى، كۆلىمىنىڭ ئىنتايىن كەڭلىكى، تۈرىنىڭ خىلمۇخىللىقى، شەكلىنىڭ رەڭمۇرەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ مولluقى، دەۋر جەھەتتە ئىزچىللىقى، بەدىئىي سەنئەت يېقىدىن دۇنياۋى سەۋىيە ياراتقانلىقى، تارىخىي ۋە رېئال، ئىجتىمائىي، تەربىيىۋى قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر 12 مۇقامى كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە، مەسىلەن، پەلسەپە، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، دىن، سەنئەت، جۇغراپىيە، لوگىكا، تىلشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، ئەخلاق ۋە ئىنسانشۇناسلىق، ھوقۇقشۇناسلىق، ئۆرپ-ئادەت، تىبابەت، مىللەتشۇناسلىق، سىياسەت، ئىقتىساد. . . قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. بۇ

مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى نوقۇل ئەدەبىيات-سەنئەت نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئىلىم-پەننىڭ بارلىق ساھەلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسەت جەۋھەرلىرىنىڭ نامايەندىسى بولغان كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇلار بۇ مىراسلار ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، قەھرىمانلىق غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ئىنسانىي سۆيگۈ-مۇھەببەتكە، ۋاپادارلىققا، ساداقەت ۋە سەممىيلىككە، چىنلىق ۋە گۈزەللىككە، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتكە مەدھىيە ئوقۇغان؛ مۇناپىقلىق، زالىملىق، رىياكارلىق، ۋاپاسىزلىق، ساختىلىق، ياۋۇزلۇق، ئادالەتسىزلىككە نەپرەت بىلدۈرگەن؛ ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ۋە ئەركىن ھاياتقا بولغان ئىنتىلىشىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇلار بۇ خىل ئىلغار مەزمۇنلارنى بەدىئىي ئەدەبىيات تەقەززا قىلىدىغان گۈزەل-سەنئەت شەكلى ۋە ۋاستىلەر ئارقىلىق كىشى ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يۇكسەك بىر بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلىگەن.

ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىمىز تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا دەۋر بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ئاز ئەمەس. كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ تۇرلۇك قوليازما نۇسخىلىرى قولدىن قولغا ئۆتۈپ، كۆچۈرۈلۈپ، خىلمۇ خىل تۈردە تارقالغان. بۇ ئەدەبىي مىراسلار مەيلى سەنئەت جەھەتتىن بولسۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، بىزنىڭ بىباھا مەنۋى بايلىقىمىزدۇر.

ئىلمىي جەمئىيەتلىرىمىز بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئالدى بىلەن نەشرگە تەييارلاشنىڭ كونكرېت ئىلمىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، يۇقىرىقى پرىنسىپلار ئاساسىدا، بۇ 30 پارچە ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشقا ئۇيۇشتۇردى.

بۇ ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ئەسلىگە سادىق بولۇش (ئەسەرلەرنىڭ تارىخىيلىقى، قەدىمىيلىكى، ئەينەنلىكىگە قەتئىي كاپالەتلىك قىلىش)، كلاسسىكلارنىڭ دۇنيا قارىشى، بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىمكان قەدەر تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇش، تېكىستولوگىيىلىك قائىدىلەرنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش قاتارلىق ئىلمىي پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىندى.

ئىلمىي جەمئىيەتلىرىمىز دەسلەپكى قەدەمدە قۇتقۇزۇشنى پىلانلىغان بۇ كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشى پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى خۇشاللىنارلىق مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ. كلاسسىك مىراسلارنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئىلمىي جەمئىيەتلىرىمىز ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كۆپلىگەن ئىدارە، كارخانىلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى

قەدىرلىگۈچى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ قىزغىن قوللىشىغا، ماددىي ۋە مەنىۋى ياردىمىگە ئېرىشتى. بىز بۇ جەھەتتە ئۇلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەمئىيىتى بىلەن 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى گەرچە يۈزلىگەن پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش تەتقىقاتچى، مۇتەخەسسىسلەرنى ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا قەدەم قويغان ۋە دەسلەپكى قەدەمدە بەزى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا كەڭ ئاممىنىڭ ۋە خەلقىمىز ئىچىدىكى ئىقتىدارلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشىگە، ماسلىشىشىغا موھتاج.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر ئەدەبىي مىراسلىرى، ئۇيغۇر 12 مۇقامى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىغا ئوخشاش مۇئەييەن دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ئۇنىڭدا يا ئۇنداق، يا مۇنداق تارىخىي چەكلىمىلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال. شۇڭا كلاسسىكلارغا ۋە كلاسسىك مىراسلارغا باھا بەرگەندە، تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارغا تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# 16-ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى قىدىرخان ياركەندى توغرىسىدا

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات-سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ھەر ساھە ئەربابلىرىمىز جۇملىدىن يازغۇچى، شائىر، تەتقىقاتچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ 30 نەچچە يىلدىن بېرى يېزىپ كېلىۋاتقان مۇناسىۋەتلىك ئەسەر، ماقالىلىرىدە قىدىرخان ياركەندى دېگەن كىشىنىڭ «دىۋانى قىدىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرلەرگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىرەر ئاساسلىق قوليازما ياكى پاكىتقا ئېرىشەلمەي كەلگەنىدى. مەنمۇ يۇقىرىقىلار قاتارى بۇ ئىشقا خېلىدىن بېرى كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتاتتىم. بەختكە يارىشا، 1985-يىلى 1-ئايدا، يەكەن خەلقى ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان قىدىرخان ياركەندىنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا ۋە دىۋانىنى توپلاشقا دائىر يازغان مۇقەددىمىسىدىن ئىبارەت بۇ قوليازما قولىمىزغا يېتىپ كەلدى. بۇ "مۇقەددىمە" گەرچە بىزگە قىدىرخاننىڭ دىۋانى ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتە بەلگىلىك دەرىجىدىكى ئىشەنچلىك بىلىم بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىز "مۇقەددىمە" دەپ ئاتىغان بۇ بىر پارچە ئەسەر 27 بەتتىن ئىبارەت (ئەسلىدە 28 بەت ئىكەن، بىرىنچى بەت يوقالغان). ئۇ

خوتەننىڭ پاتلانغان قەغىزىگە (ھەر بېتىگە 13 قۇردىن) ئوتتۇرا ھال خەتنى فارسى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، 100 كۇپلېت شېئىر، 21 ئابزاسلىق شەرھى سۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېزىلىش ئەھۋالىغا قارىغاندا بۇ مۇقەددىمىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆچۈرۈلگەنلىكى ئېنىق. چۈنكى قىدىرخاننىڭ قاپىيىلىك تۈزگەن بۇ مۇقەددىمىسى ئۆزئارا گارمۇنىيەلىككە ئىگە. ھەربىر بەتنىڭ توغرىسى 12 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 22 سانتىمېتىر. ھەربىر بەتتىكى تېكىستنىڭ ھەجمى سەككىز سانتىمېتىر. ئەپسۇسكى قولىيازمىدىكى تىنىش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلمىغاننىڭ تاشايىندا قىزىل سىياھدا قويۇلغان ھەمدە بۇ قولىيازما ياخشى ساقلانمىغان، مۇقاۋىسى يوق. قىدىرخاننىڭ يازغىنىغا قارىغاندا ئاپتور ئىمىرزادە تەبىقىسىدىن بولسىمۇ، لېكىن ئاشىقلارچە ھايات كەچۈرۈشنى ياخشى كۆرگەن. كۆپ ۋاقتىنى مەھبۇبىنىڭ مۇھەببىتى ئىشقىدا نەغمە-ناۋا بىلەن ئۆتكۈزگەن ھەم شۇ جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىككە نەپرەت ئوقۇغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ "مۇقەددىمە"سىدە مۇنداق يازىدۇ:

بولمىسا ئالدىمدا گۈلرۇھ (گۈلىيۈزلۈك) ساقى ئەھۋالىم خاراب،
يوق ئىسە ساقىدا گۈلگۈن (گۈلرەڭ) جامى مەي باغرىم كاۋاب.

ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ:

كۆن-تۆن ئاياقىم يالاڭ، ياقام چىماك،
مەيخانە يولىدا مەستۇ بىباك.
ھەردەم يېتىبان پەلەككە ھۆيۈم،
بەڭباشلار بىلەنلا گۇفتى گۇيۇم.

قىدىرخاننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ ياشلىق كۈنلىرىدىن تارتىپلا ھەر تۈرلۈك بەزمە ئولتۇرۇشلاردا بولغان، ھەربىر ئەھۋالغا يولۇققاندا، شۇ ئەھۋالغا قارىتا شېئىر يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرى شاھلار، شاھزادىلەر ۋە ئەلنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن ھەمدە قولدىن قولغا ئۆتۈپ، كۆچۈرۈلۈپ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ كەتكەن. ئۇ ھەمسۆھبەت بولۇپ كەلگەن سۇلتان مەھەممەد سۇلتان ئۆلۈپ ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلتان ئىبنى سۇلتان (بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېنىق يازماپتۇ) ئولتۇرغاندىن كېيىن، بۇ كىشى قىدىرخانغا ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىنى توپلاشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

ئۇلۇس ① تەبىئىنىڭ سەھاب ② يامغۇردىن،
بولۇپ سىراپ ئەل، نەزمىنىڭ دۇرىدىن.
سۆزۈڭ بەر ئەۋجى پەلەك چەكتى ئەلەمنى،
كى سۇردۇڭ ئەرشى لەۋھىغىنە ③ قەلەمنى.

① ئۇلۇس — خەلق.
② سەھاب (ئە) — بۇلۇت.
③ لەۋھىنە (ئە) — قۇدرەت تاختىسى.

ۋە لېكىن بىرقەدەر پىكرى پەرىشان،
بەنا تۇننە ئىش [1] دەك بولمىش پەرىشان.
تىلەرمىز بۇ پەرىشان بولسا مەجمۇئە،
راۋان بولكىم ئەمەستۇر ئۆزر مەسئۇمى [2]

مۇشۇ پەرماندىن كېيىن قىدىرخان ئۆز شېئىرلىرىنى توپلاشقا كىرىشكەن. قىدىرخانىنىڭ بايانىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بېيىتلىرى ئىككى مىڭدىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن. تارقالمىغانلىرىمۇ خېلى كۆپ بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە.

16-ئەسىردىكى يەكەن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇر، شائىر، مۇزىكىشۇناس قىدىرخان يەكەن خانلىقى دەۋرىنىڭ مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىلمىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزگىچە پارلاق سەھىپە ياراتقان. ”مۇقەددىمە“دە بىر قاتار شائىر، ئالىملارنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغىنىغا قارىغاندا، قىدىرخانىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئەنە شۇ مۇتەپەككۇر شائىر، ئالىملارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇلاردىن ئۆگەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قىدىرخان بۇ ”مۇقەددىمە“دە ئاز بولمىغان قەسىدىلىرىنىڭ باشقا

---

[1] بەنا تۇننە ئىش (ئە) — تاۋۇت قىزلىرى، كونا ئاسترونومچە يەر يۇلتۇزنىڭ ئېتى، بۇ پىكىر چېچىلاڭغۇلۇققا قارىتىلغان.
[2] مەسئۇمى (ئە) — ئاڭلانغۇچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خىلدىكىلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە تۇرلۇك مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن توققۇز مۇجەللەت (توم) قىلىپ تۈزۈلگەن ئەسەرلىرىنىڭمۇ بولغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ ئەسەرلەر: 1-"روھنى ئارتتۇرۇچىلىرى"، 2-"تاللانغان ۋەزىنەتلىكلىرى"، 3-"ساھەنە بېيىت ۋە پايدىلىقلىرى" 4-"لەتافەت ئارىلاش ۋە يېتىشكەنلىرى"، 5-"ئۇلۇغلاش ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان، كۆڭۈلگە ياقارلىرى"، 6-"مىسلىسىز تاق بېيىتلىرى"، 7-"لەتىپ ۋە راۋانلىقى مۇقەررەر مۇئەممالار"، 8-"تەبىئىيلىكى ئاشكارا ۋە تۇتاش غەزەللەر"، 9-"رىغبەتلىنەرلىك ۋە مۆتىدىللىكلىرى" قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قىدىرخان "بۇ بېيىت، شېئىرلار ئۆز خىلى بويىچە رەتلەندى" دەپ "مۇقەددىمە"نى يېزىشتىكى مەقسەتلىرىنىمۇ بايان قىلغان. شۇنىڭغا قارىغاندا، قىدىرخاننىڭ دىۋانى خېلى زور ھەجىمدىكى دىۋان بولۇشى، ھەتتا ئۇ بىرقانچە بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان بولۇشى مۇمكىن.

قىدىرخان ئامانىساخان بىلەن بىللە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى بولغان 12 مۇقامنى تۇنجى قېتىم رەتلەپ، قېلىپلاشتۇرۇپ چىقىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇقام تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان. ئامانىساخان ئابدۇرېشىت خان ئوردىسىدا تۇرغان مەزگىللىرىدە مۇتەپەككۇر، شائىر، مۇزىكا ئالىمى قىدىرخان ياركەندىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا جەھەتتىكى بىلىم ماھارىتىنى ئۆستۈرگەن. «تارىخىي مۇسىقىيون» نىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنىڭ 23-، 24-بەتلىرىدە: "قىدىرخان ياركەندىدەك ماھارەت كۆرسەتكەن ئۇستاز ئازدۇر. ئۇ كۆپرەك ئەلىشىر نەۋائىنىڭ غەزەلىياتلىرىنى ئوقۇيتتى. بۇنىڭدىن

خۇش ئاۋاز كىشى كەم ئۇچرايتتى. ئۇنىڭ ئىراق، ئىران، تەبرىز، خارەزم، سەمەرقەند، ئەنجان، ئىستانبۇل، كەشمىر، بەلىخ، شىراز قاتارلىق يىراق جايلاردىن مۇزىكا ئۆگەنگىلى كەلگەن شاگىرتلىرى بار ئىدى. ئۇ راۋابنى، ھەشتارىنى كەشىپ قىلغان. "ۋىسال" ناملىق يېڭى بىر مۇقامنى ئىجاد قىلغان. "ئۇ جەندە-كۆلا كىيىپ يۈرەر ئەردى" دەپ كۆرسىتىلگەن.

1953-يىلى مەن ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئارخىپلارنى رەتلەش خىزمىتىگە قاتناشقانىدىم. شۇ چاغدا تارىخي ۋە ئەدەبىي مىراسلارغا دائىر بىر قىسىم كىتاب قولىيازمىلار رەتلەنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىن "قىدىرخان پارچىلىرى" دېگەن خەتنى فارىسى بىلەن يېزىلغان ئىككى بەتلىك قولىيازما تېپىلغان. ئۇنىڭ باش-ئاخىرى بولمىسىمۇ، بۇ پارچىدىكى شېئىرلار مېنى قىزىقتۇرغانلىقى ئۈچۈن ساقلاپ كەلگەنىدىم. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىچە بېيىتلار يېزىلغان:

كەمبەغەل كەيسە كۆلانى،
شەيخلىرىڭ ئادەم ئەمەس.
ئۆلگۈچە ئېيتسام مۇقامنى،
مەن ئۈچۈن ماتەم ئەمەس.

مۇقام جاھاندا تاڭنىڭ ساباسى،
جانانغا جانكى قالسۇن ساداسى.
ھىچ تەڭ كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ باھاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھەشتارىمىز قىلسا خەندان دىيارىمىزنىڭ گۈلىستانىدا،
قوزغۇن ئۆلۈپ، بۇلبۇل كۈلەر نەغمە مەشرەپ داستانىدا.
ئون ئىككى چوڭ تولۇن ئايدەك دىل رىشتىگە مەشئەل ياقار،
ئۇنىڭ ئەمەس، بۇنىڭ ئەمەس — دىل كەشتىلەر بوستانىدا.

كەچتىم مەن زامانىڭدىن،
ياخشى كىم يامانىڭدىن.
ئاق سەللە، يېشىل سەللە،
بىزارمەن تەمايىڭدىن.

قىدىرخانىنىڭ نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى خەلق ئاغزىدىن چۈشمەي قولدىن قولغا ئۆتۈپ، كۆچۈرۈلۈپ قوليازما سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى شېئىر، قوشاقلىرى ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا خەلق ئۈچۈن ناخشا ئېيتىپ، رەشىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى زۇلمەتلىك، جاھالەتلىك ئىش-ھەرىكەتلەرگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئىجاد ئەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە شۇ ئىككى بەتلىك قوليازمىدا «تېگىشلىگەن قان» دېگەن تېمىدىكى مۇسەددەس ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بىر كۇپلېت شېئىرمۇ بار:

قىلىچ، نەيزە ئۇرۇلماقتا تۇمەنىمىڭ كەمبەغەل جانغا،
تۆكۈلگەن لەختە قانلارنى تېگىشتى بىر مۇسۇلمانغا.
جاھاننى قەتلە ئەتمەككە سېتىپ قوللارنى سۇلتانغا،
دىيارىمنى خاراب قىلدى چېچىپ دىشۋارىنى ھەريانغا.
تاجاۋۇز، قەتلە، ئاھلاردىن كۆمۈلسەكمۇ باياۋانغا،
ئېگىلمەسكە قەسەم قىلدۇق ئەرەبلەردەك شەھىدانغا.

بۇ شېئىردا شۇ تارىخىي دەۋردىكى يەنى 8 — 10-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش-كىرمەسلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋەقەلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئۆتكەنلىكى بايان قىلىنىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بېرىلگەن. بۇنداق چوڭ تارىخىي ۋەقەلىكتىن باشلانغان بۇ شېئىر بەلكى قىدىرخاننىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان توققۇز پارچە ئەسىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر تارىخىي داستان قىسمى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

قىدىرخان "مۇقەددىمە"سىدىكى «يۈز مىڭ يىل» دېگەن شېئىرنىڭ بېشىدىكى مىسراسىدا "بىر ساھىپقىرانكىم قىلىپىنىڭ سۇيىدىن جەڭ مەيدانىدا شەھەرنى ئېچىش گۈللىرى ئېچىلدى" دېگەن سۆزنى تەكىتلەپ ئۆتكەن. بۇ جەڭ ھەققىدىكى سۆزلەر قىدىرخاندا جەڭ تارىخى ئىلھامىنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قىدىرخاننىڭ ئۆز دىۋانىغا يازغان بۇ "مۇقەددىمە"سى گەرچە چاغاتاي تىلىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى جۈملىلەرنىڭ باشقىچە ئۇسلۇبتا تۈزۈلگىنىگە قارىغاندا قىدىرخاننىڭ كامالەتكە يەتكەن مۇتەپەككۇر قەلەم ئىگىسى ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەن 1946-يىلدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «خەمسى نەۋائى» دېگەن بۈيۈك ئەسىرىنىڭ بىرخىل قولىيازمىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. بۇنى ئۆگىنىش جەريانىدا بىرمۇنچە شېئىرلىرىنى يادلاپ ھەزىم قىلىپمۇ كۆردۈم. ھەتتا بەزى پارسچە، ئەرەبچە يېزىلغان شېئىرلىرىنىمۇ ئۆز پېتىچە يادقا ئېلىۋالدىم. ئەمما قىدىرخاننىڭ بۇ "مۇقەددىمە"سىنى ئىشلەش جەريانىدا ئۇلارغا ئوخشاشمايدىغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يېگىنچە بىر خىل جۈملە تۈزۈش ئۇسلۇبىنىڭ روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدىم. قىدىرخاننىڭ يەكەن خانى سۇلتان ئابدۇرېشىت خان ۋاپات بولۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن، يەنى 1571-يىل ياركەندتە ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم.

قىدىرخان ئۆز مۇقەددىمىسىدە بىر ياكى بىرنەچچە شېئىردىن كېيىن بىر ياكى بىرنەچچە ئابزاس شەرھى سۆز بەرگەن. بۇ سۆزلەرنىڭ قانچىلىك پاساھەت ۋە يۈكسەك سۆز ماھارىتى بىلەن بېرىلگەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئابزاسلاردىن كۆرۈۋالايمىز.

## مەسنىۋى

چاقماقتىن ئېلىپ تېزلىك ئېتى نۇر،
ئۇ شۇل ئاتقا يېگى ئاي، سىنە بەند [1] دۇر.
ئېتىنىڭ چاڭ-توزانى بىرجىسۇ [2] [3] ناھىد
ئىككى ياندىن جىناقى [4] ئايۇخۇرشىد.
زالالەت [5] كوچىسى غەمكىنلىرىغە،
جاھالەت دەشتىنىڭ مەجنۇنلىرىغە.

---

[1] سىنەبەند (پ) — ئاتنىڭ كەمەلدۇركى
[2] بىرجىسۇ (پ) — يۇلتۇزلارنىڭ ئىسمى.
[3] ناھىد (پ) — يۇلتۇزلارنىڭ ئىسمى.
[4] جىناق — ئۈزەڭگە ئاستىدىكى پالاقلىما
[5] زالالەت (ئە) — ئىرىش

بۇ چېچىلاڭغۇ پارچىلارنىڭ بەتلىرىنى بېزىگۈچىسى ۋە بۇ ھالى پەرىشانلىنىڭ جېنىنى كۆيدۈرگۈچى، قىسقىسى. . . مۇھەببەت قەدەھلىرىدىن ئوتلاپ تېتىغۇچىسى مالامەت خۇمخانە[1] سىنىڭ كوزالىرىنى توشىغۇچىسى، ئاشىقلىق مەھەللىسىنىڭ رەسۋاسى، ۋاپا بوستانىنىڭ داستانچىسى، مالامەت بۇلبۇلى شۇنداق ئەرز قىلىدۇكى، ئۇ چاغدا خوراساننىڭ جەننەتتەك تەختى، گۇراگانلىق (كوياۋ ئوغۇللۇق) نىڭ راۋاجى بىلەن بېزەلگەن، جاننى ئاسراش تاجىسى بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئۆمرۈم كېچىسى ياشلىق شاملىرى نۇرىدىن مۇنەۋۋەر ئىدى. ھاياتىم گۈلشىنى يىگىتلىك گۈللىرى ئەتىرىدىن مۇئەتتەر[2] ئىدى. پەس يىگىتلىك تەقەززاسىدىن، تەبىئەتكە ھاۋايى ھەۋەس غالىب ۋە تەبىئەت ئويۇنغا تالىپ ئىدى. كۆڭلىكىمنىڭ چاكىدىن كۆكسىمدىكى كونا تۇگۇنلەر بىر بىر ئايان ئىدى. كۆكرىكىمدىكى كېسىلگەن يېڭى ئىللىق[3] لەردىن كۆڭلىكىمنىڭ سىزىقلىرى قان ئىدى. ھەمىشە مەيگە ئىنتىلىش، كۆڭۈلگە مەھبۇپ، خاتىرەمگە مەرغۇپ[4] ئىدى. جېنىم ئىشىق شارابىدىن مەيپەرەس ئىدى.

ئاز ۋاقىتتا شاراب كەلكۈندىن، ھوش-ئەقلىم ئۆيى يىقىلدى، ئىشقىنىڭ چاقماقلىرى ساقىلىق سالاھىيىتىمنىڭ خىرمانلىرىنى كۆل قىلدى.

---

① خۇمخانە (پ) - ھاراق كۆپۈكلىرى قويىدىغان ئۆي

② مۇئەتتەر (ئە) — خۇش پۇراقلىق.

③ ئىللىق — تىغنىڭ ئىزى.

④ مەرغۇپ (ئە) — رىغبەتلەندۈرگۈچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بېيىت

كىشىكى ئىشقىنىڭ ئىلكىدە مۇپتىلا بولسا،
ئەجەب ئەمەس ئۇڭا ھەرلەھزە[1] يۈز بالا بولسا.
بارچە تۈيغۇ سۈرىتى كۆڭۈلدىن كەتتى،
كۆڭۈل سۈرىتى بىر-بىرىگە يەتتى.

شېئىر

ھەرمەنىكى ئۇ بولاتتى دىلدا پەيدا،
تىل ئەيلەر ئىدى نەزمە لىباسىدا[2] ئادا.
ئەللەر قىلىشىپ ئۇ نەزمىگە جانىنى پىدا،
چۆرگۆلگىچى گۈمبەزگە سالاتتىكى سادا.

مەسنىۋى

بۇ ۋەيران تەبئىنى بېيىت قىلسا مەستۇر[3]
تۇتۇپ شۆھرەت نۇچۇككىم بەيتى مەئمۇر.
شارابخانىلاردا پەيدا، يوشۇرۇن ئول،
بولاتتى ئۇ بىلەن تەبئىي[4] نىڭ تىلى ھۆل.

---

① لەھزە (ئە) — كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە.
② لىباس (ئە) — كىيىم.
③ مەستۇر (ئە) — يېپىلغان.
④ تەبئىي (ئە) — تەبئەت.

شارابىنىڭ دۇغىنى ئىچىدىغانلارغا، بەلكى مۇناجات خىرقە (جەندە) سىنى كىيگۈچىلەرگە، تۆۋەن تەبىقە ئاۋاملارغا، بەلكى پازىللارنىڭمۇ تىللىرىغا جارى بولۇپ، كۆڭۈللىرىگە تەسىر قىلاتتى. ئۇل زامانىنىڭ ئەخلاقى ئۇلۇغ كىشىلىرىگە، بەلكى شانى كاتتا شاھزادىلەرنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇشەررەف [1] بولار ئىدى.

خۇسۇسەن قانائەت بۇلۇڭىنىڭ توپىسىدا ئولتۇرغۇچىلار، ئىلىم زىرەكلىك ئەھلىنىڭ يىگانىلىرى، پەقىرلىق، پانىيلىق [2] گۆھىرىنىڭ نىشانىسى بولغانلار زىھنى ئىنچىكە يىپلار تۇگۇنىنى يەشكۈچىلەر، ساپ تەبىئىتى بار كىشىلەر ھەقىقەت چىرايلىرىنىڭ پەردىسىنى ئاچقۇچىلاردۇر.

بېيىت

تەبىئىي دەرۋىش ئۆزى شاھىنشان،
شاھ دەرۋىش مۇھەممەت سۇلتان.

ھەمىشە تولۇق مەتلەئىلىك [3] بىر غەزەل تاماملىنىپ، ئىلىم قەلىمى تەرىپىدىن ئېيتىلسا، يا قەلىمىنىڭ تىلى تەھرىر قىلسا ئىدى، دەرھال ئىپار ياغدۇرىدىغان قەلەم بىلەن كافۇر [4] بەتكە

① مۇشەررەف (ئە) — شەرەپلەندى.
② پانىيلىق (ئە) — يوقىلىش.
③ مەتلەئى (ئە) — داۋاملىق بار بولۇش.
④ كافۇر (ئە) — ئاق، خۇش پۇراقلىق دورا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېزىپ ئۇنى ئاق-قارىدىن ساقلايتتى ۋە تۇغقان ھېسابىدىكى زېھنى ئۆتكۈر، خۇش تەبىئەت مىرزادىلەر بىرقانچە قېتىم كۆچۈرەتتى. بۇ باشقا خەلقلەرگە يېيىلاتتى. بىقارار ئاشىقلارنىڭ مۇھەببەت تويى، مەشۇقلارچە بولغان گۈل چىرايلارنىڭ سۆھبەتدىشى بولۇپ، ئاما ئارىسىدا ناھايىتى تولۇق ۋە سۆزسىز ئەقلىي قاراشلارغا ئىگە بولاتتى. لېكىن خاتىرەمگە بۇ كېلىپ كۆڭلۈمدىن شۇ كېچەتتى. گەرچە ئۇلار ئەربابلارنىڭ خاسراقى، دوستلارنىڭ ئەزىزراقى بولۇپ، كۆپ قېتىم بۇ ئىشقا كىرىشىشكە (يازغانلىرىمنى توپلاشقا) تەكلىپ قىلاتتى. چۈۋالچاق خىيالىمغا: "ساراڭنىڭ سۆزنى قانچىلىك كۆپ توپلىسا، خەلق شۇنچە كۆپرەك كۈلىدۇ. ھەممىشە مەست يۈرۈيدىغان دىۋانىنىڭ سۆزلىرى كۈلۈشكە ئوخشاي بولىدۇ. خەلق ئۇنى ئۆگەنسە ھەيران قالغۇدەك ئەمەس، ئەلگە گاھى مەسخىرە قىلىشقىمۇ نەرسە كېرەك" دېگەن خىياللار كېلەتتى، دەيدۇ.

### رۇبائىي

ھەر كۈن يانا بىر شەمئى ئىلەدۇر گەپسانە،
ھەر تۈن يانا بىر شەمئىگەدۇر پەرۋانە.
ئىش ئۇشا جۇنۇن [1] ئورۇن ئۇشا مەيخانا
دىۋانە سىياقىنى نە بىلۇر دىۋانە.

---

[1] جۇنۇن (ئە) — ساراڭ.

شۇ تەقدىردىكى ئېيتقۇچىنىڭ ساراڭلىقى داۋا قوبۇل قىلىنىدىغان بولۇپ، ۋاقتى جامى ئىسلاھ [1] شارابىدىن تولغان تەقدىردە (ئۇ باشقا گەپ).

## شېئىر

بىر زېرەك بولسا مەيۇ ئىشقۇ جۇنۇن،
ھەممىگە قايىم ماقام [2] بولسا پەنۇن.

شېئىرلارنى توپلام قىلغانلاردىن بەزىسى باقا مۇلكىدە [3] پانى ۋە بەزىسى خالايىق ئارىسىدا باقىدۇرلار... (خالايىق ئارىسىغا ئامانەت قويغان نەرسە بولۇپ قالىدۇ).

(قىدىرخان بۇ ئىككى جۈملە سۆزىنىڭ بېشىدىكىسىنى ئاۋۋالقى گۇرۇھ، كېيىنكىسىنى كېيىنكى گۇرۇھ دەپ شەرھلەيدۇ. ئاۋۋالقى گۇرۇھتىكىلەر ھۆجۆت جاڭگىلىنىڭ يولۋىسى. ئىشقى ئوتخانىسىنىڭ ئوت چاچقىنى. مەئنا جەۋھەرلىرىنىڭ كېنى، ھەزرىتى خاجەخىسراۋ دېھلەۋى ئەسەرلىرى ۋە پانا مەيخانىسىنىڭ جەندىسى، بالا خۇمخانىسىنىڭ بېپەرۋا مەستى، ئىشقى ئەسرارىنىڭ تۇتقۇچى يىپى، خوجا ھافىز شىرازى ئەسەرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كېيىنكى گۇرۇھتىكىلەر مۇقەددەس

[1] ئىسلاھ (ئە) — تۈزىتىش.
[2] قايىم ماقام (ئە) — ئورۇنباسار.
[3] باقا مۇلكى (ئە) — باقىلىق، مەڭگۈلۈك. (بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك مۈلۈك بولۇپ قالىدۇ)

www.uyghurkitap.com



كىچىنىڭ نۇرلۇق شەمئى، ئۇلپەتلەر گۈلىستانىنىڭ سۆزلەيدىغان بۇلبۇلى، بالاغەت بوستانىنىڭ تاتلىق سۆزلۈك تۇتىسى، جانابى مەخدۇم ھەزرەت مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى دىۋانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر ئىبارىتىنىڭ پۇسەھاسىدىن [1] ئۇيغۇرچە سۆزلەر بۇلەغاسىرىدىن [2] مەۋلانا لۇتفى، مەۋلانا سەككاكى لەردۇر كىم بۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ (بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك مۇلۈك بولۇپ قالىدۇ) شېرىن بېيىتلىرى يۇرتىمىزدا بىغايەت مەشھۇر ۋە يەنە بۇلارنىڭ غەزەللىرىنىڭ بېيىلىشى ئىراق ۋە خوراساندا ناھايىتى كۆپتۇر...

فارىسقا ئورالغان تۈركىي يىگىتلەر گورۇھىنىڭ بېشى ئەزىز يار سۆھبىتىكىم، فارسى ئەشئار باھارىدا پەيز بۇلۇتىدىن ياغقان يامغۇرنىڭ ھەر قەترىسىغە پىكىر رىشتىسىنىڭ شوخ قىزلىرى بارماقلىرى ئۈچى بىرلە يۈز تۈگۈن تۈگىدۇ. ئۇيغۇر بېيىتلىرىدە مەقسەت ئاغىمىقىنى چاپسا يۈز يىل بۇرۇن ئۆلگەن ئىنچىكە، نازۇك پەردىلىرىنىڭ ساچ زەنجىرلىرىنى، بۇ چاققان ئاتلىق نەيزە ئۇچى بىلەن يۈز تۈگۈنى يېشىدۇ. ھازىر بۇ ئىككىسى سۆز تۈزۈشنى لايىق كۆرۈپ، ئۆز دىۋانلىرىنى تولۇقلاشقا مايىل بولماقتا. تېخى ئۈنىڭدىنمۇ لەتىف شېئىرلارنى تىزغۇچىلارنىڭ ھوشيارلىقى ۋە زېرەكلىكى بىلەن ئورالغان يازغۇچىلارنىڭ لەتىفەلىرى ئامىنىڭ تەبىئىتىگە بېقىپ كۆپرەك مەقبۇل بولۇشى

---

[1] پۇسەھا (ئە) — پاساھەتلىك سۆزلىگۈچىلەر.

[2] بۇلەغا (ئە) — يېتىشكەنلىرى.

مۇمكىن. (ئەمما) مەنە دەرياسىدا مۇنچە غەۋۋاسلار[①] ئارىسىدا دىۋانىلىق تىلىدىن يېگانە بولغان يېرى ئۆزىنى قانداق قىلىپ ئۇلار ئارىسىغا سالالايدۇ. سالسىمۇ قانداق گۆھەر تاپالايدۇ.

## رۇبائىي

بۇ تايىپە ئەھلىگە ھەرەم...
جانبازلىرى[②] چېپىشتا دۇر ئەبىر خىرام[③]
مەن خەستەكى[④] يەردىن ئالالمايمەن كام[⑤]
ھەمراھلىق ئۇلار بىلەن خىيالىدۇر خام.

دائىم ئەل قېشىدا مەقبۇل بولاتتىم. ئۆز ئۆزۈم بىرلە مەشھۇر ئىدىم. بۇ مەقبۇل باھانەسى بىرلە ئۆزىرلىك ئىدىم. زامانە ئۆز ھادىسىلىرى بىلەن ئول جاھان تۇتقۇچى سەلتەنەتىنىڭ ئاساسىنى بۇزدى. شامالدەك ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان پەلەك ئۆز مەقسىتىدەك ئىش قىلغۇچىنىڭ ھاياتلىق شەمئىنى ئۆچۈردى. مەملىكەت تەختى بىر شاھنىڭ كېلىشى بىلەن پەخىرلىنىپ، سائادەت تاجىسىنىڭ گۆھىرى بولۇش بىلەن بېشىنى كۆككە

---

① غەۋۋاس — سۇ ئاستىدا ئۈزۈپ مەرۋايىت ئىزدىگۈچىلەر.
② جانبازلار (پ) — قان ئويىنىغۇچى.
③ ئەبىر خىرام (پ) — بۇلۇتتەك ماڭغۇچى.
④ خەستە (پ) — كېسەل.
⑤ كام (پ) — ماڭدام قەدەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەتكۈزدى. جاھاندارلىق تاجى پاناھى[1] نىڭ باش ئۈستى بىرلە ماختىنىپ يۇلتۇزلار ئۇنىڭ چادىرى قۇببەسى[2] بولالمىغانلىقى بىلەن بىشىنى قۇياشقا تەگكۈزدى. مەملىكەت تۈنلىرى بىر دۆلەت مەشئىلى بىرلە روشەن بولدىكىم، ئۇنىڭ ئۇچقۇنى شولىسىدىن نۇرلۇق تولۇن ئاي بۇلۇتتەك يوشۇرۇندى. ئادالەت شەھەرلىرى ئـادىللىق قۇياشى بىرلە يورىدىكى، بۇ ئالەمنى تۇتۇپ تۇرغان قـۇيـاش كـۈن جـۇلاسـىنىڭ يېنىدا كۈن قېشىدىكى زەررىدەك كۆرۈندى. (شاھلارنى دېمەكچى)

بىر ئىقلىم (مەملىكەت) نى ئالغۇچى مۇبارەك ئەلقاپ[3] لىرى شـەرىـپـىـدىـن پەرمان چۈشۈرۈش بىلەن ئۇنىڭ بېشى خۇتبە مۇنبىرىنىڭ يۇقىرىسىغا تاقاشتى. بىر خەزىنە بەرگۈچى ئۆمرى زىـيـادە بـولـىدىغان جاناب ئىسمى سىككە[4] سىنىڭ ئەينىكى يـاخـشـىـلىق ناخشىسىنى ئاشكارا قىلدى. ئۇ بىر دىنى پاكىز كـىـشـىكىم شەرىئەتنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن كۈنىنىڭ چارلاش ئـېـلـىـپ بېرىشى سەۋەبلىك زۆھرە[5] يۇلتۇزى ئۇد[6] يۈزىدىكى تـارىلىرنى قۇرئان سەھىپىلىرىگە مىستەر[7] قىلدى. ئادالەتنى ئادەت قىلغان كىشىنىڭ پۇقرالارغا رىئايە قىلىشى بىلەن ئىنساپ

---

① پاناھى (پ) — ھىمايە.
② قۇببە (ئە) — گۈمبەز.
③ ئەلقاپ (ئە) — بىر كىشىگە ئاتاپ سۆزلەنگەن ياخشى سۈپەتلەر.
④ سىككە (ئە) — پۇلغا بىر پادىشاھ ئېتىنىڭ ئۇرۇلۇشى.
⑤ زۆھرە — ئاسمان سازەندىسى.
⑥ ئۇد (ئە) — چالىدىغان چالغۇ.
⑦ مىستەر (ئە) — سىزىق تارتىدىغان ئەسۋاب.

دېھقانى ياردىمىدىن قەھەتچىلىكنى ئويلايدىغان مىررىچ يۇلتۇزى، تۇرغۇن يۇلتۇزلار دانىسىنى ئاسمان تېرىلغۇلۇقىغا تېرىدى. بىر ساھىپقىرانىكىم[1] قىلىچىنىڭ تىغى سۇيىدىن جەڭ مەيدانىدا غەلىبە گۈللىرى ئېچىلدى. مەملىكەت ئالغۇچى كىم، ئۇنىڭ غەربىزىدىن، تەسىرىدىن بەزمە چۇمەنلىكىدە ئىنايە، بۇلۇتىدىن زەپەر گۆھەرلىرى چېچىلدى.

## قىتئە

شەھكىم ۋەسفى يۈزمىڭ يىل،
تۈگىمەس گەرچە يۈزمىڭ يىل.
بۇ ئېيتىلغانچە يۈزمىڭ يىل،
يەنە ھەريايسى يۈزمىڭ يىل.

## رۇبائىي

ئاسمان بويى ھۆكمى يۈكىدىن خەم[2] بولىدۇ،
ئاي شولىسى پىكرى نۇرىدىن كەم بولدى.
سۇلتانلىق ئاڭا گەرچە مۇسەللەم[3] بولىدۇ.
بۇ ئەجەبكى دەرۋىش سۈپەت ھەم بولدى.

---

[1] ساھىپقىران (ئە) — ئىككى غالىپ يۇلتۇز يېقىنلاشقان ۋاقىتدا تۇغۇلغان ئادەم.
[2] خەم (پ) — ئەگرى ئېگىلگەن.
[3] مۇسەللەم (ئە) — تەسلىم بولۇش، تاپشۇرۇلۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خۇلاسە شۇكى، بۇ سەلتەنەت ئاسمىنىنىڭ كۆنى يۇلتۇزلار شاھى، تۆتىنچى ئاسمان[1] يۇلتۇزلىرىنى مۇسەخخەر[2] قىلغاندەك تۆتىنچى ئىقلىم[3] تەختىدە ئورناشتى. بۇ رۇبئى مەسكۇن[4] خەلقى پاراغەت ئورۇنلىرىدا خۇشال ۋە ئېمىنلىك... لىرىدا ئارامىدا بولۇپ، يۇلتۇزلار ئاي چۆرىسىگە توپلانغاندەك خەلقمۇ ئۇ قۇياش تەرىپىگە ئاقتى.

پەلەك قارنىدا بىر سىقىم توپىدەك،
ئۇنىڭسىز دېڭىز ئىچىدە ئوت-خەستەك.

قۇياش گەرسە سېنى مەتاق[5] ئەيلەدىم،
ئۇنى زەررەگە ئوخشا تاۋاپ ئەيلەدىم.

يۇزۇم ئاسماندەك زېمىن توپىسىدىن بەھرىمەن بولدى. بۇ بېشىم بۇ پەلەككە تاقىشىدىغان باررىگاھ ئىتلىرى ئايىغىدىن

① تۆتىنچى ئاسمان — يەتتە ئاسماننىڭ تۆتىنچىسى يەنى كۈن تۇرىدىغان ئاسمان.
② مۇسەخخەر (ئە) — ئىگىلەش.
③ تۆتىنچى ئىقلىم — كونا ئاسترونوملارنىڭ قارىشىچە، يەر شارىنىڭ بۆلۈنۈشىدىكى تۆتىنچى دەرىجىدە بولغان ئافغانىستان، ھىرات قاتارلىق دائىرىلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ.
④ رۇبئى مەسكۇن (ئە) — كىشى تۇرىدىغان تۆت قىتئە.
⑤ مەتاق (ئە) — تاۋاپگاھ.

بــەختلىك بولمىدى. ئەگەرچە ئاتا-ئانىدىن يەتتە پۇشتىغىچە بۇ
ئــالــىي سۇلالىنىڭ بەندىسى دىسە بۇ كەڭرۇ ئاشيانىنىڭ تۇغما
مىراسىدۇر. يەنى بۇ خانزادىنىڭ خانزادىسىدۇر.

## مەسنىۋى

ئاتام بۇ ئاستانىنىڭ خاك بىزى [1] ،
ئانام ھەم بۇ ساراي بوستان كىنىزى.
ئۇڭا ئۇز گەر بولاي بۇلبۇل ۋە گەر زاغ،
كىم ئۇشبۇدۇركى، بولغاي گۇلشەنۇ باغ.

ۋەلى بىر ئۇمۇر، بۇ گۇلشەندىن ھاۋادىن،
قىلىپ جانىمغا ھىجران رەنجى ھادىس[2]

ۋە لېكىن قابىلىيەت قىللىتىدىن [3] ،
ۋە ھەر تۇرلۇك ھاقارەت كەسرىتىدىن[4] .

ھــەرگــىــز ئالىي قەدىرلىك سۇلتانلار خىزمىتى كۆڭلۇمگە
كــەلمەيتتى. ئاسماندەك ئىقتىدارلىق خاقانلار ئارزۇسى ئىچىدە

---

[1] خاك بىزى — تۇپراق چۆككۇچى.
[2] رەنجى ھادىس (پ) (ئە) — كىيسلى پەيدا بولۇش.
[3] قىللەت (ئە) — ئازلىق.
[4] كەسرەت (پ) — تولىلىق

زوھور قىلمايتتى. ئەمما بۇ ھەزرەتنىڭ كىميا[1] خاسىيەتلىك ئىلتىپاتلىرىدىن خىزمەتتە ئىختىيارسىز بەندىلىكتە دىۋانىدەك ئىدىم. ئەمما قۇياش تاغلىرى تۇرلۇك جاۋاھىراتلارنى پەيدا قىلغاندەك كۆڭلۈم كېنىنى ئېسىل گۆھەرلەر بىلەن زىننەتلەپ، قول ئالقىنى بۇلۇتىدىن نۇرغۇن كۈچ بېرىپ تۇپراقتىن تۇرلۇك رەيھانلار ئاشكارا قىلىنغاندەك، خاتىرجەم بوستانلىقنى لەتىپىلەر گۇللىرى بىلەن بېزەتتى. بەزى مەجلىسلەردە ئوردا تىلىدا بەزى بېيىتلىرىم ئېيتىلىپ، بەزى ئولتۇرۇشلاردا بەزى غەزەللىرىم گۆھەر چاچار قوللار بىلەن يېزىلاتتى. گاھىدا ئىبارىلىرىمدىكى قۇسۇرلار ئۆزگەرتىلىپ، ئەيىبلىرىدىن پاك قىلىناتتى ۋە گاھى مەنىلىرىمدىكى قاملاشماسلىقلار تۈزىتىلىپ، نۇقسانلاردىن خالىي قىلىناتتى. بەزى بېيىتلىرىمدىن مۇناسىپ بولمىغان سۆزلەر چىقىرىلىپ، ئەلگە لايىق بىردۇر تارتقاندەك سۆزلەر كىرگۈزۈلەتتى. بەزى غەزىلىمدىكى بىرەر قاملاشمىغان بېيىتكە سىزىق تارتىلىپ، بىر دەستە. . . ئىچىدە ئالتۇن قەسىر ياسىغاندەك بىرەر بېيىت كىرگۈزۈلەتتى. بۇ چېچىلاڭغۇ بېيىتلىرىم ئۇل لەبزىلەردىن، بۇ پەرىشان غەزەللىرىم ئۇل بېيىتلەردىن:

## رۇبائىي

تىكەن ئىدى گۈل بولدى ئۇ گۆھەردەكلا،
يا گۈللەر ئارا روھكى سۈرەتتەكلا.
يا گۈل تىكەن ئىچىدە قىزىل گۈلدەكلا،
بەلكى تەن ئارا سىزىلغان جاندەكلا.

---

[1] كىميا — مىسنى ئالتۇن قىلىدىغان ئىلىم.

بۇ بېيىتلار ئايۋانى، ئول ئىسلاھ قىلىنغان نەفىس نىگارىلىرىدىن چىن رەسىمخانىلىرىنىڭ قىزغىنىشىنى كەلتۈرىدىغان ۋە بۇ غەزەل بوستانى ئەھمىيەت بېرىش باھارىدىن جەننەتنى يالغۇز قالدۇرىدىغان بولۇشقا باشلاپ، قارىغانلار كۆزلىرىگە ئەجىپراق، ئەھلى دىللار كۆزلىرىگە مەرغۇپراق بولۇپ ھۆرمىتى كۆپ، شۆھرىتى نۇرغۇن بولدى. ھەقىقەتەن:

مەن بۇ ۋەيرانىنى ئول جاۋاھىرلار بىلەن نەز خەزىنە قىلغانلىقىمدىن ھەيران ۋە مۇتەپەككۇر ۋە بۇ قەسرىنى ئول مەشئەللەر نۇرى بىلەن يورۇتقانلىقىم پىكرىدىن ھەيرەتتە ئىدىم.

ئەگەر ئەختەرۇر[1] ھەر سۆزىڭ پاك،
كى ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭ باشىغا ئەفلاك[2].

راۋامۇدۇر بىزنىڭ پەررۇخ[3] زاماندا،
ئۇلارنى دەربەدەر قىلماق جاھاندا.

ئاتالارچە بارىنى يىغقىل ئەمدى،
نۇچۇككىم كەت خۇدا[4] بۆۋەك[5] نى يىغدى.

---

① ئەختەر (پ) — يۇلتۇز.
② ئەفلاك (ئە) — پەلەكلەر، ئاسمانلار.
③ پەررۇخ (پ) — مۇبارەك.
④ خۇدا (پ) — ئائىلىلىك بولغان كىشى.
⑤ بۆۋەك — بوۋاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلار بىچارە ئى، بىز بى چارەرەس[①] بىز،
سەن ئەر نا مېھرىبانسەن، بىز ئەمەس بىز.

چۈن بىلدىڭ ھۆكۈم باردۇر ئىشقا سەن قايت،
يۈرۈپ مەقسەت تەرەپكە تېزلا سەن قايت.

ئۈنى رەتلىمىگۈچە تىنما بىردەم،
سۆز بولدى قىسقا بەس ۋەللاھۇ ئەئلەم.

بۇ ئەگەشمىسە بولمايدىغان پەرماننىڭ بولۇشىدىن توغرا بولغان بۇيرۇق چۇشۇش بىلەن تۇتۇن بېشىمدىن ئاشتى. مېڭەمگە ئوت تۇتاشتى. قەلىمىم تىلى لال، تىلىم قەلىمى سۇنۇق ھال بولدى. نە باشلاشقا قۇۋۋەت ۋە نە ئۆزرە ئېيتىشقا قۇدرەت يوق، ناھايىتى تىترىگەنلىكتىن، بەلكى چارىسىزلىقتىن ئۆز ۋاقىئەمگە سادىق. ئۆز مۇداپىئەمگە مۇۋاپىق بۇ بېيىتنى سۆزلەيتتىم ۋە كۆڭلۇم بۇ كۈينى كۈيلەيتتىم.

مەسنىۋى

رەنجى تارتماي كىشى كۆڭلى تاپارمۇ پىراغ[②]،
كۆڭۈل ئۆرتەنمەيىن يانۇرمۇ چىراغ.

---

① چارەرەس (پ) — چارە كۆرۈش.
② پىراغ (ئە) — پاراغەت، خاتىرجەملىك.

لالە ئۈدۈغىغىچە غەيرىتىڭ يوقمۇ،
پىلە قۇرتىغىچە ھىممىتىڭ يوقمۇ.

ئۇرۇق يەرگە كىرىپ چېچەك بولدى،
قۇرت جاندىن كېچىپ يىپەك بولدى.

باشلىساڭ ھەم بۇ يولدا جان چەكسەڭ،
سەئيي[1] دە يۈز پىيالە قان چەكسەڭ.

سەنمۇ زىينەت ئوڭاي بەرگۈڭدۇر،
تىرىشىپ بەلكى تەدۋىن[2] ئەتكۈڭدۇر.

ئەقلىڭ ھەيبىتى بىلە نا ئۈمىد،
ماڭا بولدى ئۆزۈمگە باشقا ئۈمىد.

ھۆكۈم مەزمۇنىغا قەلەم چەكتىم،
بەتىنىڭ تەرتىپىگە رەقەم چەكتىم.

گەرچە بەستۇر قاراڭغۇ بۇ زۇلمەت،
غەم يېمەسسەن ئاندا بار ئابىھايات.

---

① سەئيي — تىرىشىش.
② تەدۋىن (ئە) — دىۋان قىلىش، توپلام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ دىۋان ئەگەر خۇدا خالىسا، مۇشۇ ئېيتىلغان تەرتىپ بىلەن تەرپلەنگۈسى ۋە شۇ يېزىلغان يۇنىلىش بىلەن تۈزۈلگىسىدۇر. باشقا دىۋانلاردا كۆرۈلمىگەن مۇنداق بىرنەچچە ئىشقا رىئايە قىلىنىدۇ. دىۋان تۈزگەنلەر خەلق كىتابلىرىدا ئاشكارا بولغان خالايىق ئىبارىتىدىن 30 ھەرپتىن تۈزۈشكەن. تۆت ھەرپكە تەگمىگەن ۋە ئىشلەتمىگەن. سۆز دېرىزىسى نەزمە نەپىسلىرىنىڭ تەبئىتىگە ياقار پەردىلىرىنى ۋە كېلىشكەن تونلىرىنى كىيگۈزۈپ جىلۋە باشلىسا، ياقۇت ساندۇقچىدىكى 32 گۆھەردىن تۆت دانىسى كەم بولسا، شۇ مۇقەررەر كىم، ئۇنىڭ جامالىغا قۇسۇر ۋە سۆزگە پۈتۈن بولغۇسىدۇر.

بېيت

لەئەلدەك زىننەتلىك چىشلار ئىچرە گەر بولسا پۈتۈر،
سۆزنى ھەردە بىر خىجالەتلىك ئۇڭا يۈز بەرگۈسى.

شۇڭا ئۇ، تۆت ھەرپ جەۋھەرلىرىنى ھەم باشقا ھەرپ جاۋاھىراتلىرى قاتارىغا قوشۇپ، غەزەللىرىنى 32 ھەرپ بىلەن تەرتىپكە سېلىپ تۈزدۈم. يەنە بىرى شۇكى، ئۇلار ھەربىر ھەرپ غەزەللىرىدە، بىر تۈگۈن غەزەل بىلەن باشقا غەزەللەر ئارىسىدا ئۇسلۇب خۇسۇسىيىتىگە رىئايە قىلمىغان. شۇ مۇقەررەركى، ھەربىر ئىشتىن غافىل بولمىغىل. ئەگەر كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ساڭا سائادەت مۇيەسسەر بولمىسا، ھەرقانداق ئىش باشلىنىشتىن غافىللىق، سۇسلۇق ۋە بۇزۇلۇش كۆرۈلىدۇ.

شــۇڭا بۇ دىۋاندا ھەمد-نە ئىتتىن باشقا، ئۇنى ئاڭلاش، مــەھۋەشلەرگە[1] دىلكەش ۋە سەركەشلىككە سەۋەب بولىدىغان ۋە غــەمــكــەشلــەرنىڭ تەسەللىسىگە سەۋەب بولىدىغان بىر ئىككى نەسىھەت زىننەتلىك ۋە ئىزگە ئوخشىغان بېيىتلار كىرگۈزۈلدى. يــاكــى ئۇلارنىڭ چىرايلىرىنىڭ جۇلالىسى چاقمىقىدىن كۆپرەك تاشقىرىغا جۇلادىغاي، بولمىسا بۇ غەزەل ئاھۇلىرى جىلۋە قىلىپ، پەردىنى يىرتىۋەتسە، بۇ بېيىتلارنىڭ نەسىھەت قىلغۇچى ۋائىزلىرى نەسىھەتچىلىرىگە توسالغۇ بولغاي.

## مەسنەۋى

يەنى ئول گۈل چەھرىلەر ناز ئەتسەلەر،
ئەقىلدىن بولماقنى باشلاپ ئەتسەلەر.

يۈزلەنىڭ شولىسىدىن ھەر نەپەس،
قىلسالا ئالەمنى كۆيدۈرمەك ھەۋەس.

بۇ نەسىھەتچى ئەھل ھېكمەتلەر بىلەن،
يۈز تۈمەن پەندۇ نەسىھەتلەر بىلەن.

توسقۇچى بولغاي ئۇلارغا ھەر زامان،
تا زامان ئول پىنىدىن تاپقاي ئامان.

---

1) مەھۋەش (پ) — ئايغا ئوخشاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەنە بىرى شۇكى، قالغان دەلەت دىۋانلىرىدا ئاشكارا بولغان رەسمىي غەزەل ئۇسلۇبىدىن تاجاۋۇز قىلىپ بەزى چاغلاردا سۆز چوكانلىرىنىڭ جىلۋىسىگە نامايىش ۋە جامالىغا زىننەت بېرىشمەيدۇ. ئەگەر گاھىدا مەتلەئ مەخسۇسلۇقى يۈز بەرسىمۇ، ئۇ مەتلەئ ئۇسلۇبى بىلەن تۈگىتىش ۋە ئاياغلاشتۇرۇش كىيىمىنى كىيدۇرمەيدۇ. بەلكى تۈگۈگۈنچە تەرتىپ مەزمۇنى ۋىسال باھارىدا گۈل كۆرسەتسە، ئۇنى يىراق خازانىدا بىر تىكەن قىلىپ قويۇپتۇر. شۇڭا، كۆرۈلگەن ھەر مەزمۇننىڭ مەقتە ئىگىلىك[1] سۈرەت گۈزەللىكى مەنە ياقتىن بىلىش يولى قوللىنىلىدۇ.

رۇبائىي

ھەر يەردە باھار بولسا چىمەن بولسا كېرەك،
ھەر يەردە چىمەن بولسا سۇمەن[2] بولسا كېرەك.
ھەر يەردە خازان بولسا تىكەن بولسا كېرەك،
ھەر يەردە تىكەن بولسا رەنجى مىھنەت بولسا كېرەك.

رۇبائىي

زاھىد خۇش ئەمەستۇر خارابات ئىچرە،
پاسىق[3] نەتىلەر ئەھلى مۇناجات ئىچرە.

---

① مەقتەئ (ئە) — غەزەلنىڭ تۈگىگەن يېرى.
② سۇمەن (پ) — بىر تۈرلۈك چىرايلىق گۈل.
③ پاسىق — بۇزۇق.

بۇنىڭدىكى مەقسەت شۇ ئىدىكى، قانداق بىر سۇلتان بىر بىنا قۇرۇپ مۇستەھكەم بىر قەسىر ياسىسا، ئۇل ئېگىز بىنانىڭ راۋىقىغا ئۆز ئىسىملىرىنى يېزىشقان، ئۇل ئەيۋان پەشتاقلىرىدا ئۇل ئىسىملەر مەڭگۈ مەۋجۇت بولغاي.

## رۇبائىي

كىم قىلسا ئىمارىتىكى مەقتۇر[1] بولغاي،
چۈن ئىسمىم كىتابىدا مەستۇر[2] بولغاي.
ئول ۋاقتىغىچە كىم بۇ بىنا مەئمۇر[3] بولغاي،
ئول ئىسمىم ئولۇس تىلىغا مەزكۇر بولغاي.

بۇ گۈمبەز ئالىي بىر شەھەرگە ئوخشايدۇركى، ئۇنى ئول ھەزرەتنىڭ لەتىف تەبىئىتىنىڭ بىنا قىلغۇچىسى بىنا قىلغان. بۇ باغ جاھاننى زىننەتلىگۈچى جەننەت مىسال بىر باغدۇركى، ئۇنى ئۇلۇغ خىيالنىڭ باغۋەنى تۈزگەن (شۇڭا) بۇ قەسىر ئاساسىنىڭ پەشتىقىدا ئۆمرى ئۇزۇن بولىدىغان بۇ جانابنىڭ ئېتى پۈتۈلسە ئەجەب بولماس. بۇ باغ راۋاقىغا ئول مۇبارەكنىڭ ئالقابى يېزىلسا غارايىپ كەلمەس.

---

① مەقتۇر (ئە) — قادىر بولماق.
② مەستۇر (ئە) — يېزىلغۇچى.
③ مەئمۇر (ئە) — ئاۋات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەسنەۋى

غەرەز بۇ ئەردىكىم ئول قەسرە ئالىي،
كى ھەرگىز بولمىغاي يارەب بۇ خالىي.

ئۇنى شاھ ئىھتىمامى[1]قىلدى مەئمۇر،
مىنى پەرەز ئەت بىناكار، ياكى موزدۇز.[2]

ئۇلار تا چەرخ قەسرىدە يەر ئالغاي،
نۇجۇم[3] ئەيۋانى ئۈزرە ساير[4]بولغاي.

قىدىر دىۋانىدا ھەر لەھەزە كامىن[5]
ھەمىمە مەقسۇدىغە يەتكۈزسۇن ئامىن.

تـەتقىقنى شوئار قىلغان تەتقىقاتچىلار ھۇزۇرىغا، ھەقىقەت بىلەن ئورالغان ھەقىقەت قىلغۇچىلار ھۆرمىتىگە ئەرز ئولدۇركىم، تەرپىلىنىۋاتقان بۇ پەرىشان بېيىتلار شەرھى قىلىنىشتىن ۋە تۇتۇپ تۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە بۇ رابىتە[6]تىزمىسىغا تارتىلىشتىن ئىلگىرى

---

① ئىھتىمام (ئە) — ئەھمىيەت بېرىش.
② موزدۇز (پ) — مەدىكار.
③ نۇجۇم (ئە) — يۇلتۇزلار.
④ ساير (ئەي) — يۈرگۈچى.
⑤ كامىن (ئە) — مەقسەت.
⑥ رابىتە (ئە) — ئۇلىنىش.

بەزىسى ئوتتۇرا ياشتا دېيىلگەن بولسا، بەزىسى كىچىكلىكتە دېيىلگەنىدى. بەزىسى تازا ساق ۋاقتىدا بولغان بولسا، بەزىسى مەستلىكتە، بەزىسى ھوشيارلىقتا بولسا، بەزىسى دىۋانىلىقتا يېزىلغانىدى. ئۇلاردا بۇزۇق پەرقلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن بولغانلىقتىن توپلاشقا جۇرئەت قىلىنمايتتى. ئەمما خەلق ئارىسىغا تارالغان شېئىرلىرىمدىن مىڭ بېيىت، ئىككى مىڭ بېيىت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بار ئىدى. ئارتۇقراق ياكى كەمرەكىنى خەلق ئۆزلىرى توپلىغان بولۇپ، ناھايىتى مەشھۇر بولغانىدى. بۇلارنى تەرتىپلەشكە ھۆكۈم بولغاندىن كېيىن، بەزى غەزەللىرىم ناتاماراق ئىدى. يېزىلىپ ئاشكارىلانغان ۋە شۆھرەت قازانغانلىرىدىن بۆلەكلىرىنى، باشقىلار ئارىسىدىن چىقارماق قىيىن بەلكى مەھەل[1] كۆرۈندى. شۇ جەھەتتىن ھەرقايىسى سۆز ئۆز يېرىدە نەزىم تىزمىسىغا كىرگۈزۈلدى.

## رۇبائىي

گۇل بولسا تېخى تىكەن بولۇر بوستانىدا،
دۇر بولسا تېخى سەدەپ بولۇر ئەممانىدا[2].
شېكەر بولسا ھەم خۇمار بولۇر ئەممانىدا،
ئەيىب ئەيلىمە ساددا بېيىت بولۇر دىۋاندا.

---

[1] مەھەل (ئە) — مۇمكىن ئەمەس.
[2] ئەممان (ئە) — ئەممان دېڭىزى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۈز گۈل ئاراسىدا بىر تىكەن بولسا كېرەك،
يۈز ياخشى ئىچىدە بىر يامان بولسا كېرەك.
مىڭ جام ئىچىلسە شۇنداغكىم ئابىھايات،
قۇرۇق يەر ئاستىدىمۇ دۇررى ئەدەن[1] بولسا كېرەك.

سۆز رىشتىسى ئۈزۈلدى ۋە مەقسەت گۆھىرى ئارادا قالدى. سۆزنىڭ ھاسىلى بۇ ئېيتىلغان مەخدۇم[2] لەردىن ئىلتىماس بۇ دۇركىم:

رۇبائىي

بۇ نامەغىكىم خامە[3] ئېيتىپتۇر تەھرىر،
بۇنىڭغا قاراشتا ئەھلى مەئنى بىر-بىر.
نۇقسانى تېپىلسا ئەيلەسۇنلەر تەغيىر[4]،
تەغيىر بىرۇردە قىلمۇسۇنلار تەقسىر.

رۇبائىي

ئەيىب ئىستىگۈچىگە سۆزىدۇر بارچە خىلاپ،

---

① دۇررى ئەدەن (ئە) — ئەدەن دەرياسىدىن چىقىدىغان گۆھەر.
② مەخدۇم (ئە) — خىزمەت قىلغۇچى.
③ خامەم (ئە) — قەلىمىم.
④ تەغيىر (ئە) — ئۆزگەرتىش.

پرۇزەنى[1] خەرمۇھد[2] دىبان ئۇرمە گىزاپ[3]
چۇن جەۋھەرنى زاھىر[4] ئېتەر ئەھلى مائاق[5] مۇنداغ
جەۋھەرگە تەگرى بەرسۇن ئىنساپ.

قىدىرخان بۇ مۇقەددىمىنى ئىلىم ئەھلىگە قارىتىپ، مۇنداق بىر فاساھەتلىك رۇبائىي بىلەن ئاياغلاشتۇرغان:

رۇبائىي

يۈز نەئىت ئاڭا كىم خۇلقى كېرىم ئەردى غېنى،
يە ئىنىكى، كەرەم كانى رەسۇلى مەدەنى.

مۇنداق دېدى: تىلىم ئەھلىنى ئەيلەرگە غېنى،
مەن ئەكرەمە ئالىمەن پەقەت ئەكرەمەنى.

يۇقىرىقى فاساھەت ۋە بالاغەتكە يەتكەن شېئىر ۋە شەرھى نەزمىلەردىن قىدىرخان ياركەندىنىڭ بىلىم ۋە بىلىم ئەھلىنى قەدىرلەيدىغان ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

---

① پرۇزە (پ) — قىممەتلىك چەش تېشى.
② خەرمۇھد (ئە) — ئېشەك مۇنچىقى قىممەتسىز.
③ گىزاپ (ئە) — يالغان.
④ زاھىر (ئە) — ئاشكارا
⑤ مائاق — كەچۇرمەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇتەپەككۇر كلاسسىك شائىرىمىز قىدىرخان ياركەندىنىڭ «دىۋان قىدىر» ناملىق توققۇز پارچە شېئىر توپلىمىنى داۋاملىق ئىزدەپ تېپىپ، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، پېشقەدەم ۋە ياش تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ، يازغۇچى شائىرلىرىمىزنىڭ بولۇپمۇ كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلىپ ئىزدىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىزاھلار

I . خىسراۋ دېھلەۋى — ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان "لاچىن" قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ھىجرىيە 651-يىلى (مىلادى 1253-يىلى) كەش شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىنچە ھىندىستاندا ئۇزاق مۇددەت تۇرمۇش ئۆتكۈزگەن. ھىجرىيە 725-يىلى (مىلادى 1325-يىلى) 72 يېشىدا دېھلىدە ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆز ھاياتىدا «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «قۇتلۇقنامە»، «ئىسكەندەرنامە»، «تارىخىي دېھلى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

II . خوجاھافىز شىرازى — ئەسلى ئىسمى شەمسىدىن مۇھەممەت بولۇپ، "ھافىز" ئۇنىڭ لەقىمى. ئۇ 1325-يىلى ۋاپات بولغان. ھافىز شىرازى ناھايىتى چوڭقۇر بەدىئىي ھېسسىياتقا ئىگە شائىر بولۇپ، رېئال تۇرمۇشنى، ئەركىنلىكنى، ئىنسانىي مۇھەببەتنى كۈيلىگەن. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى پارسلار ئېلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا، ھىندىستان، ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپاغىچە تارقىلىپ چوڭ

شۆھرەت قازانغان. ھافىز شىرازى ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى 16-ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەرەققىياتىدا ناھايىتى چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. كۆپلىگەن ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ھافىز شىرازى لىرىكىسىنىڭ گۈزەل بەدىئىي نەمۇنىلىرىدىن ئۆرنەك ئالغانىدى...

Ⅲ. مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى — مەشھۇر تاجىك ئالىمى، پەيلاسوپى، يازغۇچىسى، تىلشۇناس ۋە تارىخچىسى، ئابدۇراخمان جامى مىلادى 1414-يىلى ئەسلى چاغاتاي خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ خوراسان پادىشاھى ئەبۇ سەئىد ۋە ھۇسەيىن بايقارا ئوردىسىدا ئۇزاق مۇددەت ئىشلىگەن. ئابدۇراخمان جامى ئۆز ئۆمرىدە «يۇسۇپ ۋە زۇلەيخا»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» قاتارلىق مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ داڭ چىقارغان. ئەلىشىر نەۋائى جامىنى ئۆز ئۇستازلىرى قاتارىدا ھېسابلايتتى. جامى مىلادى 1492-يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان.

Ⅳ مەۋلانە لۇتفى — مەۋلانە ئەبەيدۇللا لۇتفى مىلادى 14-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى، 15-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ، مىلادى 1465-يىلى ۋاپات بولغان. ئەبەيدۇللا لۇتفى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەدەبىي تىل — چاغاتاي تىلىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق 2400 مىسرالىق داستانى ئەينى زاماندا شەرق ئەللىرىگە مەشھۇر ئىدى. ئەبەيدۇللا لۇتفى 99 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بولۇپ، ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ زاماندىكى مۇھىم مەدەنىيەت شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان ھىراتتا ئۆتكۈزگەن. نەۋائى لۇتفى بىلەن ئەسرار بولۇپ ئۇنى "ئۇستازىم" دەپ ئاتىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھەم شۇ زامانىنىڭ "مالىكۇل كالامى" (سۆز پادىشاھى) "ئۇيغۇر ئىبارىلىرىنىڭ ماھىرى" دەپ تەرىپلىگەن. («تاۋارىخى مۇسىقىيۇن» دىن).

٧. مەۋلانا سەككاكى ــ 1160 ــ 1228-يىللىرى ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى. ئۇنىڭ ھاياتى موڭغۇللارنىڭ ئىستىلاچىلىق ھەربىي يۈرۈشلىرى داۋام قىلىۋاتقان، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ئىچىدە ئۆتكەن. 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى نۇرغۇن ئالىم ۋە ئەدىبلەر كۈچلۈك (نايمان) خانىنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ خارەزىم، سەمەرقەند ۋە ھىرات قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقانىدى. چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا جايلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىدىكى جايلاردا ئۇيغۇر سىياسىئونلىرى، ھەربىي مۇتەخەسسىسلىرى ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ ئەربابلىرىنى دۆلەتنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنى بېجىرىشكە قويىدۇ. جۈملىدىن مۇتەپەككۇر، ئالىم سەككاكىمۇ چىڭگىزخان ۋە چاغاتاي ئوردىسىدا ئىلمىي مەسلىھەتچى بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ئەرەب تىلىدا «مۇپتاھىل ئىلىم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تىل-ئەدەبىيات قاتارلىق 13 تۈرلۈك ئىلىمگە دائىر بولۇپ، تولىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىقتۇر. خەلق بىلەن تەقدىرداش، ھەققانىيەتچى بۇ ئالىم ئاخىرى چاغاتاي تەرىپىدىن زىندانغا تاشلىنىدۇ ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ مازىرى قورغاستا بولۇپ، ھازىرغا قەدەر كىشىلەرنىڭ زىيارەتگاھى بولۇپ كەلمەكتە. («دېڭىز ئۈنچىلىرى» دىن.

VI سۆھەيلى ــ تارىختا ئىككى سۆھەيلى ئۆتكەن، بىرى ــ

ئەسۇھەيلى تەخەللۇسلۇق كىشى بولۇپ، ئۇ مىلادى 995-يىلىدىن كېيىن خارەزىم شاھى ئىبنى مۆمىنىنىڭ ۋەزىرى ئىدى. بۇ كىشى فىقھە ئالىمى ھەمدە پەلسەپە بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئىبنى مۆمىنىنىڭ "دارىلئۇلىماسى" (ئاكادېمىيىسى) نى تەشكىللەشتە چوڭ رول ئوينىغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىدىن بىرونى، ئىبنى سىنالارغا زور غەمخورلۇق كۆرسەتكەن ۋە خارەزىم شاھ ئاكادېمىيىسىگە جەلپ قىلىنىپ ئىلمىي مۇھاكىمىلەرگە كەڭ يول ئېچىپ بەرگەن. ئۇنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىلى ئېنىق ئەمەس. ئىككىنچىسى — ئەھمەت سۇھەيلى، بۇمۇ بىر تارىخىي شەخس. ئۇ 1470-يىلىدىن كېيىن خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە تىمۇرىلەر سۇلالىسىنىڭ ئەمرى ھۇسەيىن بايقارا ئوردىسىدا ۋەزىر بولۇپ ئىشلىگەن ۋە نەۋائى قاتارلىق ئەدىبلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. ئەھمەت سۇھەيلىنىڭ تەرجىمىھالى ياكى باشقا ئەدەبىي پائالىيىتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. لېكىن ھۇسەيىن بايقارانىڭ ۋائىزى ۋە يېقىن كىشىسى بولغان موللا سەيىن ئىبنى ئەلى كاشىغى (1505-يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان «ئەدۋارى سۇھەيلى» ناملىق ئەسەر ئاشۇ ۋەزىر سۇھەيلىگە بېغىشلانغان. بۇ كىتاب كېيىن شەرققە كەڭ تارقالغان ھەمدە چوڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە سۇھەيلىنىڭ نامىمۇ مەشھۇر بولۇپ كەتكەن.

# ياۋروپا تەتقىقاتى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ

بىرىنچى: ياۋروپانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. 13-ئەسىردىن كېيىن تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە ياۋروپا بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىش، ئۇنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىش مۇھىم مەسىلە. ئىجتىمائىي پەن ئىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش جەريانىدا راۋاجلاندۇرۇش. ياۋروپاشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ئۆز تەتقىقاتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇنداق تۆت تېمىدىن ئايرىلسا بولمايدۇ. (1) ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۆزى چوڭقۇر بىر ئىنقىلاب، قانداق قىلىپ 13-ئەسىردىن كېيىنكى تەلىپى بويىچە، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىشنى بۇ جەمئىيەت ئۆزىنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى قىلىشى كېرەك؛ (2) پارتىيىمىز ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئېنىق ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى بەلگىلىدى. ئۇنىڭ قەدەم-باسقۇچلىرىنىمۇ بەلگىلىدى. بۇ نىشان، بۇ باسقۇچلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئۇچرىغان بىرمۇنچە نەزەرىيە مەسىلىسى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات تېمىسى قىلىشى كېرەك؛ (3) تاۋار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان شارائىتتا، بۇ جەمئىيەت سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى

ھەقىقىي كۆچەيتىشنى ۋە بۇ ھەقتە كۆز ئالدىمىزدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان چوڭ مەسىلىلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات تېمىسى قىلىشى كېرەك؛ (4) جانلىق، تىنچ-ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى، ھەر خىل ئىدىيە مەسىلىلىرى ۋە ئىجتىمائىي پسىخولوگىيە مەسىلىلىرىگە توغرا جاۋاب بېرىش ۋە مۇشۇ ھەقتىكى كونكرېت مسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات تېمىسى قىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ھەرقايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەر بولمىسۇن، تۇرپان رايونىدىكى ھەرقايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەر بولمىسۇن، باشقا ساھەدىكىلەرگە ئوخشاشلا نۇرغۇن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىز تەتقىقات خىزمىتى ئەڭ تېز، ئەڭ جانلىق بولۇۋاتقان، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش ئارقىلىق ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىۋاتقان، بىر دەۋر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر، پەن تەتقىقات خادىملىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچ نەزەرىيىسى مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئىجابىي تۆھپىلەرنى قوشتى. ئاپتونوم رايونىمىز ۋە تۇرپان رايونىنىڭ ئىسلاھات تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئېيتقاندا، ھازىر بىز ئاچقۇچلۇق پەيتتە تۇراۋاتىمىز. بۇ ئىلمىي جەمئىيەتكە قاتناشقان بارلىق ئالىم ۋە تەتقىقات خادىملىرىنىڭ توپ ۋەزىپىمىز جەمئىيەتنى بىلىش، كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەتنى تەتقىق قىلىش، ئۇچرىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىجتىمائىي ۋە رېئال مەسىلىلەرگە داۋاملىق جاۋاب بېرىشتىن ئىبارەت.

ئىلىم-پەن تەتقىقاتى جەھەتتىكى ھەق-ناھەق مەسىلىلىرىگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتۇر. تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى بۇ ھەقتە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا مەسلىھەتچىلىك رولىنى ئوينىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇ ئۈچ ئىشنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ: بىرىنچى، ماركسىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش. ئىككىنچى، دېموكراتىك ئىستىلنى جارى قىلىپ، ئىناق-ئىتتىپاقلىق مۇھىت يارىتىش. ئۈچىنچى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئۆتكەندە ھەرقايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەر ئۆتكۈزگەن نەزىرىيە مۇھاكىمە يىغىنلىرى نەزىرىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملارنىڭ قاتنىشىشى بىلەنلا چەكلەنگەن. مۇناسىۋەتلىك بىرەر رەھبىرىي كادىر كېلىپ سۆزلەپلا قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق نەزىرىيە مۇھاكىمە يىغىنلىرىنىڭ رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىكى ئۈنۈمى ئانچە ياخشى بولماي كەلگەن. بۇنداق ئۇسۇللارنىمۇ ئىسلاھ قىلىشىمىز كېرەك.

رەھبەرلىكنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، رەھبەرلىك ئۇسۇلىنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنىڭ ھەرقانداق تارماقلىرىنى ئىلىم-پەنگە يۆلىنىپ ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىۋاتقان ھازىرقى پەيتتە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا ئالىملار، رەھبىرىي كادىرلار، ئەمەلىي خىزمەت خادىملىرى بىرلىكتە قاتنىشىپ، بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ

ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ھەرقانداق ئىشنى ھۆددىگە ئالغان رەھبەرنىڭ كاللىسىدا ئىلىم-پەن بولمىسا، ئۇ ئىشتا مۇقەررەر غەلىبە قازىنالمايدۇ. تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ تەتقىقات پائالىيىتىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن تۇرپاندىكى ھەرقايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىلەن ئىلىم ئالماشتۇرۇپلا قالماي، ئۈرۈمچىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق 82 ئىلمىي جەمئىيەت بىلەن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەرقايسى پەنلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىلەنمۇ داۋاملىق ئىلىم ئالماشتۇرۇش كېرەك. ھەتتا تۇرپان تەتقىقاتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان خەلقئارادىكى تەتقىقات ئورگانلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىشىپ، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك.

ھازىر 12 دۆلەتنىڭ 30 نەچچە تەتقىقات ئورگىنىدا تۇرپاننىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيەت تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار ساقلىنىۋاتىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئاز بولمىغان ئالىملار تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

ئىككىنچى، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇشنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ھەر مىللەت خەلقى جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئاتا-بوۋىلىرىمىز تۇرپان ۋادىسىدا ئۇلۇغ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يارىتىپ شەرق دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، شۇ ئاتا-بوۋىلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆزىمىز تەتقىق قىلىپ، ئۆزىمىز دۇنياغا تونۇتۇشىمىز كېرەك. چەت ئەللىكلەرنىڭ تەتقىقاتىغا قاراپ تۇرساق بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، تۇرپان تەتقىقاتى ئۈچۈن بىزدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۇكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئۇنى دۇنيا سەۋىيىسىگە كۆتىرەلەيدىغان ئۇلۇغ غايە بولۇشى كېرەك.

ئايرىم يولداشلاردا، تارىخنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك، بۈگۈن تۇرپان تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرساق، ئەتە قەشقەر، ئىلى تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرىمىزمۇ، دەيدىغان كۆز قاراشلار بار ئىكەن. مەيلى دۆلىتىمىز ئىچى ياكى سىرتىدا بولسۇن، قەشقەر ۋە ئىلىشۇناسلىق دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى يوق. لېكىن يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، 12 دۆلەتنىڭ 30 نەچچە تەتقىقات ئورگىنى تۇرپانشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز تۇرپان تەتقىقاتىنى مۇشۇنداق يۇكسەك دەرىجىگە كۆتەرمەيدىغان بولساق، ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك سەۋىيىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى توغرىسىدا توختالغاندا، ئۆتمۈش تارىخنى ۋاراقلاپ، تارىختىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىز بېشىدىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق پاكىتلارنى بىرئاز ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ تۇرپاندا، گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭدا نۇرغۇن قەدىمكى مەدەنىي يادىكارلىقلار ۋە ھۆججەتلەر تېپىلىپ، خەلقئارادا شەرقشۇناسلىق ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. جۇڭگونىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئالىمى چېن يىنگكې ئەپەندى ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا ئۆز ئەسىرىدە "شىنجاڭ-تۇرپان، گەنسۇ-دۇنخۇاڭ دېگەنلىك دۆلىتىمىز ئىلىم ساھەسىنىڭ ئېچىنىشلىق تارىخى دېگەنلىكتۇر" دەپ يازغان.

1935-يىلى، شۇ چاغدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتى مەدەنىي يادىكارلىقلارغا بولغان بۇلاڭچىلىق ھەرىكىتىنى قەتئىي توسىغانغا قەدەر، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىر ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە چەت ئەللەردىن تەخمىنەن 100 نەچچە تۈركۈم ئادەم كېلىپ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن سانسىزلىغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنى ئېلىپ كەتكەن. بۇلار ئاساسلىقى چارروسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، فرانسىيە، شۋېتسىيە، گوللاندىيە، فىنلاندىيە، ئامېرىكا ۋە ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئادەملىرىدۇر. ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ئېلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا تۆۋەندىكى بىرقانچە پاكىتلارنى ئەسلەپ ئۆتسەكلا كۇپايە قىلار.

1811-يىلى فۇدىكشىيۇ چارروسىيە ھەربىي قىسمىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن شىنجاڭنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار ئويمانلىقىغا، تيانشاننىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئېتىكىدىكى جايلارغا، بولۇپمۇ تۇرپانغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئاز بولمىغان مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنى، ھەر خىل ئاخباراتلارنى توپلاپ، دۆلىتىگە قايتقاندىن كېيىن، «سىبىرىيە خەۋىرى» ژۇرنىلىدا ئۆزىنىڭ تۇرپان ساياھىتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئېلان قىلغان.

1879-يىلى لىگار تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرىنى پېتىربۇرگدا چىقىدىغان «جۇغراپىيە ئايلىق خەۋىرى» دە ئېلان قىلغان.

1893-يىلى لوپنوسكى-كىزنوپلار تەشكىللىگەن ساياھەت ئەترىتى تۇرپاندا ھاۋا رايى پونكىتىنى قۇرۇپ، شۇ يىلى 12-ئايدىن كېلەر يىلىنىڭ 10-ئېيىغىچە تۇرپاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان كىتاب ۋە باشقا يېزىقلاردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



يېزىلغان نوم قاتارلىقلارنى ئېلىپ كەتكەن، مۇشۇ قېتىم ئېلىپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئاساسىدا، روسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن «ئوتتۇرا ئاسىيا تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ مەشغۇلاتى» ناملىق كىتابنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان.

1897-يىلى كېلېمېنتىس پېتربۇرگ خان ئائىلىسى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەشكىللىگەن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ، تۇرپاندىن نۇرغۇن تام سۈرىتى، ئويما ئابىدىلەر ۋە خەنزۇچە، تىبەتچە، ئۇيغۇرچە يېزىقتا يېزىلغان كىتاب، ھۆججەت ۋە نوملارنى روسىيىگە ئېلىپ كەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ «تۇرپان ۋە قەدىمىي ئىزلار» دېگەن ماقالىسىدە شۇ ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرىنى ئېلان قىلغان.

1899-يىلى ئىتالىيىنىڭ رىم شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا شەرقشۇناسلار قۇرۇلتىيىدا، روسىيە شەرقشۇناسى ۋ. ۋ. رادلوۋ كېلېمېنتىسنىڭ تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرىنى تونۇشتۇرغاندا يىغىندىكى قاتناشقۇچىلار زور دەرىجىدە ھاياجانلىنىپ كەتكەن. شۇ يىغىندا ”روسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيانى تەتقىق قىلىش تەشكىلى“نى قۇرغان.

1909-يىلى ئولدېنبورگ، ئوتتۇرا ئاسىيا، يىراق شەرق خەلقئارا ئىلمىي جەمئىيىتى روسىيە كومىتېتى نامىدا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ، قەشقەر ئارقىلىق تۇرپانغا كېلىپ، تۇرپاندىن قەدىمىي پۇل، رەسىم، ئويما نەقش، ھەر خىل كىتابلارنى ئېلىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئېلان قىلغان قىسقا خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، تۇرپاندا تارتقان سۈرەتلىرىنىڭ لېنتىسىلا 8000 غا يەتكەن.

روسىيىدىن يەنە ۋالىن ئىلنوۋ، كىروپاتكىن قاتارلىقلار تۇرپانغا كېلىپ تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى بىرنەچچە پارچە تەزكىرىسىنى ئېلىپ كەتكەن.

ستەيىن تۇرپاندىن بىرقانچە قېتىم ئېلىپ كەتكەن مەدەنىي يادىكارلىقلار مىسىدىن ئاشىدۇ. ئۇنىڭ نەشر قىلدۇرغان ئەسىرىدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، خەنزۇچە تارشا پۈتۈكلەرنىڭ سانى 370 كە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە تارشا پۈتۈكچىلەرنىڭ سانى 500 گە يېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى، ئورخۇن يېزىقىدىكى، تىبەت يېزىقىدىكى نۇرغۇن ھۆججەتلەر بار.

1914-يىلى 11-ئايدا تۇرپاندىكى بېزەكلىك تام سۈرەتلىرىنى ئويۇپ ئېلىپ كەتكەن. ئاستانىدىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن ئاز بولمىغان قەدىمىي يادىكارلىقلارنى قېزىپ كەتكەن. خەلق ئىچىدىكى ئاز بولمىغان يادىكارلىقلارنى سېتىۋېلىپ ئەكەتكەن. شۇ چاغدا ئېلىپ كەتكەن ھەر خىل مەدەنىي يادىكارلىقلار 182 ساندۇققا يەتكەن («ئاسىيانىڭ مەركىزىي رايونى» ناملىق 4 توملۇق كىتابتا ئېلىپ كەتكەن بۇ نەرسىلەرنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا ئېلان قىلغان).

1925-يىلى ستەيىن ئامېرىكىنىڭ بوستۇن شەھىرىدە ئېچىلغان يىغىندا، شىنجاڭنىڭ تۇرپان قاتارلىق رايونلىرىدىن ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرىنى دوكلات قىلغان. ئۇ ئېلىپ كەتكەن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى «غەربتىكى ئاخېئولوگىيە خاتىرىسى» دەپ رەتلەپ چىققان.

1902 — 1903-يىلى گرۇنۋېدىل باشچىلىقىدىكى بېرلىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېتنوگرافىيە مۇزېيى تەكشۈرۈش ئەترىتى ئىلى ئارقىلىق تۇرپانغا كىرىپ، قەدىمكى ئىبادەتخانىلارنىڭ تەپسىلىي خەرىتىسىنى سىزىۋالغان ھەمدە مانى دىنىنىڭ خەنزۇچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە نوملىرى ۋە باشقا نۇرغۇن قىممەتلىك يادىكارلىقلاردىن 45 ساندۇق نەرسە ئېلىپ كەتكەن. مۇشۇ نەرسىلەر ئاساسىدا 1906-يىلى بېرلىندا «قوچو ئىدىقۇتى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا قىلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتى» دېگەن كىتابنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان.

1904 — 1905-يىلى، لېكوك باشچىلىقىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق گېرمانىيە تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپانغا كىرگەندىن كېيىن مۇرتۇق، بېزەكلىك، تويۇق تاشغار ئىبادەتخانىسى، بۇددا مۇنارىسى، قەدىمكى باشقا خارابىلارنى توققۇز ئاي ئاختۇرۇپ، ھەر خىل يېزىقتىكى ھۆججەت، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ كېتىشتىن سىرت، ھەر خىل غارلار ئىچىدىكى تام سۈرەتلىرىنى بۇزۇپ ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە زىيان سالغان. شۇ چاغدا ئىدىقۇت شەھىرىدىن ئېلىپ كەتكەن نەرسىلەر 200 ساندۇققا يەتكەن، لېكوك مۇشۇ قېتىم ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرىگە ئاساسلىنىپ «ئىدىقۇت» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان.

1905 — 1907-يىلى گرۈنۋېدىل، لېكوكلار بىرلىشىپ ئۈچىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ، تۇرپاندا قەدىمىي خارابىلارنى قېزىپ، تارىخىي تام سۈرەتلىرىنى ئېلىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ شۇ قېتىم گېرمانىيىگە ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرى يەنى 1906-يىلى ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرى 90 ساندۇق، 1907-يىلى ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرى 174 ساندۇققا

يېتىدۇ.

1913 — 1914-يىللىرى، لېكوك تۇرپان ھەم كۇچادىن بولۇپ 397 ساندۇق مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنى ئەپچىقىپ كەتكەن. بۇ نەرسىلەرنى ئۆز دۆلىتىگە ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ كەتكەن. بىرىنچى تۈركۈمدە 103 ساندۇق، ئىككىنچى تۈركۈمدە 138 ساندۇق، ئۈچىنچى تۈركۈمدە 156 ساندۇق نەرسىنى ئېلىپ كەتكەن.

1908 — 1909-يىلى، ياپونىيىدىن كەلگەن سۇگرۇك — سەنلاڭ قاتارلىق كىشىلەر تۇرپاندىن تاڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت قەدىمكى ھۆججەتلەر، نوپۇس دەپتىرى، نوم، ھەر خىل ھەيكەللەر، تام سۈرەتلىرى، قەدىمكى پۇل، تاش ئويما، مىس ھەيكەل، قەدىمكى مۆھۈر، قەدىمكى يېزىقلاردىكى كىتابلار ھەمدە ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى سەككىز سۇڭ كېلىدىغان قاش تېشىدىن ياسىلىپ نەقىش ئويۇلغان ساندۇقلارنى ئېلىپ كەتكەن.

1912-يىلى 10-ئايدا ۋە 1913-يىلى ياپونلار تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن نەرسىلەردىن «داگۇ ھۆججەتلىرى» دە ئېلان قىلىنغانلىرىنىڭ نومۇرى 7733 كە يەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ يېزىقىدىكى نەرسىلەر 4830 پارچە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى 978 پارچە، موڭغۇل يېزىقى ۋە باشقا يېزىقتىكى ھۆججەتلەر 425 پارچە، خەنزۇچە بىلەن باشقا تىللار ئارىلاشتۇرۇپ يېزىلغان ھۆججەتلەر 530 پارچىغا يەتكەن.

شۋېتسىيىدىن كەلگەن ئەڭ داڭلىق "ساياھەتچى" سىۋېن ھېدىن 1900 — 1901-يىللىرى تۇرپاندىن 155 پارچە تارشا پۈتۈك ۋە باشقا نۇرغۇن قەدىمكى گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېلىپ كەتكەن. 1905-يىلدىن 1906-يىلغىچە ئامېرىكىلىق ھىنىيەنتۇن قاتارلىقلار تۇرپاندىن جۇغراپىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىمىز دېگەن نام بىلەن نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنى ئېلىپ كەتكەن.

چەت ئەللىكلەر "ئېكسپېدىتسىيە" نامى بىلەن تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەيدىغان بولساق ھەممىمىز ئىنتايىن غەزەپكە كېلىمىز.

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، چەت ئەل مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىرى تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىز ۋە قولىيازمىلىرىمىز ھازىر 12 دۆلەتنىڭ 30 نەچچە تەتقىقات ئورگىنىدا ساقلىنىپ تۇرماقتا.

ستەيىن تۇرپاندىن 1-، 2-قېتىم ئېلىپ كەتكەن مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنى بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىغا قويغان. سانسكرىتچە يېزىقتىكىلىرىنى ئەنگلىيە قوشما شتاتىنىڭ لاۋازىمات مىنىستىرلىكى مۇزېيىغا قويغان. ئۈچىنچى قېتىم ئېلىپ كەتكەن مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنى ئەنگلىيە بىلەن ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تۈزگەن توختاملىرىغا ئاساسەن بىر قىسىم نۇسخىلارنى بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىغا، قالغانلىرىنى يېڭى دېھلى ھىندىستان دۆلەت مۇزېيىغا قويغان، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى، يىپەك توقۇلما، قەدىمكى مۆھۈر، ئويما ئابىدىلەر ۋە باشقىلار ئەنگلىيە ئۇلۇغ بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا. گرۇنۋېدىل، لېكوك قاتارلىقلار ئېلىپ كەتكەن ھەر خىل يېزىقتىكى خەت-چەكلەر قولىيازمىلىرى بېرلىندىكى پرۇسسىيە باكلاۋىر ئىنىستىتۇتىدا ساقلانغان. كېيىن بۇ ئورۇننىڭ نامىنى

بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسى دەپ ئۆزگەرتكەن. تام سۈرىتى ۋە باشقا گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيىغا قويۇلغان. ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا گېرمانىيىدە ساقلانغان تام سۈرەتلىرى ۋە باشقا مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان. قەدىمكى خەت-چەكلەرنىڭ ئىز دېرىكى بولمىغان. كېيىن شەرقىي گېرمانىيىگە ئاساسىي قىسمى ئېلىپ كېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

تۇرپاندىن ئېلىپ كېتىلگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمى دېگۇدەك شەرقىي گېرمانىيە بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانماقتا. بۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان نەرسىلىرىمىز ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىن 800 پارچە، خەنزۇچە، سانسكرىتچە ھۆججەتلەردىن 6000 پارچە ئىكەن. ھازىر شەرقىي گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق تىلى تەتقىقات ئىنستىتۇتى "تۇرپان ھۆججەتلىرى تەتقىقات كومىتېتى"نى تەشكىللىگەن. ئۇلار «بېرلىن-تۇرپان ھۆججەتلىرى» ناملىق ژۇرنالنى نەشر قىلغان. ھازىرغىچە چىققىنى ئالتە، يەتتە سان.

چاررۇسىيىنىڭ تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرى پېتىربۇرگدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ لېنىنگراد شۆبە ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

1960-يىلى موسكۋادا ئېچىلغان 25-نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقشۇناسلار قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ پىكرى ۋە بېسىمى ئاستىدا، لېنىنگراتتا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم

www.uyghurkitap.com



نەرسىلىرىمىز ئاشكارىلاندى. ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنىستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان نەرسىلىرىمىزنىڭ نومۇرى 2954 كە يەتكەن. بۇ تېخى بىزدىن ئېلىپ كەتكەن نەرسىلەردىن ساقلىنىۋاتقانلىرىنىڭ پەقەت ⅓ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالىمى پىدىلىنىنىڭ كىتابىدا ئاشكارىلىنىشىچە، ئاسىيا مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنىستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان خەت-چەك قوليازمىلىرىمىزنىڭ نومۇرى 12 مىڭدىن ئاشىدىكەن.

ياپونىيىلىكلەردىن داگۇ ئېلىپ كەتكەن بۇيۇملارنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس. 1948-يىلى داگۇ ئۆلگەندە ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر ئۇ ئىشلىگەن جايلاردا شىنجاڭدىن ئېلىپ كەتكەن خەت-چەكلەرنى سۈرۈشتە قىلغان. نەتىجىدە 1949-يىلى 270 خالتا تۇرپان خەت-چەكلىرىنى تاپقان. بۇ نەرسىلەر كېيىن لۇڭگۇ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1953-يىلى 1-ئايدا ياپونىيىدە "غەربىي رايون مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى" قۇرۇلۇپ، داگۇ توپلىغان خەت-چەكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىش قانات يايدۇرۇلغان. 1958-يىلدىن 1962-يىلغىچە "غەربىي رايون مەدەنىيىتى تەتقىقاتى" نامىدا بەش توم نەشر قىلدۇرۇلغان. كېيىن ياپونىيە توكيو مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى "ياپونىيە مەدەنىيىتى خەزىنىسى، دۇنخۇاڭ خەت-چەكلىرى تەتقىقات كومىتېتى" ۋە "ئىدىقۇت تەتقىقات مەركىزى" قاتارلىق ئورگانلارنى قۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساقلىنىۋاتقان دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان خەت-چەكلىرىنى ئايرىم-ئايرىم يىغىپ، قايتىدىن مۇندەرىجە تۈزۈپ چىققان.

فرانسىيىلىك پىللىيوت دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپاندىن ئېلىپ كەتكەن

قەدىمكى يادىكارلىقلىرىمىزدىن قولىيازمىلار پارىژ مۇزېيىدا ساقلانماقتا؛ شايىغا، باشقا رەختلەرگە سىزىلغان سۈرەتلەر، كەشتە، كىتاب، پۇل، ئۆيما نەقىش قاتارلىقلار فرانسىيە گۈزەل سەنئەت بۇيۇملار مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇ رەتلەپ چىققان مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ نومۇرى 5544 كە يەتكەن بولسىمۇ، تېخى تۈگىمىگەن. 1983-يىلى «پارىژ دۆلەت كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان پېلليوت توپلىغان دۇنخۇاڭ — تۇرپان قولىيازمىلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى» نىڭ ئۈچ تومى نەشردىن چىققانىغا قەدەر رەتلەنگەن كىتاب خەت-چەك بۇيۇملارنىڭ سانى 3500 نومۇرغا يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن «ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخېئولوگىيىسى توپلىمى» كەينى-كەينىدىن 7 توم بولۇپ نەشردىن چىققان. ئۇنىڭ ئۈچىنچى تومى «ئىككى تېكىن ھېكايىسى» دېگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە قولىيازما كىتاب ئىكەن. قىسقىسى، پېلليوت ئېلىپ كەتكەن قولىيازمىلار نۇسخىلىرى ئىچىدە ئاز بولمىغانلىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە ئوردۇچە قولىيازمىلار ئىكەن.

فرانسىيىنىڭ نوپۇزلۇق ئالىمى ھامىلتون 1955-يىلى «بەش پادشاھلىق دەۋردىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن كىتابىنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغان.

دۇنيادىكى بىر قىسىم ئالىملارنىڭ تەتقىقاتى گەرچە دۇنخۇاڭنى ئاساسىي تېما قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بىرمۇنچە دۆلەت ئالىملىرى تۇرپان تەتقىقاتى بىلەن كەڭ دائىرىدە شۇغۇللانماقتا.

بىز تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ئارقىلىق چەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەللەردىكى مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، چەت ئەللەردىكى تۇرپان تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تەتقىقاتچى، ئالىملار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىز لازىم. چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق بۇيۇملىرىنى رەسىمگە ئېلىش، فوتو قىلىش، سېتىۋېلىش ۋە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش، دوستانە باردى-كەلدى قىلىش قاتارلىق يوللار بىلەن قولىمىزغا كەلتۈرۈپ، تۇرپان تەتقىقاتىنى ئالدى بىلەن ئۆزىمىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى، كلاسسىك ئەدەبىيات، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە تارىخىنى ۋەتىنىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 9-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە بولغان دەۋردىكى تارىخى شەرقتە تۇرپاندىكى قارا غوجىنى، شىمالدا بەش بالىقنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ، غەربىي جەنۇبتا قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. قارا غوجا ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنىغا، قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ ئىككى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەلۇم جەھەتلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتلەردە يەنىلا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ساقلاپ كەلگەن.

9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە،

يەنى، ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ داجۇڭ يىللىرىدىن، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جادىڭ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، بۇ ئىككى يەرلىك ھاكىمىيەت 360 يىل داۋام قىلغان. بۇ دەۋر شەرق دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن، مەدەنىيەت تارىخىمىز گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. مۇشۇ ئىدىقۇت دەۋرىدە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، كۆلتارخان، قالىم كەيسى، سەلىخ تېكىن (ئايال)، ئاپرىنچۇر تېكىن قاتارلىق تىلشۇناسلار، شائىرلار، پەيلاسوپلار، ئاسترونوملار، تېببىي ئالىملار، نەققاشلار، ھەيكەلتاراشلار، مۇزىكانتلار، ئۇسسۇل ئەربابلىرى مەيدانغا كەلگەن. بولتۇر 8-ئايدا مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ لېنىنگرادتىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ مەدەنىي يادىكارلىق مۇزېيىنى ۋە لېنىنگراد ئېرمىتاژ تارىخىي كۆرگەزمىسىنىڭ شەرق بۆلۈمىنى كۆردۈم. بۇ بۆلۈمگە چارروسىيە دەۋرىدە ئېلىپ كېتىلگەن تۇرپان ئىدىقۇت دەۋرىنىڭ بىر قىسىم مەدەنىي يادىكارلىقلىرى قويۇلغان. بۇنىڭغا ئالاھىدە ئىزاھات يېزىلغان. ئىزاھاتنىڭ بىر ئابزاسىدا ئىدىقۇت دەۋرى مەدەنىيىتىدىن سەلىخ تېكىن (ئايال) قاتارلىق مەدەنىيەت-سەنئەت ئەربابلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسىم نەمۇنىلىرى يېزىلغان. مۇشۇنداق ئەمەلىي، رېئال پاكىتلار ناھايىتى كۆپ، تۇرپان بىزنىڭ تۇرپان.

مەدەنىيەت يادىكارلىقى تارىخى — بىزنىڭ تارىخىمىز. بىز، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى قانداق قىلىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، دۆلەت سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش ۋە خەلقئارا سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنى بۇ جەمئىيەتكە قاتناشقان ئالىملارنىڭ ئەتراپلىقراق ئويلىشىپ كۆرۈشنى ۋە ئىلمىي جەھەتتىن يېڭى تەدبىر-چارىلارنى ئويلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىشىنىمىزكى، تۇرپان تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ شانلىق تارىخى، ياراتقان پارلاق مەدەنىيىتى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئىشى دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا تېخىمۇ نامايان بولغۇسىدۇر.

# شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى ئەلچى — ماركوپولو

دۇنياغا داڭلىق سەيياھ ماركوپولو مىلادى 1254-يىلى ئىتالىيىنىڭ ۋېنتسىيە شەھىرىدە تۇغۇلغان. مىلادى 1271-يىلى 17 يېشىدا ئاتىسى نىكروپولو ۋە تاغىسىغا ئەگىشىپ، يۇرتىدىن ئايرىلىپ جۇڭگوغا كەلگەن. ئۇلار بىللە ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنى كېسىپ ئۆتكەن. ئۈچ يىلدىن ئارتۇقراق يول يۈرۈپ، كۆرمىڭ جاپا-مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئاخىر مىلادى 1274-يىلى جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە، يەنى بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەن. ماركوپولونىڭ ھاياتىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ئۇلۇغ ساياھەت جۇڭگو بىلەن ئىتالىيىنىڭ تارىخلىرىدا ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلغانىدى. بۇنى يەنە شەرق ۋە غەربتىكى بۇ ئىككى ئۇلۇغ دۆلەت ئەلچىسىنىڭ بىۋاستە سەپىرىنىڭ خاتىرىسى دېيىشكە بولىدۇ. بولۇپمۇ، ماركوپولو يېزىپ قالدۇرغان «ماركوپولو خاتىرىلىرى» ناملىق كىتاب ماركوپولونىڭ ئۆچمەس ئىش-ئىزلىرىنىڭ تارىخىي دەلىلى بولۇپلا قالماي، يەنە دۇنيا تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى، شۇنداقلا، ماركوپولونى دۇنيادىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى.

ماركوپولو 1271-يىلى جۇڭگوغا قاراپ يولغا چىققاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 700 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. بۇ ئارىلىقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇنيادا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما، ماركوپولونىڭ جۇڭگو-ئىتالىيە ئىككى دۆلەت خەلقى ئارىسىدا تاراتقان دوستلۇقى ۋە ئىلغار مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش روھى ھېلىھەم ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش-كېلىشلەرنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ كەلدى. ماركوپولونىڭ خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەردە دوستلۇقنى ۋە ئىلغار روھنى تارقىتىشى شۈبھىسىزكى ئىنتايىن چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ياۋروپالىق تۇنجى ئەلچى

ئاسىيا-ياۋروپا ئىككى قىتئەنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى تارىختا ئۇزاق دەۋرلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. لېكىن، بۇ ئالماشتۇرۇش، ئالاقە پائالىيەتلىرى دەسلەپتە ۋاسىتىلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تاۋار ئالماشتۇرۇش، مەدەنىيەت، دىن ئىدىيىلىرىنىڭ تارىلىشى قوشنا ئەل، رايونلار ئارقىلىق ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ ئېلىپ بېرىلغان، ئاسىيا-ياۋروپا قىتئەلىرى ئارا چوڭ بىر يول ئېچىپ، بىۋاسىتە مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئۈچۈن، ئاسىيا-ياۋروپادىكى ھۆكۈمرانلار ئىلگىرى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشكەنىدى. مىلادىدىن ئىلگىرى 2-ئەسىردە جۇڭگونىڭ غەربىي خەن سۇلالىسى تۇنجى قېتىم جاڭ چيەننى غەربكە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. ئەينى چاغدا جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بېرىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى: خەن سۇلالىسى بىلەن خانلىقنىڭ ھونلارغا

قارشى ئېتتىپاقىنى تۈزۈپ، ھونلارنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇش ئىدى. شۇ قېتىم جاڭ چيەن ئەلچىلىككە كېتىۋېتىپ يولدا ھونلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ 11 يىل چامىسىدا نەزەربەنت ئاستىدا تۇرغان. گەرچە ئەسلىدىكى پىلان ئورۇنلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما، جاڭ چيەن خەن سۇلالىسىغا غەربتىكى دۆلەتلەر ۋە رايونلار توغرىسىدا نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى ئېلىپ بارغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 115-يىلى، جاڭ چيەن غەربىي رايونغا ئىككىنچى قېتىم ئەلچىلىككە بارغان. ئۇ قەدىمكى ئۇيسۇن دۆلىتىگە بارغان. شەرقىي خەن دەۋرىگە كەلگەندە بەن چاۋ غەربكە سەپەر قىلغان، ئۇ ئاساسەن بۇگۈنكى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مىلادى 13-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىن ئىلگىرى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا بېرىش-كېلىش قىلغان ئەلچىلەر، راھىبلار، سودا كارۋانلىرى پەقەت ئاسىيا چېگرىسىدىلا پائالىيەت قىلغان بولۇپ، جۇڭگو بىلەن ياۋروپا خادىملىرىنىڭ بىۋاستە ئالاقە قىلغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

مۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ خىل ئامىللارغا باغلىق. بىرىنچىدىن، كەڭ كەتكەن ئاسىيا-ياۋروپا قىتئەلىرى ئارا يول يىراق، تاغ-دەريا، چۆل-جەزىرىلەر يولنى توسۇپ تۇرىدۇ. بەزى جايلاردا ئىنسى جىن كۆرۈنمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ قەدىمكى قاتناش قوراللىرى بولغان ئات، تۆگە، كالا ھارۋىسى بىلەن بۇ مۇساپىنى تاماملىشى ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. مۇنداق سەپەرگە ئاتلانغان كىشىلەر يېرىم يولدا سەپەرنى توختىتىدۇ. ئىككىنچىدىن، يەنە بىر مۇھىم سەۋەب شۇكى:

www.uyghurkitap.com



سەپەر جەريانىدا ھەرقايسى دۆلەت، رايونلارنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى، دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى ئاسىيا-ياۋروپا ئوتتۇرىسىدا قاتنايدىغان كىشىلەر ئاساسەن قۇرۇقلۇق يولىغا تايىناتتى. شەرق ۋە غەربنىڭ ئاز تېپىلىدىغان قىممەتلىك تاۋارلىرى تامامەن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق توشۇلۇپ ئالماشتۇرۇلاتتى، مەسىلەن، داڭلىقلىرىدىن جۇڭگونىڭ يىپەك-شايى، قەغەز، چاي، مىس ئەسۋابلار، فارفور بۇيۇملار قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى، غەربتىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ يۇڭ، پاختا توقۇلما بۇيۇملىرى، ئەينەك، خۇشبۇي بۇيۇملىرى، دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى. شۇڭا، تارىختا بۇ چوڭ يوللار يىپەك يولى، يۇڭ، تېرە يولى، چاي يولى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. ھەرقايسى دۆلەتلەرنى بويلاپ ئېچىلغان بۇ يولدا يەرلىك كىشىلەر تاۋار ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئورغۇن پايدىغا ئېرىشكەن. ئۇلار يەنە ئۆز دۆلىتىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ باشقىلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىشقا كۈچلۈك قارشى تۇرغان.

مىلادى 1206-يىلى چىڭگىزخان موڭغۇل خانى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، يېرىم ئەسىرلىك جەڭ ئارقىلىق ئاسىيا-ياۋروپا ئىككى قىتئەگە كېڭەيگەن زور موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇردى، چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنى ياۋروپادىكى گېرمانىيىگىچە بېرىپ، ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرىدىغان بىر چوڭ يولنى ئاچتى. ئەمما، شۇنداق بولسىمۇ يىراق شەرقتىكى جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسى ياۋروپاغا نىسبەتەن ناھايىتى يىراق، يات تۇيۇلاتتى. شۇنداق بىر پەيتتە، مىلادى 1265 — 1266-يىللىرى يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلەي ماركوپولونىڭ

ئاتىسى نىكروپولو ۋە ئۇنىڭ تاغىسىنى كۆرۈپ، ئۇلار ئېلىپ كەلگەن رىم پاپا ئىمپېرىيىسى ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ناھايىتى خۇشال بولغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ پېشۋاسى قۇبلاي نىكروپولونى يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ئىتالىيىگە بېرىپ، رىم پاپىسىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكە ئۈندىگەن، پاپانىڭ جۇڭگو ئېپىسكوپ ئەۋەتىپ "يەتتە ھۈنەر"نى تارقىتىشنى، ئىنجىلنى ۋە مۇقەددەس ماينى ئېلىپ كېلىشنى ئۆتۈنگەن. رىم پاپاسىنىڭ قايتۇرۇپ ئەۋەتكەن ئەلچىسى ماركوپولو ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن تاغىسى 1274-يىلى يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختىگە يېتىپ بارغان. بۇ يىپەك يولى ئېچىلغان مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ياۋروپادىكى ئىتالىيىدىن جۇڭگودىكى بېيجىڭغا تۇنجى قېتىم كەلگەن ئەلچى. ماركوپولونىڭ پائال ھەرىكىتى بولغاچقا، ئاسىيا-ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى بۇ ئىككى چوڭ دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش چوڭقۇرلىشىپ، كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان.

## شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت تارقاتقۇچى

مىلادى 1275-يىلدىن 1292-يىلغىچە ماركوپولو يۈەن سۇلالىسىدە 17 يىل تۇرغان. دەسلەپتە يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىغا كىرىپ قۇبلەينى كۆرگەندىكى موركوپولو ياش، سۇمباتلىق بولۇپ، قۇبلەينى بەكمۇ زوقلاندۇرغانىدى. تارىخ كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە ياش ماركوپولو ئىنتايىن ئەقىللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىكەن، ئۇ يۈەن سۇلالىسىدا تېزلا موڭغۇل تىلىنى ۋە خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىۋالغان، خان ئوردىسىنىڭ ئەدەب-قائىدىلىرىنى ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ قانۇن-قائىدىلىرىنى پىششىق ئىگىلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئەمەلدارى بولغان. مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇ يەنە ياڭجۇنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن، ھەتتا، يۈەن سۇلالىسىغا ۋەكىل بولۇپ ۋېيېتنام، ھىندونېزىيىلەرگە ئەلچىلىككە بارغان. ئۇ جۇڭگو پادىشاھىغا ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرگەن، ئاسىيا-ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرغان، ماركوپولو قالدۇرغان «ماركوپولو خاتىرلىرى» ناملىق كىتابتىن ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى تارقىتىشتا ئىشلىگەن زور خىزمەتلىرىنى، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىساد-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئوينىغان رولىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ماركوپولونىڭ «ماركوپولو خاتىرلىرى» ناملىق كىتابىدا ئوتتۇرا، يېقىن شەرق رايونىغا جايلاشقان ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، دىنىي ئېتىقادى ۋە ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. ماركوپولو قەدىمكى چوڭ، كىچىك ئەرمىنىيە پادىشاھلىقىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن: ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئىچىدە چوڭ، كىچىك ئەرمىنىيە دۆلەتلىرى قاتتىق پەرقلىنىدۇ، كىچىك ئەرمىنىيە دۆلىتىنىڭ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرى تامامەن ئەلەمدارلار نەسەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا

ماھىر، ئەمما كۆپىنچىسى مەيخور. بۇ يەردىكى مىياسۇس پورتى ھەر خىل خۇش پۇراق بۇيۇملار، دورا ماتېرىياللىرى، يىپەك، يۇڭ توقۇلما بۇيۇملىرىنى ئالماشتۇرىدىغان پورت. شۇنداقلا ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ساياھەتچىلەرنىڭ ھەمىشە كېلىدىغان يېرى. چوڭ ئەرمېنىيە توغرىسىدا ماركوپولو مۇنداق يېزىپ قالدۇرغان: چوڭ ئەرمېنىيە پادىشاھلىقىنىڭ ئاھالىسىنىڭ كۆپىنچىسى يەرلىك ئەرمېنىيىلىكلەر. بۇ يەردە بىرخىل ئىنچىكە تالالىق رەخت ۋە باشقا پاختا رەختلەر ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. شىمالىي گرۇزىيە بىلەن چېگرىداش، ئەتراپىدا نېفىت قۇدۇقلىرى بار. بۇ خىل نېفىتتىن دورا ياساپ ئادەم ۋە ھايۋانلاردىكى تېرە كېسەللىكىنى داۋالىغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا يەنە يېقىلغۇ قىلغىلىمۇ بولىدۇ. ماركوپولو «ماركوپولو خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابىدا يەنە ئۆزى جۇڭگوغا كىرىشتىن ئىلگىرى بېسىپ ئۆتكەن دۆلەت ۋە رايونلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. تۈركمەنىستاندىن تۈرك ئېتى چىقىدۇ، يەنە تۈركمەنىستاندا ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر خىل رەڭدىكى گىلەملەر دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان. گرۇزىيە توغرىسىدا مۇنداق يازغان: گرۇزىيە قارا دېڭىز بىلەن ئىچكى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا. بۇ يەردە بېلىقچىلىق تەرەققىي قىلغان. ئاھالىسى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. يەنە بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ۋە يەھۇدىيلار. كىشىلىرى قىسقا چاچ قويىدۇ. زەر يىپلىق يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ماركوپولو "خاتىرىسى"دە ئىراقنىڭ باغدات شەھىرىنى مۇنداق تونۇشتۇرغان: بۇ ھەيۋەتلىك بىر شەھەر، شەھەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرىسىدىن بىر دەريا كېسىپ ئۆتىدۇ. بارسالادىن چىقىدىغان خورما دۇنيادا ئەڭ ئېسىل سورتلارنىڭ بىرى. توقۇمىچىلىق جەھەتتە كۆپىنچە زەر يىپلىق شايى ئىشلەپچىقىرىدۇ. يىپەك توقۇلمىلارمۇ بار. ماركوپولو پارس شاھلىقىنى تونۇشتۇرغاندا مۇنداق يازغان: پارس كۈچلۈك بىر دۆلەت. دۆلەت ئاھالىسى دەسلەپتىلا زەردۇش دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ماركوپولو خاتىرىسىدە يەنە ئۆزىنىڭ زەردۇش دىنىنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى تەكشۈرۈشىنىمۇ يېزىپ قالدۇرغان: پارسنىڭ ئۈچ شاھزادىسى خرىستىيان بىلەن كۆرۈشكەندە، ئەيسا ئۇلارغا بىر خالتا تاش ھەدىيە قىلغان، كېيىن تاشنى قۇدۇققا تۆككەندە يالقۇنجاپ كۆيگەن. ئۇلار بۇنى مۇقەددەس ئوت دەپ بىلگەن، ئۈچ شاھزادە ئوتتىن ئازراق ئېلىپ دۆلىتىگە تۆھپە قىلغان

ماركوپولو غەربتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى شەرققە تارقىتىش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە شەرقتە كۆرگەن-بىلگەنلىرىنىمۇ يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىدىكى رايونلارنى — بۇگۇنكى شىنجاڭدىكى قەشقەر، يەكەن، خوتەن، لوپنۇر قاتارلىق جايلاردىن تارتىپ گەنسۇدىكى خېشى كارىدورى، چىڭخەي، نىڭشيا ۋە ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. بۇ رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، خەلقنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇرغان. ئۇ خاتىرىسىدە مۇنداق يازغان: قەشقەرنىڭ ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ يەردە پاختا، زىغىر، كەندىر كۆپ تېرىلىدۇ. يەكەن چىرايلىق بىر شەھەر، خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. يەنە ئازراق خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد

قىلىدىغانلارمۇ بار. خوتەننىڭ شەرق، شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى دەريا قىنىغا مول قاشتېشى بايلىقى يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، بۇ يەردە پاختا تېرىلىدۇ، لوپنۇر بازىرى لوپنۇر قۇملۇقىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا جايلاشقان. بۇ يەردىكى چۆللۈكتە بىرەر تال گىياھمۇ ئۈنمەيدۇ، جىن-ئالۋاستىلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ. قۇملۇقتىن مېڭىۋەرگەندە شاجۇ (دۇنخۇاڭ) غا بارغىلى بولىدۇ، بۇ يەرنىڭ خەلقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. نۇرغۇن بۇتخانىلار بار. قىزىقارلىقى شۇكى، ماركوپولو ئۆز خاتىرىسىدە يەنە قۇمۇلدا تاشپاختا كۆرگەنلىكىنى يازغان. ئۇ مۇنداق يازغان: بۇ يەردىن بىر خىل ئوتتىن ساقلىنالايدىغان تاشپاختا چىقىدۇ. ئۇنى توقۇپ رەخت قىلسا، ئوتقا سالسىمۇ كۆيمەيدۇ، ئۇ قۇبلەيخاننىڭ مۇنداق ئوت رەختتىن ئىشلەنگەن داستىخاننى رىم پاپاسىغا ھەدىيە قىلغانلىقىنى، بۇ سوۋغاتنىڭ رىمدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. ماركوپولو كىتابىدا كەڭ سەھىپە ئاجرىتىپ يۈەن سۇلالىسىنىڭ خانى قۇبلەينى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. قۇبلەينىڭ شەھىرى، ئوردىسى، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئەھۋالىنى بايان قىلغان. بۈگۈنكى ئىلىم ساھەسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ماركوپولونىڭ «ماركوپولو ساياھەت خاتىرىلىرى» دە ئەينى چاغدىلا جۇڭگودا ئومۇميۈزلۈك كۆمۈر ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشىغا دىققەت قىلىشتى. ماركوپولو مۇنداق يازغان: پۈتكۈل كىدان رايونىدا بىرخىل قارا رەڭلىك تاش تېپىلدى، بۇ نەرسە كاندىن چىقىدۇ. يەر ئاستىدا بېسىلىپ ياتقىلى ئۇزۇن زامانلار بولغان. ئوت يېقىپ قويسىلا، كېچىدىن ئەتىسى ئەتىگەنگىچە كۆيىدۇ. ۋەھالەنكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەينى چاغدا ياۋروپادا تېخى كۆمۈر ئىشلىتىلمىگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان. ماركوپولونىڭ پۈتكۈل هايات پائالىيىتى ۋە ئۇ قالدۇرغان «ماركوپولو خاتىرىلىرى» دىن كۆرۈۋالالايمىزكى، ماركوپولو ناهايىتى ئادىل، ئوچۇق-يورۇق، سەمىمىي، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان ئادەم. ئۇ تارىختا شەرق-غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان.

## «ماركوپولو خاتىرىلىرى»نىڭ دۇنياۋى ئەهمىيىتى

«ماركوپلو خاتىرىلىرى» ساياھەت خاتىرىسى دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ خاتىرە تېپىدىكى جۇغراپىيە، تارىخ كىتابى. ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى مول، بۇ كىتابنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ۋە قايىل قىلىدىغان يېرى ئۇنىڭ ھەقىقىي ۋە توغرىلىقىدا.

تارىخ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ماركوپولو ئاخىرقى قېتىم جۇڭگودىن ئايرىلىپ، 1295-يىلى ئىتالىيىنىڭ ۋېنتسىيە شەھىرىگە قايتىپ بارغان، مىلادى 1298-يىلى رېنايا بىلەن ۋېنتسىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بەرگەندە، ماركوپولو بەختكە قارشى ئەسىرگە چۈشۈپ، رېنايادا تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ تۈرمىدە رۇستىيەن دېگەن بىر يازغۇچى بىلەن تونۇشۇپ قالغان. ئۆزى سۆزلەپ بېرىپ، رۇستىيەنگە يازدۇرۇپ، تۈرمىدە «شەرقتە كۆرگەن-بىلگەنلىرىم» دېگەن كىتابنى، يەنى «ماركوپولو خاتىرىلىرى»نى يېزىپ چىققان. مىلادى 1299-يىلى ماركوپولو قويۇپ بېرىلگەن. «ماركوپولو خاتىرىلىرى» 13-ئەسىرنىڭ

ئاخىرىدا كىتاب بولۇپ پۈتكەن، شۇنداق بولغاندا يېزىلغىنىغا 700 نەچچە يىل بولغان بۇ ئەسەرنى بۈگۈنكى رېئال جۇغراپىيىلىك شارائىت، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى بىردەكلىكنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، ئوتتۇرا يېقىن شەرقتىكى ئىراقتىن خورما چىقىدىغانلىقى، تۈركمەنىستاندىن چىقىدىغان تۈرك ئېتى ۋە گىلەمنىڭ پۈتۈن دۇنياغا تارالغانلىقى، گرۇزىيىدىن گەرىس شايىسى ۋە نېفىت چىقىدىغانلىقى، مۇسۇرىدا خۇشبۇي بۇيۇملار ۋە دورا بۇيۇملىرى مول ئىكەنلىكى، پارستىن پاختا شايى چىقىدىغانلىقى، ئوتقا چوقۇنۇش (زەردۇشلىك)، خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش دىنىي ئادەتلىرى قاتارلىقلار. بۇ بايانلارنى بۈگۈنكى مۇشۇ رايونلارنىڭ رېئال ماددىي تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى بىلەن سېلىشتۇرساق، نەقەدەر ئوخشاش ھە! تامامەن ئوخشاش دېيىشكە بولىدۇ. «ماركوپولو خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابتا خاتىرىلەنگەن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەينى چاغدىكى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى سىياسىي تۇرمۇش ئەھۋالى، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇبلەي ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى خاتىرىلەر ئاشۇ تارىخنى تەتقىق قىلىشتىكى ھەقىقىي ماتېرىيال بولۇپ، شۈبھىسىزكى، جۇڭگو تارىخى ۋە دۇنيا تارىخى تەتقىقاتىدا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

«ماركوپولو خاتىرىلىرى» دۇنيا بويىچە تۇنجى قىزىقارلىق كىتاب دەپ قارالغان. چۈنكى، ئۇنىڭدا غەرب ئەللىرى ئۈچۈن يىراق، سىرلىق بولغان شەرقتىكى چوڭ دۆلەت خاتىرىلەنگەن ـولۇپ، غەربتىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن شەرققە ئېكسپېدىتسىيىگە بېرىش، سىرلىق، يېڭى دۆلەتنى ئىزدەش، ئاسىيا-ياۋروپا ئىككى چوڭ قۇرۇقلۇقى ئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئېكسپېدىتسىيە نىشانى بولۇپ قالدى.

ماركوپولو ئۆز ۋەتىنى ئىتالىيىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئۆز يۇرتى ۋېنتسىيىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر، ئەمما، ئۇ ئۆز ھاياتىدىكى مۇھىم ياشلىق مەزگىلىنى جۇڭگودا ئۆتكۈزگەن. ئۇنى دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش-كېلىشتىكى ئۇلۇغ دوستلۇق ئەلچىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ جۇڭگو-ئىتالىيە خەلقىنىڭ دوستلۇق ئالاقىسى تارىخىدىكى خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان بىر پېشىۋادۇر.



# شەرەپلىك تەتقىقات، شانلىق ۋەزىپە

ش ئۇ ئا ر 12 مۇقام تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەھەتتە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

**ئىككى ئىلمىي جەمئىيەت تەرىپىدىن نەشرىگە تەييارلىنىپ، نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان كىتابلار، ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي پائالىيەتلەر**

«ئۇيغۇر 12 مۇقامى ھەققىدە» دېگەن كىتاب 1992-يىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

«يەكەندە ئېچىلغان مەملىكەتلىك 12 مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماتېرىياللىرى» ناملىق كىتاب 1992-يىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

«ئۇيغۇر 12 مۇقامى» ناملىق 12 كىتاب 1994-يىلى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا ئاتاپ نەشر قىلىنغان 30 كىتاب 1995-يىلى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ يېڭى نەشرى بولغان 13 توم كىتاب 1997-يىلى جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، لاتىنچە يېزىقلاردا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

«ئۇيغۇر 12 مۇقامى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق كىتاب 1997-يىلى جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا نەشر قىلىندى.

ھازىرغىچە ئىككى ئىلمىي جەمئىيەت تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، نەشر قىلىنغان كىتاب جەمئىي 60 خىل بولۇپ، ئومۇمىي تىراژى 77 مىڭ 800.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابلارنىڭ ئىلمىيلىكى بىرقەدەر يۇقىرى، مەزمۇنى ساغلام بولۇپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئىككى ئىلمىي جەمئىيەت 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا سەككىز قېتىم مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. بۇ يىغىنلارغا جەمئىي 913 ئالىم، مۇتەخەسسىس قاتناشتى. 278 پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىندى.

تەشۋىق قىلىش مەقسىتى بىلەن 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا تۆت تېلېۋىزىيە فىلمى ئىشلەندى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئېنگلىزچە، ياپونچە يېزىقلاردا 28 مىڭ پارچە مۇراجىئەتنامە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تارقىتىلىپ، 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى، ئىلمىي، رېئال ئەھمىيىتى كەڭ تەشۋىق قىلىندى.

ئىككى ئىلمىي جەمئىيەت تەرىپىدىن يەكەندە مۇقام ئۇستازى ئامانىساخاننىڭ قەبرىسى ياسالدى ۋە ھەيكىلى ئورنىتىلدى.

**جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 13 توم كىتاب توغرىسىدا**

بۇ 13 توم كىتابنىڭ سۈپەتلىك، ئىلمىي، سىستېمىلىق ئىشلىنىشى ئۈچۈن، دېموكراتىيە كەڭ قانات يايدۇرۇلۇپ، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن 18 قېتىم يىغىن ئېچىلىپ، پىكىر ئېلىندى. مۇزاكىرە قىلىندى، تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

1995-يىلى 5-ئايدا ئىككى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ، 11 تۈرلۈك ئىلمىي قائىدە، پرىنسىپ تۈزۈپ چىقىلىپ، ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بېكىتىلدى. «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» ناملىق كىتابنىڭ يېڭى نەشرى مۇشۇ ئىلمىي قائىدە، پرىنسىپلار بويىچە ئىشلەندى.

1995-يىل 9-ئاينىڭ 21-كۈنى 12 مۇقام كىتابىنىڭ تېكىستى، ترانسكرىپسىيىسى، تەرجىمىسى توغرىسىدا يىغىن ئېچىلدى. بۇ يىغىنغا ئىككى ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئالىم، مۇتەخەسسىسلەردىن 16 كىشى قاتنىشىپ، 12 مۇقام كىتابىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ۋە كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1996-يىلى 2-ئاينىڭ 28-كۈنى 12 ئالىم، مۇتەخەسسىس، كومپوزىتور، مۇزىكانتلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يېڭىدىن تەييارلانغان 12 مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ئاھاڭ بىلەن ماسلىشىدىغان-ماسلاشمايدىغانلىقى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. كومپوزىتورلار، مۇزىكانتلار تېكىستلەرنىڭ مۇزىكا ئاھاڭىغا ماسلىشىدىغانلىقىنى، تېكىستلەرنىڭ ياخشى ئاللانغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



1996-يىلى 4-ئاينىڭ 23-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىرنىڭ ئىشخانىسىدا 13 ئالىم، مۇتەخەسسىسنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يىغىن ئېچىلىپ، مۇقام تېكىستلىرىنىڭ ترانسكرىپسىيە مەسىلىسى ۋە ئابى چەشمە، ئىشرەت ئەنگىز، مۇستەھزاد توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

1996-يىلى 5-ئاينىڭ 13-كۈنى ۋەن تۇڭشۇ، نۇرمۇھەممەت سايىت، جۇ جى قاتارلىق 12 كومپوزىتور، مۇزىكانت ۋە ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن يىغىن ئېچىلىپ، "12 مۇقام كىتابىنىڭ يېڭى نەشرىدە 1994-يىلى نەشر قىلىنغان 12 مۇقام كىتابىنىڭ نوتىسى ئاساس قىلىنىدۇ، ئەمما ئىلگىرى كىتابلاردا بەش مۇقامنىڭ كۈي ئورنى مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى يېڭى نەشرىدە ئاشۇ بەش مۇقامنىڭ كۈي ئورنى تۈزىتىلىپ قايتىدىن ئىشلىنىدۇ" دېگەن مەسىلە قارار قىلىندى.

1996-يىلى 6-ئاينىڭ 23-كۈنى بېيجىڭدا يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى تۆمۈر داۋامەت ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن ھەم مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەردىن 15 كىشى قاتنىشىپ، 12 مۇقام تېكىستلىرىنىڭ يەشمىسى، ئىزاھاتى، لۇغىتى، ترانسكرىپسىيىسى ۋە تەرجىمىسى توغرىسىدا كونكرېت مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى.

1996-يىلى 7-ئاينىڭ 18-كۈنى بېيجىڭدا يىغىن ئېچىلدى. يىغىنغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەردىن 14 كىشى قاتنىشىپ، 12 مۇقام تېكىستلىرىنى ترانسكرىپسىيە قىلىشتا قايسى خىل ترانسكرىپسىيىنى قوللىنىش كېرەك؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلىپ، ئاخىرىدا لاتىن يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيىنى قوللىنىش قارار قىلىندى.

1996-يىلى 5-، 6-ئايلاردا ئۇرۇمچىدە يېڭىدىن تەييارلانغان 12 مۇقام تېكىستلىرىنى 50 نۇسخا بېسىپ 50 ئالىم، مۇتەخەسسىسكە تارقىتىپ پىكىر ئېلىندى. 7-ئايدا بېيجىڭدا 25 ئالىم، مۇتەخەسسىسكە تارقىتىپ پىكىر ئېلىندى. 7-، 8-ئايدا بېيجىڭدا شىنجاڭ ۋە بېيجىڭدىكى 75 ئالىم، مۇتەخەسسىستىن يىغىلغان پىكىرلەر ئاساسىدا 12 مۇقام تېكىستلىرى قايتىدىن تولۇقلاندى، تۈزىتىلدى.

1996-يىل 7-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە قاراماينىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىدا 12 مۇقامنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئابى چەشمە، ئىشرەت ئەڭگىز، مۇستەھزادلارنىڭ تارىخى، ئىلمىي ئاساسى تۆت قېتىم مۇزاكىرە قىلىنىپ كونكرېت ئىشلەش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭغا تۆمۈر داۋامەت ۋە بېيجىڭدا تۇرۇپ ئىشلەۋاتقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى.

دېمەك، 1995-يىلى 5-ئايدىن 1997-يىلى 1-ئايغىچە 12 مۇقام كىتابىنىڭ يېڭى نەشرى توغرىسىدا ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



بىلەن ئىلگىرى-ئاخىر 18 قېتىم چوڭ-كىچىك مۇزاكىرە، پىكىر ئېلىش، تۈزىتىش، ئورۇنلاشتۇرۇش يىغىنلىرى ئېچىلدى. بۇ يىغىنلارغا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ جەمئىي 385 ئالىم، مۇتەخەسسىس، كومپوزىتور، مۇزىكانت قاتناشتى.

**بۇ قېتىمقى 13 توم كىتابنىڭ ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن خىزمەتلەر**

بۇ قېتىمقى يېڭىدىن نەشر قىلىنغان 13 توم كىتابنىڭ تارىخى ۋە ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 11 ماددىلىق ئىلمىي قائىدە-پرىنسىپلار كەسپىي گۇرۇپپىلارنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، يەنى 10 ئالىم، مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان 12 مۇقامنىڭ تېكىستلىرىنى ئىشلەش گۇرۇپپىسى، بەش ئالىم، مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان تېكىست گۇرۇپپىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى، توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان 12 مۇقام نوتا گۇرۇپپىسى، سەككىز يۇقىرى دەرىجىلىك تەرجىمانلاردىن تەركىب تاپقان مۇقام تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسى، تۆت ئالىي تەرجىماندىن تەركىب تاپقان مۇقام تېكىستلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرپپىسى، ئۈچ مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان لاتىنچە ترانسكرىپسىيىنى ئىشلەش گۇرپپىسى، ئۈچ پروفېسسور، بىرىنچى دەرىجىلىك كومپوزىتوردىن تەركىب تاپقان 12 مۇقام نوتىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش گۇرۇپپىسى قاتارلىق يەتتە كەسپىي گۇرۇپپا تەسىس قىلىش ئارقىلىق 11 ماددىلىق ئىلمىي قائىدە-پرىنسىپلار ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. بۇ يەتتە گۇرۇپپىدىكى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر ۋە بېيجىڭدىكى بىر قىسىم مۇناسىۋەتلىك

كىشىلەر بولۇپ، جەمئىي 69 ھەر مىللەت ئالىم، مۇتەخەسسىس بۇ كىتابنى ئىشلەشكە قاتناشتى. بۇ ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر 1995-يىلى 5-ئايدىن 1996-يىلى 6-ئايغىچە ئۇرۇمچىدە 11 ئاي جاپالىق ئىشلىدى. خىزمەتنىڭ قەدەم-باسقۇچلۇق، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى، خەلقئارا ترانسكرىپسىيىنى مۇكەممەل ئىشلەش، خەلقئارالىق نوتىنى ئۆلچەملىك، سۈپەتلىك چىقىرىش ئۈچۈن، بېيجىڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ماسلىشىش، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتىنىڭ نەشر تەلپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەتتە گۇرۇپپىدىكى 20 يولداش ئىلگىرى-ئاخىر بېيجىڭدا 1996-يىلى 5-ئايدىن 1997-يىلى 2-ئايغىچە توققۇز ئاي جاپالىق ئىشلەپ ئىلمىي جەھەتتىن ئەجىر سىڭدۈردى.

بۇ قېتىمقى تەتقىقاتىمىزدىكى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر تەرەپ شۇكى، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا 12 مۇقامنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئابى چەشمە، ئىشرەت ئەنگىز، مۇستەھزادلار قايتا يورۇقلۇققا چىقتى. 18-ئەسىردە ئۆتكەن خوتەنلىك مۇقامشۇناس ئىسمەتۇللا ئىبنى مۆجىزى ئۆزىنىڭ «تارىخىي مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە مۇقام ئۇستازى ئامانىيساخانىنىڭ «ئىشرەت ئەنگىز مۇقامى» قاتارلىق تۆت ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان.

ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان "ئىشرەت ئەنگىز"، "ئابى چەشمە"، "مۇستەھزاد"تىن ئىبارەت بۇ ئۈچ ئەنگۈشتەر 1950-يىلى 3-ئايدا مەركىزىي كومىتېت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار تەشكىللىگەن گورۇپپا قەشقەرگە بارغاندا ئاتاقلىق مۇقام پېشىۋالىرىدىن قاسىم ئاخۇن ئەلنەغمىچى، روزى ئاخۇن قالۇنچىنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بىلەن سىمغا ئېلىنغان. كېيىنكى چاغلاردا قەشقەردە روزى ئاخۇن قالۇنچىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا كۆچۈرۈلگەن. 1952-يىلى بۇ ئۈچ ئەڭگۈشتەر ئىچىدىكى يەتتە ئاھاڭنى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئارخىپتا ساقلىغان. مۇشۇ پاكىت بويىچە ئابى چەشمە، ئىشرەت ئەڭگىز، مۇستەھزادنى قەدىمكى تېكىستلەر ئاساسىدا 13-كىتاب قىلىپ چىقاردۇق.

بۇ قېتىم جۈڭگو قاموس نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 13 توم كىتاب 12 مۇقامنىڭ ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلىنغان تولۇق تېكىستى، يەشمىسى، ئىزاھاتى، لۇغىتى، لاتىنچە ترانسكرىپسىيىسى، تارىخىي مەنبەسى، ۋەزىن كۆرسەتكۈچى، شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن 44 شائىرنىڭ تەرجىمىھالى، خەلقئارالىق نوتا، نوتا ئاھاڭ كۆرسەتكۈچى جەدۋىلى، تېكىستلەرنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى قاتارلىق 11 تۈرلۈك ئىلمىي سىستېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، زامانىمىزغا جاۋاب بېرەلىگۈدەك بىرقەدەر ئىلمىي ئاساسقا ئىگە كىتاب بولۇپ چىقتى. بۇ كىتاب ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، لاتىنچە، ئېنگلىزچە يېزىقلاردا ئىشلەندى. بۇنىڭدا تېكىستلەرنىڭ ئەسلىگە سادىق بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تۇردى ئاخۇن ئاكا، روزى تەمبۇر،

قاسىم ئاخۇن ئەلنەغمە، روزى ئاخۇن قالۇنچىلارنىڭ تارىختىن بىزگە ئەكەلگەن تېكىستلىرىنى نەۋائى، لۇتفى، زەلىلى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ 57 پارچە قولىيازمىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق 3292 مىسرا شېئىر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. 1960-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 12 مۇقامنىڭ نوتا كىتابىغا 240 ئاھاڭ نوتىسى كىرگۈزۈلگەن بولسا، بۇ قېتىم ئىشلەنگەن 13 توم كىتابىمىزغا 376 ئاھاڭ نوتىسى كىرگۈزۈلدى. 136 ئاھاڭ يېڭىدىن قوشۇلۇپ، 12 مۇقام ئاھاڭ نوتىسى بىرقەدەر تولۇقلاندى.

بىز 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، ھەر مىللەت ئالىملىرى بىلەن تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تارىخىي، رېئال ئەھمىيەتكە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئېسىل ئەسەرلەرنى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىرىپ، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا، جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىگە شان-شەرەپ كەلتۈرىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «بەھرام گور» داستانى توغرىسىدا

ئۇيغۇر شائىرى غېرىبى 18-، 19-ئەسىردىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ يېڭى ئۇسلۇبىنى ياراتتى.

«بەھرام گور» داستانى شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى دائىرىسىدىكى مەشھۇر داستانلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ داستاننى بۈيۈك يازغۇچىلاردىن ئۈچ كىشى ئۈچ خىل ۋارىيانتتا ئۈچ خىل ئىجادىيەت بىلەن يېزىپ چىققان. بۇ نۇسخا شائىر غېرىبى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن تۆتىنچى خىل ۋارىيانتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ داستاننى بىرىنچى قېتىم ئىجاد قىلغان كىشى ئەزەربەيجان شائىرى، مۇتەپەككۇر نىزامى گەنجەۋى (ئەسلى ئىسمى ئەبۇ مۇھەممەت ئىلياس ئىبنى يۇسۇپ) بولۇپ، 1141-يىلى ھازىرقى ئەزەربەيجاننىڭ گەنج شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1209-يىلى شۇ يەردە ۋاپات بولغان. "خەمسە" نامىنى ياراتقان ھەم دۇنياغا تونۇتقان كىشى مۇشۇ بولۇپ، بۇنىڭ "خەمسە"سى ئىچىدىكى بىر داستان مۇشۇ «بەھرام گور» داستانى ئىدى، نىزامى گەنجەۋىنىڭ «خەمسە» سى شەرق خەلقلىرى ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن خىسراۋ دېھلەۋى بەش داستاندىن ئىبارەت بىر زور شېئىرىي ئەسەر ئىشلەپ، ئۇنى نىزامى گەنجەۋىنىڭ «خەمسە»سىگە تەقلىد قىلىپ دۇنياغا ئېلان قىلغان ۋە مۇشۇ

«بەھرام گور» داستانىنى بەش داستانىنىڭ بىرى قىلىپ ئالغان.

خىسراۋ دېھلەۋى — ھىجرىيە 651-يىلى (مىلادى 1253-يىلى) كەش شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن، ھىندىستاندا ئۇزاق مۇددەت تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ھىجرىيە 725-يىلى (مىلادى 1325-يىلى) 72 يېشىدا دېھلىدە ۋاپات بولغان.

ئۇلاردىن 100 يىل كېيىن ئەلىشىر نەۋائى كۆچلۈك قەلىمىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنىڭ پارس تىلىدا يازغان خەمسىلىرىگە قارشى چاغاتاي تىلىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ نەمۇنىسى بولغان "خەمسە"سىنى (1483-يىلدىن 1484-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە) يېزىپ چىققان ۋە ئۆز "خەمسە"سىدە ئۇلارنىڭ «بەھرام گور» داستانى ئىجادىيىتىدىكى بەزى ئېھتىياتسىزلىقلىرىنى كۆرسەتكەن. بۇ نەۋائى "خەمسە"سىدىكى «بەھرام گور» داستانىنىڭ 15-بەت 7-، 8-، 9-قۇرلىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ:

ئول ئىكاۋ ئۇستاز ماھىر ئىدى،
كۆپ ماھارەت ئولەردە زاھىر ئىدى.

چۈن تۈزۈپ بوبسىنات، ئۆتمىشلەر،
قىلمايىن ئېھتىيات، ئۇنۇتمىشلەر.

بەس دېيالماق سەھۋلەر تۆتمىشى،
بى خەبەر توشمىسى، ئول ئەگەر توشمىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كىم بۇ دەفتەرگە بەردىلەر مىلك زىب، (زىننەت)
باشىدىن تا ئاياغ فىسون-فىرىب؟ (مىكىر-ھىيلە)

ياساغانىدا بۇ تورفە ئەپسانە، (ئاجايىپ)
جەزمىدىن ئەيلەپ ئۆزىنى بىگانە.

نەچە نەۋ ئىشنى قىلدىلەر تەقسىر،
گەر تۇتارسەن قۇلاق، قىلاي تەقدىر.

نەۋائىي يەنە، ئۆز خەمسەسىدىكى «پەرھاد-شىرىن» داستانىنىڭ 9-بەت 1-قۇرىدا، يەنى ئايغىدىن ساناپ 2-بەتنىڭ 7-، 8-قۇرىدا، 2-بەت 3-، 4-رەتنىڭ 8-، 9-قۇرىدا نىزامى گەنجەۋى، خىسراۋ دېھلەۋىنىڭ ئۆز "خەمسە"لىرىنى پارس تىلىدا يازغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ بولسا خەلقىنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن چاغاتاي تىلىدا يازغانلىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن:

ئەمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،
نىزامى پەنجەسىگە پەنجە ئۇرماق.

نىزامى ئالسا بەردە بىرلە گەنجە،
قەدەم رۇم ئەھلىغە ھەم قىلسا رەنجە.

چېكىپ خىسراۋ داغى تېخى زابانى،
يۈرۈپ فەتھە ئەيلىسە ھىندوستانى.

يەنە جىمى ئەجەمدە ئۇرسا نەۋبەت،
ئەرەبىدە چالسا داغى كوسى شەۋكەت؛

ئەگەر بىر قەۋم، گەر يۈز يوق مىڭدۇر،
مۇئەييەن تۈرك ئۇلۇسى ھەم مىڭدۇر.

نەۋائىيدىن كېيىن غېرىبى نەۋائىينىڭ "خەمسە"سىدىكى «بەھرام گور» داستانىنى قىسقارتىپ، خەلق چۈشىنىدىغان تىل ئۇسلۇبىغا ئايلاندۇرۇپ، يېڭى ۋەزىن، يېڭى قاپىيىدە يېڭى بىر «بەھرام گور» داستانىنى بىزگە يادىكار قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن. بىز كىتابخانىلارغا سۇنۇۋاتقان بۇ «بەھرام گور» داستانى — غېرىبى يېزىپ قالدۇرغان قولىيازما يادىكارلىقىدۇر.

## غېرىبى

بۇ كىشىنىڭ ئىسمى تۇردۇش ئاخۇن، تەخەللۇسى غېرىبى بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ XIX ئەسىردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ 1802-يىلى قەشقەر شەھەر ئىچىدە كاسىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، مەكتەپتە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئاتىسىغا ياردەملىشىپ سەرگەزچىلىك قىلغان، ھاياتى شۇ كەسىپ بىلەن ئېغىرچىلىقتا ئۆتكەن.

غېرىبى زوھورىدىن ھېكىم بەگ زامانىسىدا ياشىغان. زوھورىدىن ھېكىم بەگ تۇرپان بىلەن قەشقەرنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى 1759-يىلدىن 1826-يىلغىچىلىك 67 يىل ئۆز قولىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توتۇپ تۇرغان ۋاقىلار ئەۋلادىدىن بولۇپ، ۋاقىلار ئىچىدە خېلى تەرەققىيپەرۋەر كىشى ھېسابلانغان. ئۇ ئۆز ئەتراپىغا ئىقتىدارلىق ئىلىمىي كىشىلەرنى توپلىغان. شۇ جۈملىدىن بىر كاتىبات گۇرۇپپىسى قۇرغان. ئۇنىڭغا ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، نورۇز ئاخۇن زىيائى باشلىق شائىرلار قاتناشقان، غېرىبى شۇ گۇرۇپپىدا كاتىپلىق خىزمىتىدە بولغان. ئۇنىڭ ئۆمرى قاچان ئاخىرلاشقانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، لېكىن زوھورىدىن ھېكىم بەگ قەشقەر سېپىلىنى سوقتۇرغان چاغلاردا ھايات ئىكەنلىكىنى ئەھمەت زىيائىنىڭ «رابىيە-سەئىدىن» داستانىنىڭ 94-بېتىدىكى مۇنۇ بىرنەچچە بېيىتتىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ:

بۈيۈك ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنى،
كۆمۈلگەن بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ يېرىنى؛

قىلىپ كەلگەن ھەمىشە سەيرگاھى،
تونۇپ ئۇ يەرنى ئىلىمنىڭ بارگاھى.

بۇ داستانى يېزىش ئەسناسىدا مەن،
بولۇپ بۇ جاينى بىر كۆرمەككە زەۋقمەن؛

زىيارەت قەستىدە چىقتىم ئوپالغا،
كۆزۈم چۈشتى ئۇ جايدا ئىشكتە شالغا.

ئىكەن ھەر ياققا نۇرغۇن خەت يېزىلغان،
بولۇپ ساق بەئىزىسى-بەئىزى بۇزۇلغان.

ئىشىكنىڭ شىپىدا شۇ خەت كۆرۇلدى،
ئۇنى دەپتۇ «غېرىبى» دىن يېزىلدى.

ئۆچۈپ كەتمەي تۇرۇپتۇ خەت ئۆزى ساق،
غېرىبنىڭ يېزىپ قالدۇرغىنىنىڭ ئەينى مۇنداق:

"ئۇمىد بىرلە كېلىبمەن دەرگاھغا پادىشاھىم داد،
بۇ فەقىرۇ زار بىرلە ئەرز قىلدىم، قىلماغىل بەرباد."

موللا تۇردۇش ئاسى كاشغىرى،
كېيىن قانچىلىك ياشىدى، ئۇ مەئلۇم ئەمەس.

## غېرىبنىڭ ئىجادىيتى

تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى ئۆز دەۋرىدە بىرقانچە چوڭ ئەسەرلەرنى يازغان. بۇنىڭ بىرى «كىتاب غېرىبى» بولۇپ، بۇ 2150 مىسرا. بۇنىڭدا 32 خىل كەسىپنى بىر-بىرى بىلەن مۇنازىرىگە سېلىش ئارقىلىق ھەرقايسىسىنىڭ ئارتۇقچىلىق-كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. يەنە بىرى «بەھرام گور» داستانى بولۇپ، نەۋائىنىڭ «بەھرام گور» داستانىنىڭ قىسقارتىلمىسىدىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭ ئەسلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قولىيازما نۇسخىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى كىتابلارنى يىغىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ئىشخانىسىدا ساقلانغان ۋە 1838-يىلى كۆچۈرۈلگەن. كىتاب خەتتى فارسى بىلەن ئوتتۇرا هال چىرايلىق يېزىلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 40، توغرىسى 26 سانتىمېتىر، ئومۇمىي 5. 59 بەت. هەر بەتتە تۆت رەت بار. هەر رەتكە 17 مىسرا يېزىلغان. داستان جەمئىي 4032 مىسرا. نەۋائىينىڭ "خەمسە"سىدە بۇ داستان 10 مىڭ 174 مىسرا ئىدى. غېرىبى قىسقارتىپ، تەخمىنەن ئۈچتىن بىرىنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر پۈتۈنلەي يېڭى بىر ئىجادىي ئەسەردۇر. چۈنكى نەۋائىينىڭ يازغىنىنىڭ ۋەزنى فائىلاتون مەفائىلون، فەئىلاتون بولۇپ، ئارۇزنىڭ بەھرى خەفىق (يېنىك ۋەزىن) دېگەن بەھرىدە ئىدى، نىزامى گەنجەۋىنىڭ «هەفتە فەيكىرى» (7-سۈرەت)، خىسراۋ دېھلەۋىنىڭ «هەشت بىهىشت» (سەككىز بىهىشت) دېگەن ئەسەرلىرىمۇ مۇشۇ ۋەزىندە يېزىلغان. ئەمما غېرىبىنىڭ يازغىنىنىڭ ۋەزىن بەھرى مۇتەقارىپ مۇسەممەنى مەھزۇپ (ئايىغى ئۈزۈك سەككىزلىك مۇتەقارىپ ۋەزىن) فەئولون، فەئولون، فەئولون، فەئول... ۋەزنىدە تۈزۈلگەن. هەربىر مىسرا ۋەزىن، قاپىيە جەھەتتىن نەۋائىينىڭكىدىن پۈتۈنلەي باشقا بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ۋەزنىگە ئوخشايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىمۇ مۇشۇ ۋەزىندە يېزىلغان. مەسىلەن:

262 بىلىمسىزگە تۆردە ئورۇن بولسا كۆر،
بۇ تۆر بولدى پەگا، پەگا بولدى تۆر.

263 بولۇپ قالسا پەگا ئالىمغا ئورۇن،
بۇ پەگا بولۇر تۆر تېخى ئەڭ بۇرۇن.

2603 ئەي ئەقلى تولۇق ئەر، بىلىملىكنى بىل،
بىلىملىك كىشىنى سەن ئەلنىڭ چوڭى قىل.

غېرىبى مۇشۇ ۋەزنىدە مۇنداق يازغان:

بۇ سۆزنىڭ تەۋلىنى قىلساڭ ھەۋەس،
ئاچىپ كۆر نەۋائى كىتابىنى بەس؛

ئەگەر ئىستەسەڭ پىرنىڭ كەسپىنى،
نەۋائى كىتابىدا كۆر ۋەسفىنى.

يەنە بىر ياقتىن، نەۋائىنىڭ داستانى شىۋە، ئۇسلۇب جەھەتتىن يۇقىرى سەۋىيىلىك كىشىلەر چۈشىنەلەيدىغان قىلىپ يېزىلغان. ئەمما غېرىبى پۈتۈنلەي ئاممىباب قىلىپ، خەلققە چۈشىنىدۇرۇشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلىپ، ھەربىر مىسرانى باشقىدىن تۈزۈپ چىققان. غېرىبىنىڭ مۇشۇنداق قىلىشى ئەدەبىي تىل تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن. چۈنكى، ئەدەبىي تىل ئومۇمىي خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئاساسىدا ۋۇجۇدقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلگەن، ھەربىر دەۋردىكى ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشى شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ ئەدەبىيات تارىخى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ.

دېمەك، ئەسىرلەر داۋامىدا ئىچىمىزدىن ئىچىمىزگە، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈرۈلۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەن، ئۇزاق دەۋرلەر داۋامىدا بېيىغان، تاكامۇللاشقان، ئومۇمىي خەلققە تونۇشلۇق بولغان ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئەدەبىي تىل تەرەققىياتىمىز مانا مۇشۇنداق باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

غېرىبىي نەۋائىنىڭ «بەھرام گور» داستانىنى مۇنداق ئەسلىتىپ ئۆتىدۇ:

ئانىڭ ۋەسفىنى قىلمادىم مەن گادا،
نەۋائى كىتابىدا قىلمىش ئادا.

73-بەت يۇقىرىدىن 2-قۇردا:

ئەگەر كۆرمەك ئىستەر بولساڭ زۇلفۇخال،
نەۋائى كىتابىنى ئىلكىڭگە ئال.

غېرىبى بۇ داستاننى يېزىشتا مۇقەددىمە بەرمىگەن، ئۆزىنىڭ بۇ داستاننى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق يازغانلىقىنى ئوچۇق سۆزلىمىگەن. ئاخىرىغا خاتىمىمۇ بەرمىگەن. بۇنى ئۆزى شۇنداق قىلغانمۇ ياكى كېيىن كۆچۈرگۈچى كاتىپ تەرىپىدىن باش-ئايىغى

تاشلاپ قويۇلغانمۇ، بۇ مەلۇم ئەمەس. ئەگەر تۆۋەندىكى مىسرالار داستان ئىچىدە بولمىغان بولسا، بۇ داستاننىڭ غېرىبى ئىجادىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. ئۇ مىسرالار مۇنداق:

ئەسلى نۇسخا 72-بەت 5-قۇردا:

غېرىبى جاھان ئىچرە يوقتۇر كۆشاد،
بۇ ۋادى ئارا ئەيلا گىل ئېھتىيات.

ئەسلى نۇسخا 78-بەت 2-قۇردا:

غېرىبى فانا دەشتىغە قىل خىرام،
جاھان شۇغلىدىن قالمىغىل ناتامام.

ئەسلى نۇسخا 91-بەت 6-قۇردا:

غېرىبى قويۇپ يولغا تەييار بول،
ئەگەر مۇمكىن ئولسا سىبوكبار بول.

غېرىبىنىڭ قايتا ئىشلىگەن بۇ ئەسىرىدە نەۋائىنىڭكىگە ئوخشاش يۇقىرى پاساھەتلىك شېئىرىي گۈزەللىك يېتەرسىز بولۇپ، ئوبرازلىقنىڭ ئاساسى ئادەتتىكىچە بىر يۇرۇش-بىر يۇرۇش ۋەقەلىكنىڭ يەنى 24 ۋەقەلىكنىڭ مىسرالىرىغا يىغىنچاقلانغان، تەپەككۇر ئارقىلىق قىلىنغان كىنايە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوخشىتىش جەھەتتىكى گۈزەللىك ھەرقايسى مەزمۇنلاردىكى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ ئىچىگە سىڭدۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ۋەقەلىكنى ئىلگىرى سۈرگۈچى بايانلاردا شېئىرىي تىللارنى ئاممىباب قىلىش ئۈچۈن، ئادەتتىكى تۇرمۇش تىللىرىغا سۆژىتى بىرقەدەر ئاددىي بولۇپ، چوڭ بولمىغان بۇ سۆژىتلارنى 4032 مىسراغا ئورۇنلاشتۇرغان، ۋەقەلىكنى بىر-بىرىگە كىرىشتۇرۇپ، ئـاددىـي ئۇسلۇب بىلەن ناھايىتى ئاستا تەرەققىي قىلدۇرغان. شۇڭلاشقا مۇتلەق كۆپ ساندىكى بېيىتلار بىر خاراكتېردىكى ۋەقەنى ئـۆز نـۆۋىـتى بويىچە يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت ئىشتىياقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈنلا مەلۇم ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى ئاساس قىلغان.

چـۈنـكـى ئـەھـۋالـىنىڭ مۇشۇنداق بولۇشى بۇ داستاننىڭ تەسەۋۋۇر ھېكايە خاراكتېرىدىكى يۆنىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئىلمىي پوزىتسىيە، تەرجىمە ياكى نەشرگە تەييارلىنىدىغان ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئەينەن ئىشلەشنى تـەلـەپ قـىـلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنداق داستان، ئەسەرلەر ئېنىق بولۇش كاپالىتىگە ئىگە بولۇش لازىم.

ھەرقانداق بىر بەدىئىي ئەسەر، بولۇپمۇ نەزمىي ئەسەرلەر ئۆز مـاھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەزمۇن قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئادەتتىكىچە بايان قىلىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ.

قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسى ياكى نەشرگە تەييارلىنىشى پـەقـەت ئـەسلى ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىك ۋە مەزمۇن جەھەتتىكى كۆچۈرمىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا قوشۇپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس. يەنى ئۇنىڭدا پەقەت ئەسلى ئەسەر، داستاننىڭ مەزمۇنى شۇ پېتى

ئىشلىنىپلا قالماي، بەلكى ئەسلى ئەسەردىكى شېئىرىي گۈزەللىكمۇ ئەينى بويىچە ساقلانغان بولۇشى كېرەك.

مەن ئۆتكەندە، XVIII ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان «دىۋان مەشھۇرى»نى، XVI ئەسىرگە مەنسۇپ بولغان «دىۋان قىدىرنىڭ مۇقەددىمىسى»نى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدىكى بەزى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، بۇ قېتىم «بەھرام گور» داستانىنى نەشرگە تەييارلىدىم، كەڭ كىتابخانلارنىڭ پىكىر ۋە تۈزىتىش بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن،

سەۋەبى ئۇيغۇر شائىرى غېرىبى 18-، 19-ئەسىردىكى ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ يېڭى بىر ئۇسلۇبىنى ياراتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر: ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور: خۇدابەردى خېلىل

مەتتىمىن يۈسۈپ

# ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن تامچە

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ،
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010-64290862)
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: دىشىن باسما زاۋۇتى
2000-يىل 7-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
2000-يىل 7-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 20.00 يۈەن